K 294.5/81

9380

# ئەدىب-سەنئەتكارلىرىمىز شەجەرىسى

(شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى 37)

1009380

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلدار ئەزىز
مۇھەررىرى:
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى (37)

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر
كومىتېتى تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 9
1994 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1994 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 24,00
ISBN 7—228—02735—3/K·286
باھاسى: 3.00 يۈەن

## مۇندەرىجە

تىلەك ۋە ئۈمىد.................. ئىبراھىم روزى
(جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئار كو-
مىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) ..............................
— شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 70 ياشقا توشقانلىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «ئا. ئۆتكۈر ئەسەرلىرى
ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى» دا سۆزلەنگەن سۆز.......... 1
«12 مۇقام» نىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىش جەريانى توغرىسىدا
ئەسلىمە.................................... ۋەن تۇڭشۇ
ئابدىرىشىت ھاپىز تەرجىمىسى .............. 9
شىنجاڭ كىنو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا
.................... نۇر مەھەممەت زامان ... 36
30 - يىللاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى
ھەققىدە ....................مۇھەممەت ئەيسا 88
سەھنە ھاياتىمدىن قىسقىچە ئەسلىمە ..................
.............................. زەينەپخان سىدىق...
رەتلىگۈچى: مەھەممەت ئەيسا 125
ئاتاقلىق ماناسچى يۈسۈپ ماماي..........................
............................ توقۇبۇبۇ ئىسھاق قىزى... 155
ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ..................
.............................. ئىمىنجان ئەخمىدى... 199
نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىنى ئەسلەيمەن ..........

........ئەرشىدىن تاتلىق...... 226
ئىلغار مائارىپچى، دراماتورگ ئابدۇللا روزى
توغرىسىدا........ تۇرسۇن بارات...... 248
مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات
ئەھۋالى........ مۇتەللىپ سىيىت، ئادىل مۇھەممەت...... 255
قۇتلۇق كۈندىكى ئالقىش سادالىرى ......مەمەت ئەيسا...... 279

نەزەرىيە تەتقىقاتى

# تىلەك ۋە ئۈمىد

ئىبراھىم روزى

(جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ش ئۇ ئا ر كومىتې-تىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

ھۆرمەتلىك خانىملار، ئەپەندىلەر، يولداشلار:

بۈگۈن بىز ئۆزىنىڭ مېھنەت ئەجرى ۋە ئەقىل-پاراسى-تى بىلەن خەلقىمىزگە كۆپلەپ مەنىۋى ئوزۇق بەرگەن، ۋەتى-نىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە ئۆچمەس شان-شەرەپلەرنى كەلتۈر-گەن ئالىم، شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا توشقانلىقىنى قۇتلۇقلاش ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يەرگە جەم بولدۇق. مەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 7-نۆۋەتلىك كو-مىتېتىغا ۋە سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشىغا، زامانىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئالىمى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئىجادىيىتىنىڭ تېخىمۇ مول بولۇشىغا چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1923-يىلى قۇمۇل شەھى-رىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1942-يىلى سابىق شىنجاڭ شۆيۈەن

نىنىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان ئاساسەن ئىلىم-پەن ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئىلگىر-ئاخىرى بولۇپ ئوقۇتقۇچىلىق، مۇھەررىرلىك، تەرجىمانلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئاكتىپ ھىمايە قىلدى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆز ئىقتىدارىنى ئىزچىل ھالدا جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت، تىل-تەرجىمە، تىل تەتقىقاتى ئىشلىرى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىم-پەنگە ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، تېخىمۇ دادىل بولۇش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى. پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئاساسىي لۇشيەنىگە قىزغىن ئاۋاز قوشتى؛ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر خىل ئەمىر-پەرمانلىرىغا يېقىندىن ماسلاشتى. جەمئىيىتىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن بىرلىكتە، پارتىيىنىڭ كەڭ بىرلىك سەپ تۇغى ئاستىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈردى. پارتىيىمىزنىڭ يېقىن دوستلىرى قاتارىدا سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىغا ئەزا بولۇش جەريانىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى، مىللىي مائارىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيىتىمىزدە مەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ مەكتەپ مائارىپىدا ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى



ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە ماسلىشىپ، چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە كۆپ قىممەت تەكلىپ لايىھىلىرىنى سۇنۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشتى.

تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمىتى سىياسىي كېڭەش بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ جەمئىيەتتىكى كۆپنى كۆرگەن كىشىلەرنى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن ھەرخىل مۇھىم ۋەقەلەر ۋە شۇ دەۋر، شۇ زامانغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى رەتلەپ، تەھرىرلەپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ھازىرقى زامان ياشلىرىنى ئۆتكەن تارىختىن خەۋەردار قىلىش، كەلگۈسىدىكى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال تەييارلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىغا ئەزا بولۇش جەريانىدا، كومىتېتىمىزنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. كومىتېتىمىزنى تارىخىي قىممىتى بىرقەدەر چوڭ بولغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، كومىتېتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆپ قىممەت ئىجادىي پىكىرلەرنى بېرىپ، كومىتېتىمىزنىڭ خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە ياردەملەشتى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پارتىيىمىز بىلەن بىردەكلىكىنى ساقلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىل-

دى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ۋە ئىلمىي پىكىرلىرىنى ھەرخىل توغرا يول ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ھەرخىل سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىشىغا ياردەملەشتى. ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشتىن ئىبارەت تارىخ ئۆز زىممىسىگە يۈكلىگەن شەرەپلىك ۋەزىپىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلدى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل گۈزەل خىسلەتنى مەيلى شېئىرىي داستانلىرىدا بولسۇن ياكى يىرىك ئەسەرلىرىدە بولسۇن ئالاھىدە ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەپ كەلدى.

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنى قايتا ياشناتتى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى قىسقىغىنا 15 يىل ئىچىدە خەلقىمىزگە كۆپلەپ مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىلمىي مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەرجىمە - تەھرىرلىك خىزمىتىگە قاتناشتى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلەشتە پېشقەدەم ئالىم ئەخمەت زىيائى بىلەن بىرلىكتە مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇنىڭدىن سىرت مەزكۇر ئىنككى بۈيۈك ئەسەر، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر مەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدا 30 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدۇردى. بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇناسىۋەتلىك يىغىنلاردا ئوقۇلۇپ، كۆپچىلىكنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 40 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. مۇشۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ 500 پارچىدىن ئوشۇق شېئىرى ئېلان قىلىندى. بۇ شېئىرلاردىن تاللانغان ئۈچ توپلام ۋە ئىككى داستان نەشر قىلىندى. داستانلاردىن «قەشقەر كېچىسى» 1981 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇنجى قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپات يىغىنىدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» دىن ئىبارەت ئىككى پارچە تارىخىي رومانى ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى كەڭ كىتابخانلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. ئا. ئۆتكۈر ئەپەندى يەنىمۇ زور ئىجادىي غەيرەت بىلەن يېقىندا يەنە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، ھەتتا خەلقئارادىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۈچىگە ئىگە.

ئۇ 1986 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لوس ئانژېلىس شەھىرىدە 14 دۆلەت ئالىملىرى قاتناشقان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا جۇڭگو ئالىملىرىغا ۋەكالىتەن قاتنىشىپ، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە جۇڭگو دىنىي تەتقىقات ئەھۋالى توغرىسىدا ئىلمىي لېكسىيە بايان قىلىپ، دۇنيا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭلارلا ئەمەس، ھەتتا ياش - ئۆسمۈرلەرمۇ ناھايىتى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ بىرمۇنچە شېئىرى ۋە نەسرىي پارچىلىرى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر

قىلىنغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، بىر قىسىم ئەسەرلىرى چەت ئەللەردە ياپون، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز ۋە تۈرك تىللىرىدا نەشر قىلىندى.

پارتىيىمىز ئەزەلدىنلا ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەيدۇ، بىلىمنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىنى ئەزىز كۆرىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز خۇددى ئۆز پەرزەنتىنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن سۆيۈنگەندەك سۆيۈنۈپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا سورۇن راسلاپ بەردى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇتۇقلىرىغا يۈكسەك باھالارنى بەردى.

1981 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ھەممە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەتقىقاتچىلىق ئۇنۋانى بېرىلدى.

1990 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخ ماتېرىياللىرى يۇرتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ بىلەن تەيىنلەندى. ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 5 - ، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى؛ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى؛ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى؛ شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى؛ شىنجاڭ «12 مۇقام» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ شىنجاڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ شىنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىرنەچچە قېتىم «مۇنەۋۋەر كەسپىي تېخنىكا



خادىمى» دەپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ يۇقىرىقىدەك ئىلمىي تەشكىلاتلاردا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم - پەن دەۋرىنىڭ كىشى پەخىرلەنگۈدەك ئەزاسى بولۇپ قالدى.

بىزنىڭ سىياسىي كېڭەش ھەر ساھە زاتلار توپلانغان، بولۇپمۇ زىيالىيلار توپلانغان ئورۇن. زىيالىيلار كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تەخمىنەن 80% نى تەشكىل قىلىدۇ. سىياسىي كېڭەش ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا مەسلىھەت بېرىش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتا زىيالىيلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىشنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدۇ. شۇڭا، زىيالىيلارنىڭ تۆھپىسىنى باھالاپ، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ناھايىتى مۇھىم، بۇ ھەم ئىلىم - پەننى، زىيالىيلارنى قەدىرلىگەنلىكىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، پەيتى كەلگەندە مۇشۇنداق يىغىنلارنى يەنە داۋاملىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز مۇمكىن.

خانىملار، ئەپەندىلەر، بىز مۇشۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن شۇنداق قارايمىزكى، خەلقىمىزنى باياشات يولغا باشلاش ئۈچۈن ئىسلاھات ئېلىپ بارىدىكەنمىز، جەمئىيىتىمىز تىنچ، مۇقىم، ئىتتىپاق بولغان ساغلام مۇھىتقا موھتاج بولىدۇ. پەقەت مىللەتلەر تەڭ، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشقاندىلا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېز تەرەققىي قىلىدۇ. مەدەنىي ماتارىپ، ئىلىم - پەن ئىشلىرىمىزدا زور يۈكسىلىشلەر بولىدۇ. شۇڭا، بىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ، مۇشۇ دەۋرىمىزدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىدەك ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن، ھازىرقى بار بولغان ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ

ئۆز قابىلىيەتلىرىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشلىرى ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى.

بىز بۈگۈنكى مۇشۇ سورۇنىمىزدىن پايدىلىنىپ بارلىق ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىدەك تىرىشچانلىق بىلەن ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋەتىنىنىڭ ئىستىقبالىنى ۋە تەرەققىياتىنى كۆزلەشنى ئۆزىنىڭ ياشاشتىكى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىشتەك يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن ئۆگىنىپ، خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئىلىم-پەن مېۋىلىرىنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئىلىم-پەن خادىملىرىدىن پېشقەدەملىرىمىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، ئوتتۇرا ياشلىقلارغا سالامەتلىك، ياشلىرىمىزغا كەمتەرلىك ۋە تىرىشچانلىق تىلەيمىز. تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىق ۋە ئۇتۇقلار تۇرمۇشىڭىزلارغا يار بولغاي.

ئاخىرىدا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئىجادىيەتلىرىگە يېڭىچە ئۇتۇق تىلەيمىز.

سۆزۈم تامام. كۆپچىلىككە رەھمەت!

# «12 مۇقام» نىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىش جەريانى توغرىسىدا ئەسلىمە

ۋەن تۇڭشۇ

«12 مۇقام» نى قۇتقۇزۇپ قېلىش جەريانىدىكى ئىشلارنى ئەسلەشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن «12 مۇقام» نىڭ قانداق مۇزىكا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى نېمە ئۈچۈن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بولغانلىقىمىزنى سۆزلەش زۆرۈر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مەزمۇنغا ئىگە ئەنئەنىۋى ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى ئىچىدە «مۇقام» دېگەن كلاسسىك مۇزىكىسى بار، «مۇقام» چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇللۇق مۇزىكا بولۇپ، شىنجاڭدا كەڭ تارالغان. مۇقامنىڭ قۇرۇلمىسى، ئاھاڭى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدىكى «مۇقام» نىڭ گەۋدە قۇرۇلمىسى ئەڭ چوڭ، ئاھاڭ رېتىمى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا تارقىلىپ يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان. مەيلى توي-تۆكۈنلەردە، زىياپەت ھەم ئولتۇرۇشلاردا بولسۇن، ياكى ئومىدىن كېيىنكى دېھقانلارنىڭ كەچكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئادەت خاراكتېرلىك ھەشەمەتلىك سورۇنلاردا بولسۇن، مۇقامنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى، شۇنداقلا كىشى-

**مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى**

لەرنىڭ خۇشال - خۇرام ھالدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، شۇڭا ھەممە كىشى «12 مۇقام» نى ئۇيغۇر مىللىتى مۇزىكىسىنىڭ «ئانىسى» دەپ مەدھىيىلەيدۇ. ناخشا، شېئىر، مۇزىكا ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ سىر يۇرۇش ئۇنىۋېرسال سەنئەت — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشىلىرى، مۇزىكىلىرى، بايان خاراكتېرلىك مۇزىكىلىرى قاتارلىق كۆپ خىلدىكى مۇزىكا، ئۇسسۇلۇبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناخشا تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئاساسلىقى تارىختا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودال كۈچلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ۋە يورۇقلۇققا، بەختلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلگەن كۈچلۈك ئارزۇسى بايان قىلىنغان. ئۇ جەمئىي 12 قىسىم بولۇپ، باشتىن-ئاخىر بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشقا 19 سائەت ئۆپچۆرىسىدە ۋاقىت كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى تېپىلغۇسىز گۆھەرلەرنىڭ بىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقى دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ بىر يۈرۈش مۇزىكا مىراسلىرىدا بىرقانچە قېتىم چېكىنىش ۋە گۈللىنىش بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە قەشقەر رايونى بويىچە «12 مۇقام» نى بىرقەدەر تولۇق ئوقۇپ چالالايدىغان خەلق مۇزىكانتلىرىدىن ياشىنىپ قالغان ئىككىلا بوۋاي بار ئىدى. شۇڭلاشقا، مىللىي مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. «12 مۇقام» نى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش يېڭى دەۋردىكى مىللىي شەكىل ۋە



مەزمۇنىغا ئىگە مۇزىكا سەنئىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىشتا كۈچلۈك مەنبە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مۇنەۋۋەر مۇزىكا مىراسلىرىمىزنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش — ئەنئەنىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقتا بېرىپ تاقىلىدىغان، قىلچىمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى.

1951 - يىلى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدا مەركەزنىڭ مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ ‹12 مۇقام› ىنى توپلاپ، رەتلەپ چىقىشىغا ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن 1951 - يىلى 3 - ئايدا مەركىزىي مۇزىكا شۆبىسىنىڭ تەتقىقات بۆلۈمىدىن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن شىنجاڭغا يۆتكىلىپ كەلدىم. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، مەركىزىي مۇزىكا شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يولداش لۈي جى ماڭا: «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ «12 مۇقام» دېگەن كلاسسىك مۇزىكىسى بار، ئۇنى دەرھال توپلاپ، رەتلەپ چىقىپ ساقلاپ قويۇش لازىم» دەپ تاپىلىدى.

3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، مەن، ئايالىم (ئەينى چاغدا مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلاتتى)، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن چوڭ قىزىم شىششەن ھەم بىز بىلەن بىللە يولغا چىققان مەركىزىي دراما شۆبىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەن خەيبىن ۋە ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى بولۇپ بەش كىشى سەپەرگە ئاتلىنىپ، غەربكە ماڭىدىغان پويىزغا چىقىپ بېيجىڭدىن ئايرىلدۇق.

5 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. مەن ئۇيغۇر، قازاق دراما ئۆمىكىنىڭ مۇزىكا ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەندىم.

ئالدى بىلەن ھەممىمىز بىرلىكتە ماۋ جۇشىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبىتىدە سۆزلىگەن نۇتۇق» ىنى ئۆگەندۇق؛ تورلۇك خىزمەت تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ مۇكەممەللەشتۈردۇق؛ كۆپچىلىكنى يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىشقا تەشكىللىدۇق؛ شۇنىڭ بىلەن سەھنىدىكى مىللىي ناخشا - مۇزىكىلاردا يېڭىلىنىش بارلىققا كەلدى.

7 - ئايدا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى مەدەنىي مائارىپ كومىتېتىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يولداش قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىقلارنىڭ ياردىمى بىلەن قاغىلىقتىن داڭلىق مۇزىكانت تۇردى ئاخۇن، ھۇشۇر ئاخۇنلارنى؛ ئىلىدىن داڭلىق مۇزىكانت روزى تەمبۇر ۋە ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىپ، «12 مۇقام» نى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر، قازاق دراما ئانسامبىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ قورۇدا تۇراتتى، تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇرلار ھەر ئاخشىمى ئاپپئاق ئايدىڭدا قورۇ ئىچىدىكى دەرەخ ئاستىدا بىر - بىرىدىن سورۇشۇپ «12 مۇقام» نى چالاتتى ھەم ئوقۇيتتى. بەزىدە مەن ئۇلارنىڭ يېنىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتىم. «12 مۇقام» نىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلاشقا باشلىغان دەسلەپكى چاغلاردا ئانچە قىزىقمىدىم، پەقەت «مۇقام» نىڭ ساداسى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن چاغلاردىلا ھاياجانلانغانلىقىمنى، تەسىرلىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم، بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئاندىن ئاستا - ئاستا مۇقام مۇزىكىلىرىنى ئالاھىدە ياقتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم.

7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مەدەنىي - مائارىپ كومىتېتى «12 مۇقام» نى توپلاپ، رەتلەپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇشۇمنى



ئېيتتى. مەن بۇ خىزمەتنىڭ ماڭا بۇنداق تېز تاپشۇرۇلۇشىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەينى چاغدا قولىمىز قۇرۇق ئىدى، ھېچقانداق ماتېرىيال، ئەسۋاب - ئۈسكۈنە يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۈنئالغۇ قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن شاڭخەيگە ئادەم ئەۋەتتۇق، ئۇدارغا ئېلىش سايمىنى بىلەن ئاۋاز چىقىرىش سايمىنى قاتارلىق زۆرۈر ئۈسكۈنىلەرنى بېيجىڭدىن سېتىۋالدۇق. خىزمەتچى خادىملارغا كەلسەك، ئەينى چاغدا لېيەن شياۋمېي ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا، يەنە ۋاقىتىنچە دراما ئۆمىكىدىن ئابدۇرېھىم ۋە قازاق مىللىتىدىن بولغان رېژىسسور قاۋسىلقانلار ئېغىز تەرجىمانلىقىغا ياردەم بېرىشكە ئاجرىتىلدى، ئۇسسۇل ئارتىسى ئايىمخان ناخشا تېكىستلىرىنى كۆچۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر قاتارلىقلار بىلەن «12 مۇقام» غا ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە مۇقامنى لېنتىغا ئېلىش جەھەتتىكى بىرقانچە تەلەپنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتۇق، ئۇلارنىڭ مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قالغانلىرىنى تەلەپ بويىچە، سىستېمىلىق مەشق قىلىشىنى تەكلىپ قىلدۇق.

8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مەدەنىي - مائارىپ كومىتېتى مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ماخەنبىڭ مىنى ۋە دىڭ جاڭ (ھەربىي قىسىمنىڭ كومپوزىتورى)، ليۇ شى (شۇ چاغدا بېيجىڭدىن شىنجاڭغا تۇرمۇش ئۆگەنگىلى كەلگەن كومپوزىتور)، ليۇ فىڭ (شۇ چاغدا شىئەندىن شىنجاڭغا خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلىغىلى كەلگەن)، شائىر ئابدۇكېرىم خوجا، تۇردى ئاخۇن، ھۇشۇر ئاخۇن، روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەربىي بىنادا يىغىن ئاچتى، يىغىندا يولداش

ما خەنبىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە «12 مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش گۇرۇپپىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، مېنى گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلىدى. ۋەزىپىمىز جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى «مۇقام» نى لېنتىغا ئېلىش، نوتا خاتىرىلەش ۋە ئۇنى رەتلەپ چىقىش ئىدى. يىغىندىن كېيىن، نەنلياڭ جەنۇبىي تىنچلىق يولى شىنجاڭ داشۆ ئارقىسىدىكى رۇسلارنىڭ قورۇسىدا تۇنجى قەدەمدىكى خىزمەت باشلىنىپ كەتتى. ليۇ شى بىلەن ئىككىمىز جەنۇبىي شىنجاڭدىن توپلانغان «مۇقام» نى، دىڭ جاڭ بىلەن ليۇ فېڭ شىمالىي شىنجاڭدىن توپلانغان «مۇقام» نى ئاڭلاپ خاتىرىلىدۇق. ئابدۇكېرىم خوجا شىمالىي شىنجاڭدىن توپلانغان «مۇقام» تېكىستلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولدى، ليەن شياۋمېي، ئايىمخان ماتېرىيال توپلاش، رەتلەشكە مەسئۇل بولدى، ئابدۇرېھىم (كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن) ئېغىز تەرجىمىگە مەسئۇل بولدى.

9 - ئايلارنىڭ بېشىدا لېنتىغا ئېلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق، ئەينى چاغدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ توك بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى ناچار بولۇپ، توك بېسىمى تۇراقسىز بولغانلىقتىن، لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلىگىلى بولمايتتى، بەختىمىزگە يارىشا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى لىن فۇنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە باشقا بىر مۇنچە يولداشلارنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشى بىلەن مەخسۇس دىزېل ماتورى ئىشقا سېلىندى، ئاۋاز ئۈنۈمىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاڭلىتىش ئىشخانىسىدا لېنتىغا ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېنتىغا ئېلىش ۋاقتىدا، ھەر بىر قىسىم «مۇقام» نى لېنتىغا ئېلىۋاتقاندا مەسىلە چىقىپ قالسا، دەرھال توختىتىپ قايتىدىن ئېلىندى. ھەر بىر قىسىم



«مۇقام» لېنتىغا ئېلىنىپ بولغاندا، بىر قېتىم قويۇپ ئاڭلاپ پېشقەدەم مۇقامچىلار «بوپتۇ» دېگەندە ئاندىن مۇقىملاشتۇرۇلدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا ئاندىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىن توپلانغان «مۇقام» پۈتۈنلەي سىستېمىلىق ھالدا لېنتىغا ئېلىنىپ بولدى.

10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى زىيا سەمەدى (كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن) بىر باسقۇچلۇق خىزمەتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتچى خادىملار تارقىلىپ كەتتى.

«12 مۇقام» نى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى پەقەت توپلاش ۋە رەتلەپ چىقىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ، ئىشنىڭ تېخىمۇ قىيىنى ئالدىمىزدا تۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ ئاغزاكى مۇزىكىنى نوتىغا ئېلىش ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نوتىنى رەتلەپ چىقىش؛ تېكىستلەرنى تەرجىمە قىلىش، رەتلەپ چىقىش؛ مۇقامغا دائىر مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشتىن تارتىپ تاكى نەشر قىلىشقىچە بولغان زور خىزمەتلەرنى ئىشلەش لازىم ئىدى. مەن بۇ ئەھۋاللارنى مەدەنىي - مائارىپ كومىتېتىغا دوكلات قىلغاندىن كېيىن، تەشكىل مېنىڭ داۋاملىق تۇردى ئاخۇن ئېيتقان «12 مۇقام» نى نوتىغا ئېلىشىمنى ۋە ئۇنى رەتلەپ چىقىشىمنى، يولداش ليەن شياۋمېينىڭ خىزمىتىمگە ياردەم بېرىشىنى قارار قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، يەرلىكتە نوتىغا ئېلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان يولداشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. خىزمەت ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئىدى. لېكىن، تەشكىل تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى.

1952 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەن ئاقسۇدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ

كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «12 مۇقام» نى نوتىغا ئېلىشنى باشلىدىم.

ئەينى ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھەر كۈنى ئاخشىمى سائەت يەتتىدىن تارتىپ ئەتىسى تاڭ سەھەر ئۈچكىچە توك بىلەن تەمىنلىنەتتى، نوتا ئىشلەشمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كۈندۈزى دراما ئۆمىكىگە بېرىپ رېپېتىتسىيە قىلاتتىم؛ ئاخشىمى ئويۇن قويۇلسا، ئومۇمىي خورغا دىرىژورلۇق قىلغاندىن باشقا، يەنە سەھنىدە ئورۇندىلىۋاتقان ناخشا-ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىنىڭ تىياتىرخاندىكى ئۈنۈمىنى، تەسىرىنى ئىگىلەيتتىم؛ ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ بېرىپلا دەرھال نوتا ئىشلەشكە باشلايتتىم؛ ئەگەر ئويۇن قويۇلمىسا، ئادەتتە كەچلىك تاماقتىن كېيىن، يەنە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تاكى ئەتىسى تاڭ سەھەر سائەت ئۈچكىچە نوتا ئىشلەپ ئاندىن ئارام ئالاتتىم. شۇنداق قىلىپ بۇ خىزمەتنى ئىككى يىلغا يېقىن داۋاملاشتۇردۇم.

ئاخشىمى نوتا ئىشلىگەندە توك بېسىمى تۇراقسىز بولغانلىقتىن، ئاۋاز تۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ، تۇرۇپ پەسىيىپ كېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئىشلىگەن نوتىنىڭ ئاۋاز ئۆلچىمىگە تەسىر يېتەتتى، شۇڭا يولداش لىيەن شياۋمېي ئۈنئالغۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ترانسفورماتورنى باشقۇرۇپ، ئاۋازنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تۇراقلاشتۇرۇپ بېرەتتى. پولات سىملىق ئۈنئالغۇدا چاچتەك بىرخىل ئىنچىكە پولات سىم ئاۋاز چىقىرىش گەۋدىسى قىلىنغان بولۇپ، ماگنىتلىق سۈركەلگۈچ ئارقىلىق مۇزىكا لېنتىغا ئېلىناتتى ۋە قويۇلاتتى. ئۈنئالغۇ تەڭشىگۈچنىڭ تەرتىپى ۋە دىنامىكىسىنىڭ باشقۇرۇلۇشى چوقۇم مۇۋاپىق بولۇشى لازىمىدى، ناۋادا سەل-پەل دىققەتسىزلىك قىلىنسا پولات سىم ئۈزۈلۈپ كېتىپ غۇژمەك بولۇۋالاتتى، بۇنداق ۋاقىتتا ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئۈزۈلۈپ



غۇژمەك بولۇۋالغان بۇ سىملارنى قايتا ئۈزۈۋەتمەستىن تۈزلەپ رەتلەپ بىر-بىرىگە ئۇلاپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭا نوتا ئىشلىگەندە زېھنىي كۈچىمىزنى ئادەتتىن تاشقىرى مەركەزلەشتۈرگەندىن باشقا، تاسادىپىي يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەدىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت روھىي بېسىمغىمۇ مۇپتىلا بولاتتۇق.

«12 مۇقام» نى بىر قېتىم ئوقۇش ئۈچۈن، 19 سائەت ئۆپچۆرىسىدە ۋاقىت كېتەتتى. بۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى ئاغزاكى مۇزىكىنى ئۈنئالغۇغا تايىنىپ جۈملىمۇ جۈملە، ئابزاسمۇ ئابزاستىن نوتىغا ئېلىش بىرقانچە ناخشىنى نوتىغا ئېلىشتەك ئۇنچىۋالا ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا، كۆپ قېتىم لېنتىنى ياندۇرۇپ ئاڭلىغىنىمىز ئۈچۈن ئۈنئالغۇنىڭ تەڭشىگۈچلىرى ئۇپراپ پارقىراپ كەتكەنىدى. ئاپپارات ۋە سايمانلارنى كۆپ يىل كۆتۈرۈپ يۈرۈپ جاپا تارتقان بولساقمۇ، لېكىن لەززەتلەنگەن چاغلارمۇ بولدى، يەنى ناھايىتى كۆپ ئېسىل مۇڭلۇق ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «12 مۇقام» نى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېس قىلدۇق.

1952-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى تۇنجى قارارلىق مۇزىكا كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ھەر قايسى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇزىكانتلىرى ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ مۇزىكا خىزمەتچىلىرى بولۇپ، ئالتە مىللەتتىن 53 نەپەر كۇرسانت قاتناشتى. يولداش يۈ چۈڭشەن سىنىپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، مەن دەرس ئۆتۈشكە يۆتكەپ كېلىندىم، قوشۇمچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدۇم. شۇنداق قىلىپ سەنئەت ئۆمىكىدىن مۇزىكانتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە ئالماشتۇرۇلدۇم، بىراق ھەر

ئاخشىمى يەنىلا «12 مۇقام» نى نوتىغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇردۇم.

بۇ نۆۋەتلىك كۇرستا نۇقتىلىق ھالدا نوتا تونۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ، مۇزىكا تايانچلىرى يېتىشتۈرۈلدى. ئوقۇتۇش داۋامىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يېزىلىش يۆنىلىشىنىڭ نوتىنىڭ ئوقۇلۇش يۆنىلىشى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، مىللىيچە ناخشىنىڭ تېكىستى بىلەن نوتىسىنى ماسلاشتۇرۇش ئەپسىز بولدى. ئۇيغۇرچە يېزىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەللەرنىڭ نوتىلىرىنى تېپىپ كېلىپ پايدىلاندۇق، بەزى دۆلەتلەرنىڭ يېزىقىمۇ ئوخشاشلا ئوڭدىن سولغا يېزىلىدىكەن، ئۇلار يېزىقتىكى بوغۇملارنى ئايرىپ، يۇقىرىدىن سول تەرەپكە قىيپاش نوتا يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانغان، بىراق بۇ خىل بوغۇم ئايرىش ئۇسۇلى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئاسان يوقىتىۋېتەلمەيدىكەن، شۇنىڭ بىلەن مەن نوتىنىڭ يۆنىلىشىنى ئالماشتۇرۇپ، ئوڭدىن سول يۆنىلىشكە قاراپ ئوقۇشنى سىناق قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقتىكى ناخشا تېكىستىنىڭ نوتىسى يېزىپ چىقىلدى، بۇ خىل ئۇسۇلدا نوتا يازغاندا، نوتا بەلگىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى تەسىرگە ئۇچرىمىدى ھەم نوتىنى ئوقۇشمۇ ئاسان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كۇرسانتلارنى ئوقۇتۇپ، مۇزاكىرە قىلدۇرۇپ سىناق قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتىم.

1963 - يىلى 2 - ئايدا، كۆپچىلىكنىڭ يۇقىرىقى ئۇسۇلدا سىناق قىلىپ ئوقۇشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىگە ئاساسەن، تېكىست بىلەن ئاھاڭنى ماسلاشتۇرۇشنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ



مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ۋاڭ يۈەنفاڭنىڭ قوللىشى بىلەن مەخسۇس تېمىدا يىغىن چاقىرىلدى. يىغىنغا يولداش ۋاڭ يۈەنفاڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئەدەبىيات - سەنئەت باشقارمىسىدىن يولداش ليۇ شاۋۋۇ، ۋاڭ يۈخۇلار، ھەربىي رايوندىن يولداش دىڭ شىن، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت مۇزىكا خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ئوندىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، نوتىنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا ۋە نوتىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە بىردەك قوشۇلدى، مىللىيچە ناخشىلارنىڭ تېكىستى بىلەن ئاھاڭنى ماسلاشتۇرۇشنىڭ لايىھىسى ھەل قىلىندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى گېزىت - ژۇرناللار ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ناخشىلىرىنى باسقاندا مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللاندى، بۇ خىل ئۇسۇل بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

1953 - يىلى 5 - ئايدا، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇزىكا خىزمىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، يولداش ليەن شياۋبېي بىلەن ئىككىمىز بۇ گۇرۇپپىغا يۆتكەلدۇق، شۇنىڭ بىلەن «12 مۇقام» نى نوتىغا ئېلىش، رەتلەپ چىقىش گۇرۇپپىمىزنىڭ خىزمەت كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى، مەن يەنىلا نوتىغا ئېلىش، رەتلەپ چىقىش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولدۇم.

1954 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە «12 مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش خىزمىتىدە يېڭى بىر قەدەم تاشلاندى، مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياسىن خۇدابەردى بىلەن مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ۋاڭ يۈەنفاڭنىڭ قوللىشى بىلەن 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تۇردى ئاخۇن، ھوشۇر ئاخۇن ئاتا - بالىلارنى

ئىككىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن
بىللە يولداش ما جىنفاڭنى ئېغىز تەرجىمانلىقىغا ئارىيەتكە
يۆتكەپ كەلدۇق، يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىقنى «مۇقام» نىڭ
تېكىستلىرىنى خاتىرىلەشكە، يازغۇچى جاڭ سىنتاڭنى تېكىست-
لەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا، چاغاتاي يېزىقىنى بىلى-
دىغان پېشقەدەملەردىن بىرسىنى تېكىستلەرنى رەتلەشكە تەكلىپ
قىلدۇق ۋە مەسئۇل قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا بىز 3-دوختۇر-
خانىنىڭ شىمالىدىكى كىچىك بىر كوچىنىڭ ئىچىدىكى ئىككى
ئېغىز ئۆيگە توپلاشتۇق، بۇ ئۆي تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ
تۇرار جايى ھەم خىزمەت ئورنى ئىدى. يەنە بىر مىللىي
ئاشپەز بولۇپ، ئۇ تۇردى ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا تاماق
ئېتىپ بېرەتتى.

شۇ قېتىمدا ئاساسەن «12 مۇقام» نىڭ ناخشا-تېكىس-
تىنى رەتلەش، تەرجىمە قىلىپ چىقىش مەسىلىسىنى ھەل قىل-
دۇق. ئەينى چاغدا شەھەرنىڭ توك بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋا-
لى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغانىدى، ئۈنئالغۇ سايمانلى-
رىمۇ ياخشىلىنىپ، ماگنىتلىق لېنتا ئىشلىتىدىغان ئۈنئالغۇ
ئاپپاراتى ئىشلەتتۇق، ئاۋازنىڭ ئېلىنىشى، ئاۋاز شاۋقۇنى
پولات سىملىق ئۈنئالغۇدىن كۆپ ياخشى بولدى، شۇڭا مۇقامنى
لېنتىغا قايتىدىن تولۇق ئېلىۋېلىشقا تۇردى ئاخۇن ئاكىنى
يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدۇق. بىرقانچە يىل نوتىغا ئېلىش
داۋامىدا بىرمۇنچە يېڭى مەسىلىلەرنى بايقىدۇق، مەسىلەن،
بەزى ئاھاڭلارنىڭ رىتىمى، تەڭكەش قىلىنىدىغان سازلارنىڭ
تارىنى تەڭشەش ئۇسۇلى، داپنى تەڭكەش قىلىش ئۇسۇلى،
ئەنئەنىۋى ئىپادىلەشنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى شۇنىڭدەك «12
مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات تارىخى قاتارلىقلارنى
تۇردى ئاخۇندىن يەنىمۇ ئىگىلەش زۆرۈر ئىدى.



«12 مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ كۆپ قىسمى 15-ئەسىر-
دىن 18-ئەسىرگىچە بارلىققا كەلگەن، بىر قىسمى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى داڭلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ داستانلىرى، مەس-
لەن، ئەلشىر نەۋائى، مۇھەممەت سادىق زەللى قاتارلىقلارنىڭ
شېئىر، داستانلىرى، بۇ كلاسسىك شېئىرلارنىڭ ھەممىسى
چاغاتاي ئەدەبىياتى تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، خەلق ناخشىچى-
لىرى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئېيتىپ كەلگەن، ناخشا تېكىستلىرىدە
كەمتۈك بولۇپ قالغان ياكى كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپ كېتىدىغان
ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولغاچقا، ناخشا تېكىستلىرىنى رەتلەپ
چىقىش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ناخشا تېكىستلىرىنى
يېزىپ چىقىشتا، چاغاتاي يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم
بولۇشى زۆرۈر ئىدى. يەنە بىر مەسىلە، ئۈنئالغۇغا ئېلىنغان
ئاۋازنى ئاڭلىغان بىلەن ناخشا تېكىستىنى ھېچكىممۇ بىلەل-
مەيتتى، تۇردى ئاخۇن ئاكا مۇقامنى ئوقۇشقا باشلىسا قىلچە
باش قاتۇرماستىن داۋاملاشتۇراتتى، لېكىن، مۇقام ئېيتمىسا
مۇقامنىڭ تېكىستىنى ئايرىم ئوقۇپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا، بىز
بىر ئادەمنى ئۈنئالغۇنى باشقۇرۇپ باشتىن باشلاپ بىر جۈملى-
دىن، بىر ئابزاستىن قويۇشقا مەسئۇل قىلدۇق. تېكىستنى
تۇردى ئاخۇن بىر جۈملىدىن، بىر ئابزاستىن ئوقۇپ بېرەتتى،
تېكىست يازىدىغان ئادەم تۇردى ئاخۇننىڭ ئوقۇغىنى بويىچە
تېكىستنى يېزىپ خاتىرىلەيتتى. ھەر بىر قىسىم مۇقامنىڭ
تېكىستىنى يېزىپ بولۇپلا ئەسەدۇللا داموللامنىڭ رەتلەپ
چىقىشىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، ئارقىدىنلا يولداش جاڭ سىنتاڭ
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقاتتى، بىز مانا مۇشۇنداق ماس-
لاشتۇرۇپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدۇق.

ئەينى چاغدا، تۇردى ئاخۇن ئاكا 73 ياشقا كىرىپ
قالغانىدى، شۇڭا بوۋاينىڭ سالامەتلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ،

تاماق مەسىلىسىدە بوۋايغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تائاملارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن باشقا، ھەر كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتىنى ئىمكان قەدەر ئالتە سائەتتىن ئاشۇرۇۋەتمىدۇق. تۇردى ئاخۇن تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى، شۇڭا، ناماز ئوقۇيدىغان ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردۇق. بوۋاي خىزمەت داۋامىدا چەكسىز قىزغىن ۋە ئېھتىياتچان سەنئەت ئىستىلى بىلەن پۈتۈن «12 مۇقام» نىڭ مۇزىكىسىنى، شۇنىڭدەك ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنى بىرىنىمۇ قالدۇرماي خەلققە تەقدىم قىلدى. كېيىن ئۇ، ئۆزى ئېيتىپ لېنتىغا ئېلىنغان مۇقاملارنى ۋە مەن نوتىلاشتۇرغان ئاھاڭلارنى ئۇنىڭغا قايتا قويۇپ بەرگەندە، بوۋاي ھاياجانلانغىنىدىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا:

— مەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، مەن ئېيتقان مۇقاملارنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم ئاخىرى ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى، — دېدى.

دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا، بىز بىر جوزا زىياپەت تەييارلاپ پۈتۈن گۇرۇپپىدىكى يولداشلار ھېلىقى كونا ئۆيدە جەم بولۇپ، دۆلەت بايرىمى ئۈچۈن، بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، «12 مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش خىزمىتىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغانلىقىمىزنى تەبرىكلەش ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرگەن مەنزىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمەن. 1954 - يىللىرى ئىدى، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا مىراسى «12 مۇقام» نى ساقلاپ قالغان زور تۆھپىسى ئۈچۈن، خەلق ئۇنىڭغا يۇقىرى شان - شەرەپ ئاتا قىلدى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. يىل ئاخىرىلىشىپ قىش كىرەي دېگەندە، تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى سېغىنىپ قالدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەتتى.



1950 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىچكى ئۆلكىدىكى مۇزىكا شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە تەقسىملىنىپ كەلدى. 55 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەن مەدەنىيەت نازارىتىگە يولداش دېڭ ۋېينى يۆتكەپ كېلىپ ئۇنىڭغا «چارىگاھ مۇقامى» نىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىنى نوتىغا ئېلىشنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدىم.

1956 - يىلىنىڭ بېشىدا مەن «12 مۇقام» نى نوتىغا ئېلىش ۋەزىپىسىنىڭ 95% ىنى ئورۇنداپ بولدۇم، يولداش دېڭ ۋېي «چارىگاھ مۇقامى» نىڭ «چوڭ نەغمە» قىسمىنى نوتىغا ئېلىشنى ئورۇنداپ بولدى (پەقەت بەش باشلىنىش مېلودىيىسىلا قالغانىدى). ئارقىدىنلا رەتلەپ چىقىش باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق؛ ئالدى بىلەن مەن تۆت ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاھاڭ شەكلىنى تەھلىل قىلىپ «12 مۇقام» نىڭ نوتىسىنى سىستېمىلىق رەتلەپ چىقتىم.

8 - ئايدا، مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك مۇزىكا ھەپتىلىكى ئۆتكۈزدى. شىنجاڭ 20 نەچچە كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان ھەر مىللەت مۇزىكانتلار ئۆمىكىنى بۇ ھەپتىلىككە ئەۋەتتى. يولداش ئۆمەر ئېلى بىلەن ئىككىمىز ئۆمەككە يېتەكچىلىك قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «12 مۇقام» نىڭ نوتا ئورىگىنالى بىلەن ئىككى قېتىم لېنتىغا ئېلىنغان ئاھاڭغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى ئالغاچ بېرىپ، جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى بىلەن مىللەتلەر مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە يوللاپ بەردۇق. بۇ جەرياندا مىللەتلەر مۇزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى يولداش لى يۈەنچىڭنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتىم. بۇ تەتقىقات ئورنى ئاز سانلىق مىللەت مۇزىكا

تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنى تەشكىللەپ، لېنتىدىكى نوتىنى سىپلىشتۇرۇپ ئاڭلاپ تەكشۈردى، رەئىس لۇجىمۇ ئاڭلاپ تەكشۈرۈشكە ئۆزى كېلىپ قاتناشتى ھەمدە تەتقىقات ئورنى مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە مەلۇم قىلىپ، «12 مۇقام» نى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىگە ئىشلىتىشكە مەخسۇس راسخوت ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان ئاشقازىنىم ئاغرىپ ئاۋارە قىلىۋاتاتتى، شۇڭا بېيجىڭدا تەكشۈرۈتكىنىمدە دوختۇرلار ئاشقازان تۆۋەنگە ساڭگىلىغان ۋە 12 بارماق ئۈچەينىڭ شارسىمان قىسىملىرىدا يارىلىنىش بار دەپ دىئاگنوز قويدى. ئەينى چاغدا مەن جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، چاۋ ياڭ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى فاڭ ساۋدىغا سېلىنغان ياتاقتا ياتتىم. نەچچە كۈندە بىر قېتىم جۇڭگو يېڭى دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كېسەل كۆرسىتىپ دورا ئېلىپ كېلىپ، ھەر كۈنى ياتاقتا دورا قاينىتىپ ئىچتىم. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كېسىلىم بىرئاز ياخشىلىنىۋىدى، شىنجاڭغا قايتىپ كەلدىم. ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپلا رەتلەپ چىققان ناخشا تېكىستلىرىنى قايتىدىن ئىشلىمىسەك بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى تېكىست رەتلىگۈچىلەرنىڭ نەزمە ئەسەرلەر بىلەن تونۇشلۇقى يوق ئىدى، ناخشا تېكىستلىرىدە ساقلانغان چۇۋالچاق ئەھۋاللار ھەل قىلىنمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەختكە قارشى قەشقەردە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇردۇم. تەلىيىمىزگە يارىشا رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ۋاقتىدا «12 مۇقام» نى توپلاش، رەتلەش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ



كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم قوللىشى بىلەن ئاخىرى بۇ قىممەتلىك مۇزىكا مىراسلىرىنى تامامەن ساقلاپ قالدۇق. بولمىسا «12 مۇقام» نىڭ زور قىسىم مۇزىكىسى چوقۇم يوقاپ كېتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسى ئۈچۈن تولدۇرغۇسىز زىيان بولغان بولاتتى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش گۇڭ كې لېنتىغا ئېلىنغان «12 مۇقام» نى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىم توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «12 مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ۋە نەشىر قىلىش توغرىسىدىكى خىزمەت پىلانىمىزنى يالدۇرراق ئورۇنداپ بولۇشقا قوشۇلدى.

«12 مۇقام» نى رەتلەپ چىقىش گۇرۇپپىسى مەن ۋە لىيەن شياۋمېي، شۇ گۇاڭشىن قاتارلىق ئۈچ يولداشتىن تەركىب تاپتۇق. قېپقالغان بىرنەچچە باشلىنىش مېلودىيىسىنى يولداش شۇ گۇاڭشىن بىلەن ئىككىمىز ئايرىم - ئايرىم ھالدا نوتىغا ئالدۇق. مۇقام تېكىستىگە كەلسەك، كۆپ تەرەپلەردىن ئىگىلەش ھەم بىرقانچە يازغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باي ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق شائىر نىمشېھىت داموللىنى مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدۇق. 1957 - يىلى 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شائىر نىمشېھىت داموللا ئۈرۈمچىگە كەلدى. بىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەپ چىقىشنىڭ پرىنسىپلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتتۇق. ئەنئەنىۋى مۇقام مۇزىكىسىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇقام تېكىستلىرىنى ئانچە كۆپ ئۆزگەرتمىدۇق، چېچىلىپ تولۇق بولماي قالغانلىرىنى ئەسلىدىكى تېكىست بويىچە تولۇقلىدۇق، كۆپرەك تەكرارلىنىپ كەتكەنلىرىنى مەزمۇنى، ۋەزنى ئوخشاش

بولغان باشقا شائىرلارنىڭ تېكىستلىرى بىلەن تولۇقلىندۇق.
«12 مۇقام» نىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى، تارقىـ
لىشىنى، ئېقىمىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنى، مۇقام ئوقۇلىدىغان سورۇنلارنى ۋە ئۇنىڭ شەكلى
قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەش ئۈچۈن، 1957 - يىلى 8 -
ئايدا مەن، شۇ گۇاڭشىن، ليەن شياۋمېي، ئابدۇرېشىت، قۇربان
روزى قاتارلىق بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان «12 مۇقام»
نى قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتا
تەكشۈرۈشكە باردۇق. بىز ئۈزۈن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇ-
رۇپ يولغا چىقتۇق، سەپەر داۋامىدا توقسۇن، كورلا، بۈگۈر،
باي، ئاقسۇ، سانساكۇ قاتارلىق جايلاردا قونۇپ، 19 - چېسلا
قەشقەرگە يېتىپ باردۇق. قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن
ئالاقىلەشكەندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدىكى بىر قىسىم داڭلىق
مۇقامچى مۇزىكانتلار بىلەن كۆرۈشتۇق، شەھەرنى ئېكىسكۇر-
سىيە قىلدۇق، بازار ئايلاندۇق. 22 - چېسلا گۇرۇپپىمىزدىكى
بارلىق يولداشلار ھوشۇر ئاخۇننىڭ باشلامچىلىقىدا ئاپپاق
خوجامغا چىقىپ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاب
قىلدۇق. مىللىيلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئازراق نان سې-
تىۋېلىپ يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەرگە نەزىر قىلىپ ئۈلەشتۈ-
رۈپ بەردۇق. ئاندىن كېيىن، بوۋاينىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆرە
تۇرۇپ، ئەينى يىللاردا بىللە ئىشلىگەن چاغلارنى ئەسلىدۇق،
كۆڭلىمىز ئىنتايىن يېرىم بولدى. لېكىن بوۋاينىڭ خاتىرجەم
يېتىشى ئۈچۈن مۇنداق تەسەللى بەردۇق: دۆلەت يېقىندا سىز
ئوقۇغان «12 مۇقام» نىڭ مۇزىكىسىنى نەشر قىلىدىغان
بولدى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىز قاتناش ترانسپورت ئىدا-
رىسىنىڭ ئۈزۈن يوللۇق ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ خوتەنگە يولغا



چىقىپ، 27 - كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇ-
رىي مەھكىمىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.
ئۇلار بىزنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى، مەدەنىيەت
يۇرتىنىڭ 2 - قەۋىتىدىن ئىككى ئېغىز چوڭ ئۆينى بوشىتىپ
قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت قىلىدىغان ئىشخانى-
سى قىلىپ بەردى. بىز خوتەندىكى داڭلىق خەلق سازەندىلى-
رىدىن سۇلايمان ئاخۇن، سايىم ئاخۇن، تۇرسۇن ئاخۇن،
كېرىيىدىكى كېرىم موللا، چىرىيىدىكى يۇنۇس، يۈسۈپ قاتار-
لىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، سۆھبەت، مۇھاكىمە ئېلىپ باردۇق.
سۆھبەت داۋامىدا، خوتەندىكى «مۇقام» نىڭ يەنىلا قەدىمىي
«چوڭ كۈي» شەكلىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، بەلكى ئەينى
ۋاقىتتا پەقەت سۇلايمان ئاخۇن بوۋاينىڭلا بىرقەدەر تولۇق
ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلدۇق، شۇڭا بىز نۇقتىلىق ھالدا سۇلاي-
مان ئاخۇن باشچىلىقىدا ئوقۇلىدىغان «مۇقام» نى توپلاپ
لېنتىغا ئېلىشنى قارار قىلدۇق.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يولداش ئابدۇرېشىت بىلەن ئىك-
كىمىز قاراقاش ناھىيىسىگە بېرىپ شاخلىق يېزىسىدىكى مۇزى-
كىلارنى تەكشۈردۇق. دۆلەت قۇرۇلغىنىغا سەككىز يىل بولغان
بولسىمۇ، ئۇ يەردە ھېلىغىچە قۇللۇق تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچى-
قىرىش مۇناسىۋەتلىرى ساقلانغانىكەن. 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى
بىز ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بىلەن بىللە
ئېشەككە مىنىپ شاخلىق يېزىسىغا بېرىپ، شۇ ئاخشىمى يېزا
رايونىدا قوندۇق. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەتىگەندە ئازراقتىن
كۆكىرىپ قالغان پىچىنە يەپ پىيادە مېڭىپ، شاخلىق يېزى-
سىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىن قالغان قورۇققا باردۇق، بىز
بارغاندا دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئېتىزغا كەتكەنىكەن، شۇنىڭ
بىلەن بىز يېقىن ئەتراپتا ئولتۇرۇشلۇق بىر پادىچىنى تېپىپ

سۆزلەشتۇق، ئۇ پادىچى بىزگە بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى، بىزگە يەنە شۇ يەرنىڭ غەزەللىرىدىن بىرنەچچىنى ئېيتىپ بەردى. ناھىيىگە قايتىش سەپىرىدە بورىچى يېزىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى بىزنى ھەسەن بوۋاينىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى، بوۋاي بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بېغىدىن شاپتۇل ئۈزۈپ كىرىپ مېھمان قىلدى، بىزنىڭمۇ قورسىقىمىز ئېچىپ كەتكەنىدى ھەم ئۇسساپ كەتكەنىدۇق. شۇڭا ئانچە تارتىنىپ ئولتۇرماي ئالدىمىزغا قويغان نېمەتلەرنى تازا يېدۇق. يەپ-ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، بوۋاي ئۆزلۈكىدىن داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ بەردى، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى تەمبۇر چالدى، يەنە بىرسى نەي چېلىپ تەڭكەش قىلدى. بوۋاي ئىككى «مۇقام» ئوقۇدى، ئاڭلاشقا قۇرۇلمىسى بىلەن ئاھاڭى خوتەننىڭ «مۇقامى» بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. كۈن ئولتۇرغاندا ئاندىن بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق. شۇنداق قىلىپ، توپا-چاڭغا مىلەنگەن سەپىرىمىز بىلەن 57-يىلنىڭ دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋالدۇق.

10-ئاينىڭ 13-كۈنى قايتا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق، بىر گۇرۇپپا خوتەندە قېلىپ داۋاملىق لېنتىغا ئېلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولدى. مەن، لىيەن شياۋمېي، ئابدۇرېشىت پوچتا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قاغىلىققا قايتتۇق. شۇنىڭ بىلەن 17-كۈنى يەكەنگە، 19-كۈنى يېڭىسارغا، 21-كۈنى قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق. قەشقەردە خەلق ئارىسىدىكى خېلى كۆپ مۇزىكانت ۋە سازەندىلەرنى يوقلىدۇق. خوتەندە قالغان گۇرۇپپا مۇقام توپلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ بىز بىلەن ئۇچرىشىپ ئىككى كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە



داۋاملىق قەشقەردە «مۇقام» توپلاش، لېنتىغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. بىز 11-ئاينىڭ 2-كۈنى ئاقسۇغا، 7-كۈنى كۇچاغا، 13-كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق «12 مۇقام»نى ئوقۇيدىغان داڭلىق پېشقەدەم مۇقامچىلار، ناخشىچىلار ۋە ھەر قاتلام ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن بولۇپ، يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى زىيارەت قىلدۇق. يېزا، بازار، ئائىلە، مەسچىت قاتارلىق سازەندىلەر پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان نەق مەيدانلارغا بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «12 مۇقام»غا ئائىت نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق، شۇنداقلا يەكەندىن تارتىپ قەشقەر دائىرىسىدىكى مۇقاملارنى بىرقەدەر تولۇقراق ئوقۇيالايدىغان پېشقەدەملەرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ھايات بار مۇقامچىلارنىڭمۇ پەقەت ئۇ يەر-بۇ يەردىن تۆت-بەش قىسىملا «مۇقام»نى ئوقۇيالايدىغانلىقىنىمۇ ئىگىلىدۇق.

ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال «12 مۇقام»نى نەشر قىلىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كەتتۇق، يىل ئاخىرىدىن 58-يىل 2-ئايغىچە پۈتۈن نوتىنى يەنە بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ چىقتۇق. ئارقىدىنلا «12 مۇقام»نىڭ ئاھاڭ شەكلىنى، رىتىمىنى تەھلىل قىلدۇق ۋە تەھلىل، تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقتۇق. 7-ئاينىڭ بېشىغا كەلگەندە مۇنەۋۋەر كلاسسىك مۇزىكا «12 مۇقام» توغرىسىدا ئىلمىي ماقالە يېزىشقا باشلىدىم. ماقالەم كېيىن بېيجىڭدا چىقىدىغان «مۇزىكا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1959-يىلى 1-سانىدا ئېلان قىلىندى.

1958-يىلى 8-ئايدا، بىرىنچى تۈركۈمدە رەتلەپ چىقىلغان مۇقام تېكىستى تەشكىلگە تاپشۇرۇلۇپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى.

1959 - يىلىنىڭ بېشىدا پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن نەشرگە
تەييارلاش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتۇق. رەئىس سەيپىدىن
ئەزىزىنى «12 مۇقام» نوتىسىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلاپ
مۇقەددىمە سۆز يېزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق. ئاندىن
كېيىن مەن «12 مۇقام» ھەققىدە بىر قىسقىچە تونۇشتۇرۇش
(كىرىش سۆز ئورنىدا)، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قىسقىچە تەر-
جىمھالى، بىرقانچە تۇرلۇك نوتا بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى
توغرىسىدا ئىزاھات، «12 مۇقام» ھەققىدە ئومۇمىي مۇندە-
رىجە، خاتىمە سۆز قاتارلىقلارنى باشقىدىن تۈزىتىپ يېزىپ
چىقتىم. رەسسام ما ۋېيىنى كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلەپ
بېرىشكە، رەسسام ليۇ ياگىنى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ رەسىمىنى
سىزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇق.

ئۇ يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ھەر مىللەت ئەدىب-
لىرىنىڭ، مۇزىكانتلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق
1960 - يىلى 2 - ئايدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كلاسسىك مۇزى-
كىسى «12 مۇقام» نوتىسىنىڭ ئىككى قىسىملىق توپلىمى
ئاخىرى بېيجىڭ مۇزىكا نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر نەشرى-
ياتى تەرىپىدىن بىرلىشىپ نەشر قىلىندى.

بۇ خىزمەتنىڭ تاماملانغانلىقى دەل رەئىس سەيپىدىن
ئەزىزى «مۇقەددىمە» دە ئېيتقاندەك: «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
مۇنەۋۋەر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نىڭ قېزىلىپ،
رەتلىنىپ چىقىرىلىشى، شۇنىڭدەك تارىختىن بۇيان تۇنجى
قېتىم تولۇق نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كلاسسىك
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىكى بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا
پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى يەنە بىر
كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىسى» بولدى.

1960 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 3 - نۆۋەتلىك



مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى بىلەن 2-
قېتىملىق مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا
ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايدا يولداش جۇياڭ «12 مۇقام» نى
«شەرق مۇزىكا خەزىنىسىدىكى غايەت زور بايلىق» دەپ تەرىپ-
لىدى. يولداش لۇخى: «12 مۇقام» نىڭ توپلىنىپ، رەتلىنىپ
چىقىلغانلىقى مەملىكەت بويىچە مىللىي ئەنئەنىۋى مۇزىكا
مىراسلىرىنى رەتلەپ چىقىشتىكى مۇھىم نەتىجىلەرنىڭ بىرى،
دېدى. تەشكىل مېنىڭ قۇرۇلتايدا «12 مۇقام» نى توپلاپ،
رەتلەپ چىقىشتىن تارتىپ مىللىي مۇزىكا مىراسلىرىغا ۋارىس-
لىق قىلىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا يازما سۆز
قىلىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

1958 - يىلدىن 1963 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئىلگىرى-
ئاخىر بولۇپ تەكلىپكە بىنائەن «مۇزىكا تەتقىقاتى»، «خەلق
مۇزىكىسى»، «خەلق رەسىملىك ژۇرنىلى»، «خەلق گېزىتى»،
«جۇڭگو قۇرۇلۇشى» (گۈزەل سەنئەت بېتى)، «مىللەتلەر
رەسىملىك ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانىسى»
قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا، رادىئولاردا «12 مۇقام» توغ-
رىسىدا 20 پارچىدەك ئىلمىي ماقالە بىلەن «12 مۇقام» نى
توپلاش، رەتلەپ چىقىش ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋەر ئېلان
قىلىندى.

نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مۇزىكا ئىلمىي تەشكىلاتلىرى ۋە
مۇزىكا ساھەسىدىكى دوستلار ئارقا - ئارقىدىن خەت ئەۋەتىپ ۋە
زىيارەت قىلىپ، «12 مۇقام» نىڭ نوتىسىنى ئېلىپ كەتتى.
قازاقىستان «كوممۇنىزم تۇغى گېزىتى» 1 - بەتنىڭ چوڭ
يېرىمىغا «12 مۇقام» نىڭ نەشر قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ۋە
نوتا توپلىمىنىڭ سۈرىتىنى بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان سەنئەت تەشكى-

لاتلىرى «12 مۇقام» نىڭ مۇزىكىسىنى قوللىنىپ نۇرغۇن
ناخشا، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكىلىق دراما،
ئوپېرا ...... قاتارلىق يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، شىن-
جاڭنىڭ سەھنە سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.
بۇنىڭ ئىچىدە «ئەجەم مۇقامى»، چوڭ تىپتىكى ناخشا -ئۇسسۇل-
لۇق «يېڭى مۇقام»، «خەلق كۆكچىسى ياخشى»، ئۆزلەشتۈرۈپ
ئىشلەنگەن ئوپېرا «قىزىل چىراغ»، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى
ئوپېراسى «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىقلار
مەملىكەت ئىچىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشتى. مەن بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل-
لۇق «يېڭى مۇقام» — «خەلق كۆكچىسى ياخشى» نىڭ مۇزىكى-
سىنى ئىشلەشكە قاتناشتىم. بۇ ۋاقىت 1965 - يىلى بولۇپ،
مەن دەل مەركىزىي سوتسىيالىزم شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتاتتىم، 6-
ئاينىڭ بېشىدا، مەكتەپ ئارقا-ئارقىدىن ئىداردىن كەلگەن
ئۈچ پارچە تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى، تېلېگراممىدا
شىنجاڭغا قايتىپ كېتىشىم ئۇقتۇرۇلغانىدى. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى
بېيجىڭدىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، 18 - كۈنى
چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈ-
مىگە كېلىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم، تەشۋىقات بۆلۈمى ماڭا
ناخشا - ئۇسسۇل دراما تىياتىرىغا بېرىپ چوڭ تىپتىكى ناخشا-
ئۇسسۇللۇق «يېڭى مۇقام» — «خەلق كۆكچىسى ياخشى» نىڭ
مۇزىكىسىنى ئىشلەشكە قاتنىشىشىمنى ئۇقتۇردى. بۇ، ئىجادى-
يەت پائالىيىتىگە رەئىس سەيپىدىن ئەزىزى بىۋاستە رىيا-
سەتچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ھەربىي رايوندىن
بولۇپ، مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل
ئىجادىيەتچىلىرىدىن ئون نەچچە كىشىنى يىغدى. سەھنە
ئەسىرىدە زامانىمىز يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگى-



رىشلەر ۋە تەرەققىياتلار تېما قىلىنغان چوڭ تىپتىكى مىللىيچە
يېڭى ناخشا - ئۇسسۇللار ئىنكاس قىلىنغان. مۇزىكىسىدا مەركەز-
لىك ھالدا «ئۇشاق مۇقامى» نىڭ ئاھاڭلىرى خام ماتېرىيال
قىلىنغان. چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل جەمئىي ئون كۆرۈنۈش
بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا سەككىز كۆرۈنۈشنىڭ مۇزىكىسى ئىش-
لىنىپ بولغانىدى، قېپقالغان ئالتىنچى كۆرۈنۈشنىڭ مۇزىكىسى
«يۈيگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» بىلەن سەككىزىنچى كۆرۈنۈشنىڭ
مۇزىكىسى «خەلق ئەسكەرلىرى ئۇسسۇلى» دىكى بۇ بىر كۆرۈ-
نۈش ئوپېرا خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، پۈتكۈل چوڭ تىپ-
تىكى ناخشا - ئۇسسۇلدا مۇزىكا ئۇسلۇبىنىڭ بىرلىككە كېلىشى،
مۇزىكىسىنىڭ ۋەقەلىكتىكى مەزمۇنغا ماسلىشىشى تەلەپ قىلىنغا-
نىدى، بۇ بىز ئۈچۈن بىر قىيىن ئىش ئىدى، شۇڭا دەرھال
ئىسكەندەر سەيپۇللايوپ، غىياسىدىن باراتلار بىلەن كۆرۈشۈپ
ئەسەرنى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلدۇق.
بۇ ئىشقا بىر ھەپتىدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئىككى كۆرۈنۈش-
نىڭ مۇزىكىسى بىلەن ئاساسىي مېلودىيىسىنى ئىشلەپ پۈتتۈر-
دۇق. چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى
رەسمىي ئويناش كېرەك ئىدى، شۇڭا رېپېتىتسىيە جىددىي
ئېلىپ بېرىلدى، رېژىسسورغا «يۈيگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»
دېگەن بۇ بىر كۆرۈنۈشنىڭ ئادەملىرىنى باشقىدىن ئورۇنلاش-
تۇرۇشنى، مۇزىكىلىرىنى سەپلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدۇق.
مەن تۆت كېچە ئۇخلىماي مىللىيچە شەكىلدىكى تەڭكەش
ئاۋازلارنى قوللىنىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ «خەلق
ئەسكەرلىرى ئۇسسۇلى» نىڭ مۇزىكىلىرىنى سەپلەش ۋەزىپى-
سىنى ئورۇندىدىم. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 16 يىللىقىنى ۋە ئاپتونوم
رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى

بىلەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل خەلق تىياتىرىدا تەنتەنىلىك ئوينىلىپ، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن زۇڭلى خې لۇڭنىڭ ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. كېيىن يەنە بېيجىڭ ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوينىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ھازىرقى دەۋردە «خەلق گوڭشېسى» گەرچە ئۆتۈپ كەتكەن تارىخ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى مۇزىكا خام ماتېرىيالىدىن پايدىلىنىپ، رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى ئىنكاس قىلدىغان يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش شۈبھىسىزكى «قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» تا زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىجادىي ئىزدىنىشنىڭ تۇنجى قەدەملىرى ئىدى.

1959 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي داۋامىدا جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى (قىسقارتىلىپ تىياتىرچىلار جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ)، مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شۆبىسى، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ شۆبىسى ۋە رەسساملار جەمئىيىتى شۆبىسى قۇرۇلدى. مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شۆبىسىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، دائىمىي كېڭەش ئەزاسى ۋە رەئىسى سايلاپ چىقىلدى. ھۈسەنجان جامى رەئىس، مەي مياۋ (خۇيزۇ)، ۋەن توڭشۇ (خەنزۇ)، ئارىپ بەگ (قازاق) مائاۋىن رەئىس بولدى. تەشكىل مېنى دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەپ، جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ئىشلار كوللېكتىپى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت



مۇزىكانتلار ۋە ئىشتىن سىرتقى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، شىنجاڭنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇزىكا مۇسابىقىسى، مۇزىكا نەزەرىيىسى، مىللىي مۇزىكا تەتقىقاتى ۋە ئىشتىن سىرتقى مۇزىكا پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور ئۈتۈقلار بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرىشىت ھاپىز

# شىنجاڭ كىنو ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا

نۇر مۇھەممەت زامان

كىنو — زامانىۋى پەن - تېخنىكا بىلەن تەسۋىرىي سەنئەت ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىۋىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال سەنئەتتۇر. بۇ قىزىقارلىق ھەم جەلپكار سەنئەتنىڭ قاچان، قەيەردە پەيدا بولغانلىقى، ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىگە قاچانلاردا يېتىپ كەلگەنلىكى، شىنجاڭنىڭ كىنوچىلىق تارىخى ۋە مىللىي كىنوچىلىق تارىخىمىزنىڭ نەدىن نەگىچىلىكىنى بىلىشكە قىزىقىدىغانلار ئاز ئەمەس. ئەنە شۇ كەسكىن تەلەپ مېنىڭ شىنجاڭدا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرغان كىنو ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا قەدەم تاشلىشىمغا كۈچلۈك ئىلھام ۋە تۈرتكە بولدى. شۇنداقلا مۇشۇ ئىزدىنىشىم ئاساسىدا مەلۇم ئۇتۇقلارغىمۇ ئېرىشتىم.

مەن نۆۋەتتىكى مۇشۇ ماقالەمدە نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭ كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## شىنجاڭدا دەسلەپكى كىنونىڭ قويۇلۇش ئەھۋالى

**پەن - تېخنىكا**



شىنجاڭنىڭ كىنو تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان كىنوچىلىق تارىخى بىرقانچە باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. دەسلەپتە، 1917 - يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ شىنجاڭغا كەلگەن ئاق رۇس ئەسكەرلەر روسىيەدىن كىنو قويۇش ئاپپاراتى ۋە بىر يۈرۈش دىزېل ماتور ئالغاچ كەلگەن. بۇ شىنجاڭغا كىنونىڭ تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، تيەنجىنلىك خەن مۇيەن ئىسىملىك بىر سودىگەر شىنجاڭغا ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن، قول بىلەن تولغاپ توك ھاسىل قىلىدىغان، سەككىز مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى ۋە ئاستىدا ئىنگلىزچە خەت چىقىدىغان، قىزىق، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر ئېلىنغان فىلىم لېنتىسىنى ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلىرىغا كىنو قويۇپ بېرىپ كۆڭۈل ئېچىش بىلەنلا چەكلەنگەن.

1924 - يىلى قاغىلىقتىكى ئالا بازىرى، قەشقەر شەھىرىدىكى ئىللا بازىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى دۆڭكۆۋرۈكتە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ فرانسىيە سودىگەرلىرى ئېلىپ كەلگەن «ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق ئاۋازسىز ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلگەن. فىلىم قولدا چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئاپپاراتتا قويۇلغان. فىلىم ۋەقەلىكى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىسى، قەدىم جاي، ئاسار - ئەتىقە، ھەر خىل ھايۋان، ئۇچار قۇشلار، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، شەھەر - بازار، سودا-سېتىق ۋە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا خەلق بۇنداق كىنولارنى لاتەك (لاتا) ئويۇنى، شەيتان سۈرىتى دەپ ئاتاشقان. كىنوچىلىق تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە: «1926 - يىل ئۈرۈمچىگە كەلگەن كىنو ئاپپاراتى ساندۇق شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى شەكلى ھازىرقى زاماننىڭ كىر يۇيۇش ماشىنىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياغاچ

ساندۇقتىن ئىبارەت ئىدى. ساندۇقنىڭ ئاستى قىسمىغا ئېلېكتىر چىراغ ئورنىتىلغان، كىنو لېنتىسى ساندۇق سىرتىدىكى ئۇققا قول ھەرىكىتى بىلەن ئۇرالغانىدى. كىنو كۆرگۈچىلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ ساندۇق ئۈستىدىكى كىچىك ئەينەك ئارقىلىق كۆرەتتى»①. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭدىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن چەت ئەللەرگە چىققانلار، ۋەتەنگە قايتقانلار كىنو ئاپپاراتى ۋە لېنتىسىنى ئالغاچ كېلىپ، ئۆز ئۆيلىرىدە كىنو قويۇپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. پېشقەدەم تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ 1986 - يىلى مايدا تۇرپاندا ئېچىلغان «ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» جەريانىدا بايان قىلغان سۆھبىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «1928 - يىلى ئاكام جامالىدىن مۇتىئۇللا ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتىشىدا، موسكۋادا توختاپ، ئۇ يەردە ئىشتىن سىرتقى تېخنىكومدا بىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىللە قايتىدۇ. شۇ سەپىرىدە موسكۋادىن قول بىلەن تولغاپ ئويۇن قويىدىغان بىر كىنو ئاپپاراتى ۋە شەيتانچاق (ۋېلىسىپىت) ئالغاچ كەلگەن. ئۆيىمىز ھازىرقى دوستلۇق كىنوخانىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئويمان كوچىدا ئىدى. كىنونى ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمانلارغا، ئاغىنىلىرىگە قويۇپ بېرەتتى. ئېكراندىكى بىر - بىرىنى قوغلىشىۋاتقان، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىۋاتقان قورچاق ئادەملەر كىشىلەرگە ئىنتايىن قىزىق تۇيۇلاتتى. كېيىن بۇ ئاپپاراتنى تيەنجىنلىك بىر خەنزۇ كىشىگە سېتىۋەتتى. ئۇ كىشى نەنمىن (جەنۇبىي دەر-

① شىنجاڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تېخنىكلىرىدىن بولغان خەمزە كارباينىڭ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 13 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭنىڭ ئېلېكتىر، قاتناش، كىنو ئىشلىرى تارىخىدىن ئەسلىمە» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.



ۋازا) ئىچىگە 40 — 50 ئادەم سىغىدىغان بىر كىنوخانا سېلىپ، مەخسۇس كىنو قويۇپ بېلەت سېتىپ تىجارەت قىلدى».

1930 - يىلى، ئۈرۈمچىدە كۆلەڭگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى بىلەن قورچاق كىنولار قويۇلدى؛ 30 - يىللىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرلىك تەرەققىيپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەردىن مەتنىياز مەخسۇم، ھۈسەيناخۇن ھاجىم قاتارلىقلار قەشقەردە «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» نى قۇردى. ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ ئاۋازسىز كىنو ئاپپاراتى سېتىۋالدى ھەمدە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا دائىر بەزى ۋەقەلەر، شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى سۈرەتكە ئېلىنغان 35 مىللىمېتىرلىق ئاپپاراتتىن نەچچىنى ئىجارىگە ئېلىپ، «فرونتتىكى سولدات» قاتارلىق سوۋېت فىلىملىرىنى كۆرسەتتى. 1934 - يىلى بۇ «كىنو تەرەققىيات شىركىتى» يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر جۈپ ئۈنلۈك ئاپپارات سېتىۋېلىپ، 35 ۋە 16 مىللىمېتىرلىق فىلىم، ژۇرناللارنى ئىجارىگە ئېلىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قويدى. بۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «چاپايېۋ»، «چېگرىدا» قاتارلىق فىلىملىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يەنئەندىكى پائالىيەتلىرى كۆرسىتىلگەن «جۇڭگودا» قاتارلىق فىلىملىرى قويۇلدى. 1931 - يىلى، فرانسىيىنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى قۇمۇل ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ شوپۇرى ئانزۇرگە ئۇلارنى قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە ساق - سالامەت ئەكېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، فرانسىيىدە ئىشلەنگەن، چامادان شەكىللىك ئاۋازسىز، ھەرىكەتلىنىدىغان كىنو ئاپپاراتىدىن بىرنى سوۋغا قىلغان. مانا بۇ ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم كىرگەن چامدان شەكىللىك كىنو ئاپپاراتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاپپارات

قولدا ھاسىل قىلىنغان توكتىن تەمىنلىنەتتى. دىنام ۋە لېنتا تەخسىلىرى ئاپپارات ئىچىگە ئىخچام ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق 12 ۋولت توك ئىشلەپچىقىرىدىغان دىنام ئاپپاراتنىڭ ئىككى دانە چىراغىنى ياندۇراتتى. فىلىم قويۇلغاندا، ئىچىدىكى ئېلېكتر چىراغ ياناتتى. لېنتا يۆتكەلگەندە، سىرتىدىكى ئېلېكتر چىراغنى يېقىپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. چىشلىق چاقلار دىنامنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلەتتى. چىشلىق چاقلارنىڭ جايلىشىشى قايماق ئايرىيدىغان ماشىنا (سېپىراتور) غا ئوخشاش ئىدى. دىنام يېنىدىكى ئوققا ئىنچىكە زەنجىر بېكىتىلگەن بولۇپ، دىنام قول ھەرىكىتى بىلەن ئايلانغاندا، كىنو لېنتىسى زەنجىر ئارقىلىق بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلەتتى. قول ھەرىكىتى قانچە چاپسان بولسا، ئاپپارات ئىچىدىكى ئېلېكتر چىراغ شۇنچە كۈچلۈك يورۇيتتى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا لېنتىمۇ تېز ھەرىكەت قىلىپ، تېز يۆتكىلەتتى. ئېكراندىكى ھەرىكەتلەرمۇ تېز كۆرۈنەتتى. كىنو ئاپپاراتىنىڭ ھەجمى 20 × 30 × 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ئېكرانى بىر كىۋادرات گەز چوڭلۇقتىكى مەخسۇس كۈمۈش بىرىكمىسىدىن ياسالغان سىر بىلەن سىرلانغان ئاق رەختتىن ئىبارەت ئىدى. 12 مىللىمېتىرلىق ئالتە تەخسىسى بار ئىدى. فىلىمنىڭ مەزمۇنى: بىر ئۈۋچىنىڭ بۆركۈت بىلەن تۈلكە ئوۋلىغانلىقى؛ بىر ئېيىقنىڭ ھەسەل يېيىش ئۈچۈن كۆتەكنىڭ كاۋىكىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ چىقىرالماي قىينىلىپ كەتكەنلىكى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

20 - يىللاردا، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسى ئىچكى قىسمىدا كىنو قويۇشقا باشلىغان، بۇ كىنولار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان خادىملىرىغا ۋە



شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغا قويۇپ بېرىلگەنىدى. بۇ كىنو - فىلىملەردە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئەھۋالى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چوڭ - چوڭ شەھەرلەر، ھايۋانات دۇنياسى، تەبىئەت مەنزىرىلىرى كۆرسىتىلگەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتلىك ئاۋازسىز فىلىملار ئىدى. گەرچە بۇلار ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى بەھىر ئالىدىغان «ئەجنەبىيلەر بايلىقى» بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئۆزى بۇ چېگرا شەھىرىدە زامانىۋىلاشقان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ بەرپا بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

«1932 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەركەند ۋىلايىتىدە يەرلەشكەن غۇلجىلىق ئۇيغۇر ھۆسەيىن بىر جۈپ كىنو ئاپپاراتى ۋە بىرنەچچە فىلىمنى غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىپ، ئاۋۋال قارادۆڭدىكى بىر دەڭدە، كېيىن ئۈچ دەرۋازىدا «چاپايېۋ»، «گۈزەل ۋاسىلىسا» (پاقا چوكان) قاتارلىق فىلىملەرنى كۆرسەتتى. 1934 - يىلى، ئۇنىڭ كىنوخانىسى «ھۆسەيىن كىنو شىركىتى» بولۇپ قۇرۇلدۇ. شىركەت بىر جۈپ يېڭى، ئۆگىلىك ئاپپارات سېتىۋېلىپ، كۆپلىگەن فىلىملەرنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىلى ۋىلايىتىدە قويىدۇ».①

1935 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەردىن قادىر ھاجىم، ئەمەتئاخۇنۇم، ئەمەت شاڭيو قاتارلىقلار بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدە «شەرق شامىلى كىنو شىركىتى» نى قۇرىدۇ. ھازىرقى ئازادلىق يولى مەدەنىي بۇيۇملار ماگىزىنىنىڭ ئورنىدىكى «تەيخۇشاڭ» دېگەن سارايدا بىر جۈپ ئۆگىلىك

① شېرىپ خۇشتار: «30 - يىللاردا شىنجاڭدا قۇرۇلغان خۇسۇسىيلار ئىگىدارلىقىدىكى ئۈچ كىنو شىركىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1991 - يىل 16 - ئاپرېل سانىدىن ئېلىندى.

ئاپپارات سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «چاپا-
يېۋ»، «تىراكتورچى»، جۇڭگودا ئىشلەنگەن «يېرىم كېچىدىكى
ناخشا ئاۋازى»، «ۋاپاسىز ئەر - خوتۇن» ۋە ياپون باسقۇنچى-
لىرىغا قارشى ئۇرۇش تېما قىلىنغان فىلىملەرنى ئىجارىگە
ئېلىپ كۆرسەتتى. كېيىنچە بۇ كۇلۇب ۋە شىركەت شىڭ
شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ «مەركىزىي ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسى» غا سېتىپ بېرىلىدۇ.

ئۈرۈمچىدە ئەڭ دەسلەپ كىنوخانا قۇرۇپ، كىنو قويۇشقا
جۈرئەت قىلغان كىشى ياڭ يۈەنفۇ دېگەن سودىگەر ئىدى.
ئۇ تيەنجىنلىك تۇكولاڭچى بولۇپ، 1876 - يىلى، چىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زوزۇڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلارنى ھەربىي
قىسىم بىلەن ياقۇپبەگنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە زەربە بېرىپ، شىن-
جاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئەۋەتكەندە، ياڭ يۈەنفۇ بىلەن
بىر تۈركۈم تيەنجىنلىك ياڭليۇچىڭلىق تىجارەتچىلەر مال ساتى-
دىغان سېۋەت - تەڭزىلىرىنى كۆتۈرۈپ قىسىمغا ئەگىشىپ ماڭ-
غان. ئۇلار يول بويى قىسىمنى لازىمەتلىك ماللار بىلەن
تەمىنلىگەن، قىسىممۇ ئۇلارنى قوغدىغان. شۇنداق قىلىپ كېچە -
كۈندۈز قىسىمدىن ئايرىلماي مېڭىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. شۇڭا
كىشىلەر بۇلارنى «لاگىرغا ئەگىشىپ چىققانلار» دەپ ئاتاش-
قان. ياڭ يۈەنفۇ «لاگىرغا ئەگىشىپ» ئۈرۈمچىگە چىققاندىن
كېيىن، ئۆزى بىللە كەلگەن تۇغقىنى ۋاڭ جىڭچۈەن
بىلەن بىرلىشىپ قەغەز گۈل ياساپ تىجارەت قىلىپ، باھار
بايراملىرىدا ياكى چېركاۋ ۋە ئەمەلدارلار قەسىرىدىكى تەبرىك-
لەش كۈنلىرىدە سېتىپ پۇل تاپىدۇ. كېيىن ئىككىسى
قەغەز گۈل ياساپ توپلىغان پۇلى بىلەن شۇ چاغدىكى شىما-
لى بازار (ھازىرقى ئازادلىق شىمالىي يول) دا مىلىچ ماللار
دۇكىنى ئېچىپ، نامىنى «دېڭشىڭفۇ» دۇكىنى دەپ ئاتىدى. تۆت



يىلدىن كېيىن ياڭ يۈەنفۇنىڭ قېيىن ئاتىسى سارايۋەنلىك
كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياڭ يۈەنفۇنى سارايغا ئەكىلىپ
بۇ كەسىپنى باشقۇرغۇزدى. ياڭ يۈەنفۇ كەسىپ باشقۇرۇش
جەريانىدا تىبابەتچىلىكنىمۇ يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن ھەمىشە
كىشىلەر كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ كېسەل
كۆرۈش جەريانىدا غۇلجىلىق مابىڭچى دېگەن سودىگەر
بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. مابىڭچىنىڭ دادىسى ئۆكتەبىر
ئىنقىلابىدىن كېيىن جۇڭگوغا قېچىپ ئۆتكەن بولۇپ، قولىدا
روسىيىنىڭ بىر يۈرۈش كونا كىنو ئاپپاراتى، شۇنىڭ بىلەن
بىللە ئون تەخسە ئاۋازسىز فىلىم لېنتىسى ۋە بىر گېنېراتو-
رى بار ئىكەن. ئىشلىتىشنى بىلمىگەنلىكتىن، بۇ ئاپپارات كۆپ
يىللاردىن بېرى غۇلجىدا بىكار تۇرغانىكەن. مابىڭچى بۇ
كىنو ئاپپاراتىنى ياڭ يۈەنفۇغا سېتىپ بەرمەكچى بولىدۇ.
ئىككى تەرەپ كېلىشىپ، بۇ ئاپپاراتنى ياڭ يۈەنفۇ بارلىق
ئۈسكۈنىلىرى بىلەن بەش مىڭ سەر ئۆلكە پۇلىغا سېتىۋالىدۇ.
ياڭ يۈەنفۇ 1931 - يىلى ئاپپارات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن
غۇلجىغا بارىدۇ. ئالتە ئات كۈچىگە ئىگە بىر دىزىل ماتور
بولۇپ، ئېغىرلىقى 400 كىلوگرام كېلەتتى. ياڭ يۈەنفۇ ئالتە
ئات ھارۋىنى كىرا قىلىپ، بىر ئايدىن كۆپرەك ھەرەج تار-
تىپ، پۈتۈن زاپچاسلارنى ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىدۇ.
1932 - يىلى ياڭ يۈەنفۇ تېۋىپلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق
شۇ چاغدىكى سىمسىز ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تېخنىكى زوكۈي-
شىڭنى تەكلىپ قىلىپ، بارلىق زاپچاسلارنى قۇراشتۇرغۇ-
زىدۇ ھەمدە رەسمىي ئويۇن قويىدۇ. ئويۇننىڭ ئىقتىسادىي
ئۈنۈمىمۇ ئوبدان بولىدۇ. ئۇ شۇ ئاساستا «دىخۇا دېيۈەن
كىنو شىركىتى» نى قۇرۇۋالىدۇ. كەسپىي ھازىرلىقلار پۈتۈ-
كەندىن كېيىن، شۇ مەزگىلدىكى «ئەجنەبىي شامىلى» نى تو-

سۇش ھەرىكىتىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن، خېلى ئۇ-
زۇنغىچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش كىنىشكىسى ئالالمايدۇ.
ياڭ يۇەنفۇنىڭ ئوغلى ياڭ تيەنپېي تيەنجىندىن چىش داۋا-
لاش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۆلكە
رەئىسى جىن شۇرېننىڭ ئەپيۇن چېكىپ چىشلىرى چىرىپ
چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كاتىبات باشلىقى
لۇشياۋزۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ياڭ تيەنپېي جىن شۇرېن-
نىڭ چىشىنى داۋالاپ ساقايتىدۇ. جىن شۇرېن رازىمەنلىك
بىلدۈرۈپ، ياڭ تيەنپېيگە 100 سەر ئۆلكە پۇلى ھەدىيە
قىلىدۇ. دېيۇەن كىنو شىركىتىمۇ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ
لۇشياۋزۇ بىلەن ئاكتىپ تۈردە ئالاقە ئورنىتىدۇ. لۇشياۋزۇمۇ
«دېيۇەن» گە ئۆز قولى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ بېرىپ،
دېيۇەننىڭ ئالەمنى ئېلېكتر نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، چىش
ئازابىنى يوقىتىشقا بەل باغلىغان ئىرادىسىنى مەدھىيىلەيدۇ.
بىراق ئۇ سودىنى باشقۇرمىغاچقا، «دېيۇەن» نىڭ تىجارەت
باشلىشىنى تەستىقلىيالمايتتى. سودا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان
ئورۇن ئەينى دەۋردىكى خەلق ئىشلار نازارىتى ئىدى. بەختكە
يارىشا خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى لى چىش ئاغرىقىغا
گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ، يەنە لۇشياۋزۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى
بىلەن ياڭ تيەنپېي لى نىڭ چىشىنى داۋالاپ ساقايتىدۇ،
بەرگەن «مۇكاپات» نى رەھمەت ئېيتىپ ئالمايدۇ، بەلكى
كەسپىنى يولغا قويۇش كىنىشكىسى ئېلىۋېلىش مەقسىتىگە
يېتىدۇ. لى ئائىلىسىدىكى بايۇەتچىلەر گۇاڭدۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا
ئوقۇپ شىنجاڭغا كېلىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىگە خىزمەتكە
ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار «ئەجنەبىي ئىستىلى» نى ياخشى
كۆرەتتى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۆرۈمچىدە كىنوخانا سالدۇرماق-
چى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ. لىنى بۇ



ئىشىنى تېزرەك ھەل قىلىپ بېرىشكە ئالدىرىتىدۇ ۋە لىنىڭ
جىن شۇرېنغا دوكلات قىلىشى بىلەن «دېيۇەن» 1932 -
يىلى ئىيۇلدا رەسمىي كىنو قويۇشنى باشلايدۇ. كىنوخانا
ئەسلىدىكى «دېفېڭجەن» (ھازىرقى ئۈچ يۇلتۇز رەسىمخانىسى-
نىڭ يېنىدا) قورۇسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا 200
كىشىلىكتىن كۆپرەك ئورۇن ھازىرلىنىدۇ. دەسلەپ قويۇلغاندا،
ئالدى بىلەن لۇشياۋزۇ ۋە لىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر،
ئەينى دەۋردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك سودا ئەمەلدارلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، بايۇەتچىلىرى، ئېسىلزادە خېنىملىرى
كۆرىدۇ. بۇ چاغدا قويۇلغىنى ئاپپارات بىلەن بىللە سېتىۋې-
لىنغان چەت ئەلنىڭ ئون تەخسە كىنو لېنتىسى بولۇپ، تولا
قويۇلۇپ ئۇپراپ كەتكەنىدى؛ شۇنداق بولسىمۇ، ئەزەلدىن
تارتىپ «ئەجنەبىي ئويۇنى» نى كۆرۈپ باقمىغان مۇتەئەسسىپلەر
يەنىلا يېڭىلىق ھېس قىلىشقان. بېلەت ساتىدىغان ئىشىك
ئالدىدا ئادەملەر تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن.
ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەيداندا سىرتقا بېلەت سېتىپ قويغان.
بېلەت سېتىش ئۆيىنىڭ دېرىزە - ئەينەكلىرى قىستى - قىستاڭ-
دا سۇنۇپ كەتكەن.

بۇ چاغدا جىن شۇرېن بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا
كەسكىن ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقان،
يەرلىك ھۆكۈمەت قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. خە-
لق ئاممىسىنىڭ توپىلىشىپ «چاتاق» چىقىرىشىدىن قورقۇپ
ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ساقچىلارغا پەرمان چۈشۈرۈپ، «دېيۇەن»
كىنوخانىسىنى تىجارەتتىن توختاتتى ۋە پېچەتلىۋەتتى. ئۇ-
نىڭدىن كېيىن، «ھەرىكەتلىك سۈرەتلىك فىلىم» لەرنىڭ
ئېكرانىدا قويۇلۇشى كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىۋەتتى.
ئۇزۇن يىللار توختاپ قالغان تېرە قورچاق ئويۇنى قايتا ئوت-

تۇرىغا چىقىپ، جانلىنىشقا باشلىدى. تېرە قورقاق ئويۇنـ
نىڭ ئىلهامى بىلەن كىشىلەر ئوت يالقۇنىدىن پايدىلىنىپ،
ئېكرانغا شولا چۈشۈرىدىغان بىر خىل يېڭى ئۇسۇلدىكى ئويۇن
شەكلىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنداق ئوت يالقۇنى ئارقىلىق
ئارتىسلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئېكرانغا چۈشۈرۈپ كۆرسىتىدىغان
ئويۇننى كىشىلەر «شولا ئويۇنى» دەپ ئاتاشتى. بۇنىڭدا ئار-
تىسلار ئېكراننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئويۇن قويىدۇ. تاماشىبىنـ
لار ئېكران ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرىدۇ. ئېكراندا پەيـ
دا بولغان ئوبرازلار ھەرىكىتى يان تەرەپتىن كۆرۈنسىمۇ،
لېكىن پېرسوناژلار بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغانلىقى،
مۇزىكا چېلىندىغانلىقى، لەپەرلەر ئېيتىلىدىغانلىقى ھەمدە
يېڭى نومۇرلارنىڭ كۆپ بولۇشى تۈپەيلىدىن، «شولا ئويۇنى»
بىر مەزگىل تاماشىبىنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. «شولا
كىنو» دەسلەپتە، ئىككى كىشىنىڭ قىزىقچىلىق قىلىش نومۇر-
لىرىنى ئورۇنداشتىن باشلاندى. «ئىككى ئائىلىنىڭ تاكاللىشىشى»،
«قارىغۇنىڭ گاچىنى قوغلىشى» قاتارلىقلار ئاشۇ خىلدىكى
«شولا كىنو» لار جۈملىسىدىن ئىدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، نومۇرلارنىڭ
مەزمۇنى ئۈزلۈكسىز ھالدا بېيىدى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
ياپونلۇق ئالۋاستىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى قىرىشى ئىپادىلەنگەن
بىر نومۇردا، ئويۇن باشلىنىش بىلەنلا ئېكراندا بىر تال
دەرەخ شامالدا لىڭشىپ تۇرىدۇ. ئارقىدىن ئىتنىڭ قاۋىغان،
مىلتىق ئېتىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئاندىن تۆت ياپون ئەسـ
كىرى بىر جۇڭگولۇقنى باغلاپ ئېلىپ چىقىدۇ، ئۇلار جۇڭگو-
لۇقنى بومبىنىڭ نەگە كۆمۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە
قىستايدۇ. جۇڭگولۇق جاۋاب بەرمەيدۇ. ياپون ئەسكىرى جۇڭـ
گولۇقنى تېپىپ يۇمىلىتىۋېتىدۇ، قامچا بىلەن ئۇرىدۇ. ھوشـ



سىزلانغان جۇڭگولۇقنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ، بوينىغا سىرتماق
سېلىپ، دەرەخكە ئاسىدۇ. ئېكراندا قورقۇنچلۇق ھالەت
پەيدا بولىدۇ. تاماشىبىنلارمۇ قاتتىق ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ،
لېكىن، سەھنە كەينىدىكى ھەرىكەت ناھايىتىمۇ ئاددىي ئىدى.
دەرەخ بىلەن ئادەم كىچىككىنە قەغەزدىن قىيىپ ياسالغان
بولۇپ، ئېلېكتر يورۇقىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، ئېكرانغا چۈشۈرۈ-
لۈپ چۈشۈرۈش يولى بىلەن زور ئېكران ئۈنۈمى ھاسىل
قىلىنىدۇ؛ يەنە بىر نومۇرغا «ساتقىننىڭ كۆڭلى» دەپ نام
قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ساتقىن پارتىزانلار تەرىپىدىن
تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆز قىلمىشىغا ئىقرار بولمايدۇ،
پارتىزانلار ئۇنى دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، مىلتىقنى ھاۋاغا
قارىتىپ ئېتىپ ھەيۋە قىلىدۇ. مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا
ئۇ ياغاچقا باغلانغان ئىتقا ئايلىنىپ قالىدۇ، قاۋاپ، يۇلقۇنۇپ
تۇرىدۇ. مىلتىقتىن ئوق ئېتىلغان ئاۋاز يەنىلا ئاڭلىنىدۇ.
ھېلىقى ئىت ئەمدى زەھەرلىك يىلانغا ئايلىنىپ، تۈرۈلۈپ
سوزۇلىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئېلېكتر نۇرىنىڭ
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتىكى غۇۋالىشىش پەيتىدە
ياساپ قويۇلغان مودېللارنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش بىلەن پەيدا
بولغان. ئەينى يىللاردا «شولا كىنو» ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ
كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان كۆپلىگەن كۆرۈنۈشلەر مەيـ
دانغا كەلگەنىدى. لېكىن ئۇنى ھامان تىياتىر قىلىپ ئورۇنـ
داشقا بولمايتتى. پەقەت بەزى نومۇرلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا
قىستۇرۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىناتتى. قانداقلىكى بولمىسۇن، بىر
مەزگىل ئەۋج ئالغان «شولا كىنو» لار رەسمىي كىنو قويۇلۇشـ
تىن ئىلگىرىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تەشـ
ۋىقاتىدا، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتا مەلۇم
رول ئوينىغانىدى.

بىر خىل تەشۋىقات شەكلى بولغان «شولا كىنو» بىر مەزگىل ئاققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھامان كىنو ئەمەس ئىدى. كىشىلەرنىڭ كىنوغا بولغان ئارزۇسى ۋە تەقەززالىقى بۇنىڭ بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايتتى. كىشىلەرنىڭ كىنوغا بولغان تەقەززالىقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاتناپ تۇرۇۋاتقان سودىگەرلەر لەنجۇدىن كونا شەكىلدىكى كىنو قويۇش ئاپپاراتىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا «شىخۇ كۆلىدىكى ئون مەنزىرە» ۋە «سىلاگىنىڭ ئانىسىنى ئىزدىشى» قاتارلىق بېيجىڭ تىياتىرىنىڭ لېنتىسىنى ئېلىپ كەلدى. گەرچە كىنو قويۇش ئاپپاراتى بىلەن لېنتا ئاۋازسىز بولسىمۇ، تاماشىبىنلار ئېكراندىن خاڭجۇدىكى شىخۇ كۆلىنىڭ تاغ - سۇلىرىنى كۆرەلەيتتى. بۇنىڭ ئۈنۈمى ئاپئاق خەسىگە چۈشۈرۈلگەن قارا سايىدىن كۆپ ياخشى ئىدى.

خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىدا بۇ بىر يۈرۈش «يېڭىلىق» نىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن كىنوخانىنىڭ ئالدى ھەر كۈنى كەچتە ئات - ھارۋىلار بىلەن توشۇپ، قايىنام - تاشقىنلىققا ئايلىنىپ ئەينى ۋاقىتلاردىكى دېيۇەن كىنو شىركىتى كىنو قويغان چاغلاردىكىدەك ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. بىراق، يېرىم ئاي كىنو قويۇلغاندىن كېيىن، كىنو كۆرىدىغانلارنىڭ سانى ئازىيىپ، كىنوخانا ئورۇندۇقلىرىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك بوش قالدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن، خەنزۇ مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى سىملىق رادىئو ئىستانسىدىن بىر دانە ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئاپپاراتىنى ئارىيەت ئېلىپ، كىنوخانىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيى بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر «گاچا» كىنوخانىدىن چىققان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدى. ئەمما مۇزىكا تەخسىسى ئاز بولغاچقا قايتا - قايتا قويۇشقا توغرا كېلەتتى. «شىخۇنىڭ



ئون خىل كۆرۈنۈشى» قويۇلغان چاغدا، مۇبادا گۇاڭدۇڭنىڭ «يامغۇردا بانان ئۈزۈش» ناملىق مۇزىكىسى قويۇلسا، كىشىلەر خېلى ھوزۇر ئالاتتى. ئەمما «سىلاگىنىڭ ئانىسىنى ئىزدىشى» قويۇلغان چاغدا، ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان مۇزىكا تەخسە بولمىغانلىقتىن، ھەمىشە «داغدام يول ناخشىسى»، «بېلىقچىلار مارشى» قويۇلۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ مەسخىرە كۈلكىسىنى قوزغايتتى. بۇ ئۇيۇشما كېيىن بېيجىڭ تىياتىر ئارتىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ، سەھنە كەينىدە تۇرغۇزۇپ مۇزىكا چالغۇزۇپ، ناخشا ئېيتقۇزدى. بۇ ئىش تاماشىبىنلارنىڭ قاتتىق مەسخىرىسىگە قالدى. بۇ تاماشىبىنلارنىڭ زوقلىنىش ئىشتىھاسىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى، ئاۋازسىز كىنولاردىن قانائەت ھاسىل قىلمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ كىنو خەلق ئاممىسىنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرەتتى. زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بولسا، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كىنونىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولاتتى. 30 - يىللاردا، ئۈرۈمچىدە مۇنتىزىم كىنوخانىدىن ئۈچ، ھەر خىل ئويۇنخانىدىن 89 ى بار بولۇپ، بۇ كىنوخانىلاردا تاماشىبىنلار تولۇق ئولتۇرۇپ كىنو كۆرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنىدى. بۇ مەزگىلدە كىنو قويۇش ئاپپاراتى 40 قا يېتىپ، كىنوخانىلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئاۋازلىق فىلىملەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن قويۇلۇشقا باشلىغانىدى.

### ئاۋازلىق كىنو - فىلىملەرنىڭ قويۇلۇشى

20 - يىللاردا غەربنىڭ ئېلېكتىر ئۈسكۈنە سانائىتى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندى. شۇ دولقۇن ئىچىدە رادىئون (ئاۋاز تارقىتىش ئۈسكۈنىسى) دۇنياغا كېلىپ، كىنو ئاۋازلىق بولۇش

دەۋرىگە قاراپ يۈزلەندى. كىنوغا زۇۋان كىرگۈزۈش يولىدا
ھەرقايسى ئەل تەبىئىي پەن ئالىملىرى سان - ساناقسىز
تەجرىبە - سىناقلار ئۆتكۈزدى. ئاخىرى كىنو 1892 - يىلى
ئامېرىكىلىق ئالىم ئېدىسوننىڭ تەجرىبىخانىسىدا ئاۋاز چىقاردى.
ئەمما، بۇمۇ قانائەتلىنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلالمىدى. كېيىن
سىمسىز رادىئو ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى بۇ جەھەتتىكى
كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاۋازلىق كىنولارنىڭ
مەيدانغا كېلىشىگە داغدام يول ئېچىپ بەردى. 1927 - يىلى
ئامېرىكىدا نيۇيورك ئوپېرا تىياتىرخانىسىنىڭ مەشھۇر ناخشىچىسى
ئېرچۇنسۇننىڭ رول ئېلىشىدا «ناخشىچى ئاجىس»دېگەن ئىككى
قىسىملىق ئاۋازلىق كىنو فىلىمى ئىشلەندى. بۇ فىلىمدە مۇزىكا
بىلەن سەھنىدىكى سۈنئىي سادالار بولغاندىن باشقا پېرسوناژلار
دىئالوگى يوق ئىدى. ھېكايە ۋەقەلىكى ياندىن مىكرافوندا چۈشەن-
دۈرۈلەتتى. ئەمما كىنودا تۇنجى قېتىم ئاۋاز بىلەن سۆز بىرلەش-
تۈرۈلدى. ئېكراندا ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلىرى، قۇش-
لارنىڭ سايراشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، قىزلارنىڭ چىر-
قىراشلىرى، ماشىنا - پويىزلارنىڭ گۈركىرەشلىرى ۋە تەبىئەت
ھادىسىلىرى ئەينەن ئاڭلىنىپ ۋە شۇ پېتى كۆرسىتىلىپ،
كىنونىڭ گاچىلىق دەۋرىگە ئۈزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلدى.
كىنونىڭ ئاۋازلىق دەۋرى مانا شۇندىن تارتىپ باشلاندى.
ئەمما، دۇنيادا ئىسمى - جىسمىغا لايىقلاشقان ئاۋازلىق كىنو
ھوللىۋود كىنو شىركىتى 1929 - يىلى ئىشلىگەن «نيۇيورك
نۇرى» ناملىق فىلىم بولۇپ سانىلىدۇ.

ئاۋازلىق كىنولار ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا
كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، كىنو ئىشلەش قول
ھۈنەر سانائىتىدىن پەيدىنپەي ئايرىلىپ چىقىپ، يىرىك
سانائەت شەكلىنى ئېلىپ، قۇرۇلمىسى مۇكەممەللىشىپ، دۇن-



يانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى.

گەرچە بىزنىڭ مەملىكىتىمىز «چىراغ كۆلەڭگە» ئويۇنى
نىڭ مەنبەسى بولۇپ، 2000 يىل بۇرۇن نۇر ئىلمى ئاساس-
لىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن مەزگىل
فېئوداللىق تۈزۈمدە توختاپ قالغانلىقى، جۇڭگو فېئودالل-
رىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكى، خۇراپىيلىقى، ئەمگەكچان، پاراسەتلىك
ۋە جاسارەتلىك خەلق ئاممىسىنى خورلىشى، كەمسىتىشى،
پەن - تېخنىكىنى نەزەرگە ئالماسلىقى، ئىلىم - پەن بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلارنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ
يول قويمىغانلىقى تۈپەيلى روناق تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن
جۇڭگو كىنوچىلىقى تەرەققىي قىلالماي، كىنو ئۆتكەن ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ غەرب ئەللىرىدىن جۇڭگوغا كىرىشكە
باشلىدى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بۇ مەزگىلدە باشقا دۆلەت-
لەرنىڭ كىنو بازارلىرىنى ئىگىلەپ، كونترول قىلىپ، ئۆز
تەسىر دائىرىسىنى ھەدەپ كېڭەيتەتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ كىنوغا
بولغان بازار ئېھتىياجى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭلا ئەمەس،
جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭمۇ ۋە ھەتتا جۇڭگو مەرىپەت-
پەرۋەر زىيالىيلىرىنىڭمۇ ئىشتىياق- ھەۋىسىنى قوزغىۋەتتى. شۇ-
نىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلارمۇ قوزغىلىپ كىنونى سىناق قىلىپ
ئىشلەپ بېقىش دەۋرىنى باشلىدى. ئاقىۋەت رېن جىڭفېڭ،
جاڭ شېچۇەن، جېڭ جېنچيۇ قاتارلىق ئەڭ دەسلەپكى
ئەۋلاد رېژىسسورلىرىمىز «دىڭجۈنشەن»، «قېلىنچۇازلىق»، «سۈزۈك
ئاسمان راۋىقى» قاتارلىق ئېپىزوت ۋە «قەدىناس ئەر-
خوتۇن»، «ئاچا - سىڭىل چېچەكلىرى» قاتارلىق نىكاھ سودى-
سى ئاستىدىكى بەختسىزلىكنى كۆرسىتىپ، نامۇۋاپىق نىكاھ
تۈزۈمىگە بولغان نارازىلىق ۋە قارشىلىقنى ئىپادىلەيدىغان
ھېكايە فىلىملەرنى ئىشلەپچىقاردى. مىللىي تۇرمۇشتىن ئېلىن-

غان بۇ رېئال تېمىدىكى فىلىملەر، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە دېگۈدەك قويۇلدى. جۈملىدىن شۇ يىللاردا شىنجاڭدىمۇ قويۇلدى. «ئاچا - سىڭىل چېچەكلىرى» ناملىق ئاۋازلىق ھېكايە فىلىمىدىكى ھەدىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ رولىنى ئەڭ دەسلەپكى ئايال كىنو ئارتىسى خۇدې يالغۇز ئورۇندىغان بولۇپ، ھەدىسى قاراقچىنىڭ ئۆيىدىكى دېدەك، سىڭلىسى ئەمەلدارنىڭ ئەركە - نازىناق خېنىمى ئىدى. بۇ كىنونى قويۇش ھەققىدىكى ئېلان ھازىرقى داشىزى يېمەك - ئىچمەكلەر دۇكىنىنىڭ خىش تېمىغا، قىزىل قەغەزگە ئالتۇن رەڭ بىلەن ئالاھىدە چوڭ خەت قىلىپ يېزىلىپ چاپلانغان. بۇ خىش تام ئەينى يىللاردىكى رەڭدار ئېلان تاختىسىغا ئايلىنىپ قالغان. ئېلان كۆرىدىغان كىشىلەر بۇ يەرگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. جامائەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش ئۈچۈن چېلىنغان داقا - دۇمباق ئاۋازلىرى، قىستا - قىستاڭ، تىقما - تىقماقچىلىقتىن كېيىن ئاندىن كىنو رەسمىي قويۇلۇشقا باشلايتتى. «ئاچا - سىڭىل چېچەكلىرى» ئالدى بىلەن ھەربىيلەر، ھۆكۈمەت، ئىدارە باشلىقلىرىغا قويۇپ بېرىلگەن. دەرۋازا ئالدىدا قىستىلىپ تۇرغان كىشىلەر پەقەت رەڭلىك چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان ئىشىك بېشىدىكى «جۇڭگو ئاۋازلىق كىنوسى» دېگەن خەتنىلا كۆرەلىگەن. قىزىقچىلىق كۆرگىلى كەلگەنلەر تاكى كىنو تۈگىگىچە ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، كىنونى كۆرۈپ چىققانلاردىن «قانداقكەن؟» دەپ سورايتتى. كۆرۈپ چىققانلار مەغرۇرلانغان ھالدا باش بارمىقىنى چىقىرىپ: «بەلەن، بەلەن، تولىمۇ بەلەن ئىكەن» دەپ ھىجىيىشاتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاممىغا بېلەت سېتىپ ئۇدا ئون نەچچە كۈن قويۇلغان. كىنوخانىنىڭ دەرۋازىسىدا



«ئورۇن تۈگىدى» دېگەن ئەپۇ سوراش ئۇقتۇرۇشى داۋاملىق ئېسىقلىق تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ «ئاچا - سىڭىل چېچەكلىرى»نى قىزىقىپ كۆرۈشى باش سودا ئىدارىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى. سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سودىگەرلەرنى لەنجۇ، شىئەنلەردىن ئۈرۈمچىگە كىنو - فىلىملەر ئەكىلىشكە رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن «قايتا ئېچىلغان گۈل»، «يالغۇز شەھەردىكى ئايال»، «كوچىدىكى پەرىشتە» قاتارلىق فىلىملەر ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈپ، يېڭى ئېلانلار تەرەپ-تەرەپكە چاپلىنىپ كەتتى. داشىزىغا ئېسىلغان لاتا ئېلانلار شەھەرگە بايرام تۈسى كىرگۈزگەنىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يالقۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئېپپەتلىك ئايال»، «پەرىشتە» ناملىق فىلىملەرگە كىشىلەر ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىمۇ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تېمىدا يېزىلغان درامىلارنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، ۋاقتى ئۆتكەن كونا كىنولارنى قويۇشنى چەكلىدى. ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، جىن يەن بىلەن ۋاڭ رېنمېي ئاساسىي رول ئالغان «يۈكسەك نىيەت — بۈيۈك ئىرادە» ناملىق فىلىم ئۈرۈمچىدە قويۇلۇشقا باشلىدى. گەرچە بۇ فىلىمدىن «ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتايلى!» دېگەن شوئارنى ئاڭلىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن فىلىمدە باشتىن - ئاياغقىچە زوراۋانلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي تېما يورۇتۇپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ جەڭگاھتا جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ ئوبرازى كۆرسىتىلگەندە، تاماشىبىنلار شىددەتلىك ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جەڭچىلەرنىڭ ئىستىھكا-

غا ئېتىلىپ كىرگەن ھالىتىنى كۆرىدۇ. خەلق ئامىسىنىڭ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئارقا سەپتە سوقا بىلەن بوز يەر ئېچىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى كىشىلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، «يۈكسەك نىيەت — بۈيۈك ئىرادە» قويۇلۇپ، «قوش ھەيدەش ناخشىسى» ئېيتىلىشى بىلەنلا، بۇ ناخشا پۈتۈن شەھەرگە تارالغان، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر-مۇنچە ئىلغار فىلىملەر قويۇلغان. شۇلار بىلەن بىللە «تەي-ئىبرجۇاڭدىكى جەڭ»، «لوگوچياۋ شاماللىرى» قاتارلىق ھۇج-جەتلىك فىلىملەرمۇ قويۇلغانىدى. بۇ فىلىملەر قويۇلغاندىن كېيىن، كىنو كىشىلەر قەلبىدە «خىيالىي دۇنيادىكى ئاجايىپ تاماشا» دىن رېئال ھاياتنىڭ سىلىشتۇرمىسىغا ئايلىنىدۇ.

«يۈكسەك نىيەت — بۈيۈك ئىرادە»، «بېلىقچىلار مارشى» قاتارلىق فىلىملەر ئۈرۈمچىدە قويۇلغاندىن كېيىن، «كىنو-نىڭ چىرايلىق ھۆسن - جامالى»غا يېڭى تەلەپ قويۇلۇپلا قالماي، يەنە كىشىلەرنىڭ كىنونىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدىن زوقلىنىش ئىقتىدارىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىدى. ھەر قېتىم قويۇلغان رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساداسىنى ئىپادىلىگەن فىلىملەر كىشىلەرنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە تالاش - تارتىش قىلىدىغان تېمىسىغا ئايلىنىپ قالاتتى.

جاۋدەن باش رول ئالغان «شياۋلىڭزى» ناملىق فىلىم ئەنە شۇنداق بولغان. جاۋدەن بۇ فىلىمدە باينىڭ پەرزەنتى جىيا بايۋەتچىنىڭ رولىنى ئالغان. بۇ سۆلەتۋاز بايۋەتچىنىڭ ئاق كۆڭۈل يېزا قىزى شياۋلىڭزىغا كەلتۈرگەن پاجىئەسى تاما-شىبىنلارنىڭ قاتتىق نەپرىتىنى قوزغىدى. «شياۋلىڭزى» نام-لىق فىلىم قويۇلۇپ ئازكۈن ئۆتمەي، تېخى بۇ جەھەتتىكى جامائەت پىكرى پۈتمەي تۇرۇپ، جاۋدەن قاتارلىقلار دۇجوڭ-يۈەن ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا خىزمەت



قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. جاۋدەن كۆزگە كۆرۈنگەن كىنو چولپىنى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا بايۋەتچىنىڭ رو-لىنى ئېلىشى قوشۇلۇپ ئەتىۋارلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەگەر جاۋدەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا پەيدا بولسىلا، دەرھال كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. يېڭى كەلگەن چاغلىرىدا، داۋاملىق بىر توپ ئادەملەر ئۇنى ئورىۋالاتتى، باللار ئۇنىڭغا ئەگىشىۋېلىپ «جىيا بەيۋەچچى» دەپ ئارقىسىدىن توۋلايتتى. جاۋدەن بولسا ناھايىتى ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇپ، ئاددىي كىيىنىپ يۈرەتتى.

«جىيابايۋەتچە» نىڭ پارىڭى ئۈرۈمچىدە تارقىلىپ يۈر-گەندە، «تۆت كوچىدا» ناملىق ھېكايە فىلىم قاتناش مەكتە-پىنىڭ كۇلۇبىدا قويۇلۇشقا باشلايدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر جاۋدەننىڭ بۇ فىلىمدىمۇ باش رول ئالغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن بۇ كىنونى بىرىنچى قېتىم قويغان كۈنى كەچتە، جاۋدەن، شۈيتاۋ، ۋاڭ ۋېي، جوجىنمىڭ قاتارلىقلار كىنوخانىغا كېلىدۇ. كىنو قويۇلۇشتىن بۇرۇن كىشىلەر «جىيا بايۋەتچە» نىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ قېلىپ، نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەر جاۋدەنگە تىكىلىدۇ. جاۋدەن تەمكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈلۈمسىرەپ، كۆپچىلىككە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىدۇ، شۇ زامات پۈتۈن مەيداندا ئالقىش ياڭرايدۇ، كىنو قويغۇچى جاۋدەن قاتارلىقلارغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، كىنونى بۇرۇنراق باشلىۋېتىدۇ. مەيداندىكى چىراغ ئۆچۈشى بىلەنلا كىنو باش-لىنىپ، «جىيابايۋەتچە» ئەمدى ئېكراندا يەنە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى تاماشىبىنلارنى قاتتىق كۈلدۈرىدۇ. ئۇ چاغدا بارلىق كىنوخانىلاردا ئاق ئاپپارات قوللىنىلغان بولۇپ، ھەربىر فىلىيونكا تەخسىسىنى ئالماشتۇرغاندا، ئېلېكتر ئىككى - ئۈچ مىنۇت يورۇيدۇ، چىراغ ھەر قېتىم يورۇغاندا،

تاماشىبىنلار جاۋدەنگە قارايتتى. كىنو يېرىمىغىچە قويۇلغاندا، تەخسە قاراڭغۇدىلا ئالماشتۇرۇلىدۇ، كىنو قويغۇچىنىڭ بۇ تەدبىرى تاماشىچىلارنىڭ چاۋاك چېلىپ «نارازىلىق» قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىنودا ئېيتىلىدىغان ئاساسىي ناخشا تەخسىسى قويۇلغاندىن كېيىن «چىراغ، چىراغ ياندۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋازلار تەرەپ - تەرەپتىن چىقىشقا باشلايتتى. كىنو قويغۇچى ئامالسىزلىقتىن، ئېلېكتر چىراغىنى ياندۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن، جاۋدەن قاتارلىقلارنىڭ ئولتۇرغان ئورنى ئاللىبۇرۇنلا بوش قالغانىدى.

«تۆت كوچىدا» ناملىق فىلىم قويۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا «باھاردا خۇش پۇراق چاچىدۇ گۈللەر ...» ناخشىسى ياڭرايتتى، بەزىدە بالىلار بۇ ناخشىنى جاۋدەن بىلەن بىللە ئوقۇيتتى.

1938 - يىلى يازدا، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مائارىپ ئىدارىسى شىنجاڭغا يېڭىدىن تىپتىكى بىر كىنو ئاپپاراتى تەقسىم قىلدى. بۇ كىنو قويۇش ئاپپاراتىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام كېلەتتى. ئۇنى تۆت دانە فىلىم تەخسىسى بىلەن، ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىرلىق بىر ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە قاچىلاپ، سومكا كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ماڭغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، كىچىك تىپتىكى ئون نەچچە كىلوگرام كېلىدىغان دىزېل گېنېراتورى بولۇپ، ئۇ يۆتكەش ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق ئىدى، ئاپپارات بىلەن كىچىك تىپتىكى ئىككى دانە فىلىم لېنتىسى بىللە بولاتتى. ئۇنىڭ بىرى «ئىلمىي ئۇسۇلدا توخۇ بېقىش»، يەنە بىرىنىڭ نامى «بالىلار قوشۇنى لاگېرى» ئىدى. يېڭىدىن تىپتىكى ئاپپارات بولسىمۇ، ئېكراندا يورۇتىدىغان ئەڭ چوڭ نۇر ھەجمى تۆت كۇبمېتىر ئىدى.

1938 - يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن



ئاممىۋى مائارىپ سارىيىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا، مىڭدىن ئوشۇق يىغىن قاتناشچىلىرىغا مۇشۇ ئاپپاراتتا ئويۇن قويۇپ بېرىلگەن. ئاممىۋى مائارىپ سارىيى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئاپپارات سارايىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. بۇ ئاپپارات ئاۋازسىز، پەقەتلا ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە ياسالغان ئىككى كىچىك فىلىمنىلا قوياتتى. ئەمما ئۇنى يۆتكەش ئاسان، ئىشلىتىش قولايلىق بولغاچقا، كىنو قويۇشتىن ساۋاتى بولمىغان كىشىمۇ بەش مىنۇتلۇق مەشىقتىن كېيىن كىنو قويۇشنى ئۆگىنىۋالاتتى. شۇڭلاشقا يىغىن ئاچماقچى بولغان ئورۇنلار ئۇنى ئارىيەت ئېلىپ، يىغىندىن كېيىن كىنو كۆرسىتەتتى. يېرىم يىلغا قالماي بۇ ئاپپاراتنىڭ ئىككى فىلىمىنى ھەممە ئادەم دېگۈدەك كۆرۈپ بولغانىدى. بەزى ئىدارىلەر كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يىغىن ئۇقتۇرۇشلىرى ۋە ياكى ئېلانلىرىغىمۇ «يىغىندىن كېيىن كىنو قويۇپ بېرىلىدۇ» دەپ يېزىپ قوياتتى. شۇڭا كىشىلەر بۇ ئىككى فىلىمنى «كۆڭۈل ئېچىش فىلىملىرى» دەپ ئاتاشقانىدى. «كۆڭۈل ئېچىش فىلىملىرى»نى كىشىلەر كۆرۈپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن كىنو ئۇ چاغلاردا تېخى ئومۇملىشىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىلەتسىز قويۇلغان بۇ كىنولارنى ھامان كىشىلەر كۆرەتتى. 1939 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مائارىپ ئىدارىسىگە تاسادىپىيلا بىر فىلىم لېنتىسى كەلدى. فىلىم تەخسىسىنىڭ ئەپۇشكىسىغا «سۈيۈەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش» دەپ يېزىلغانىدى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ «كۆڭۈل ئېچىش»ى تېخىمۇ جانلاندى. شۇ يىلى ئىيۇلدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى «7 - ئىيۇل» ۋەقەسىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەشكە ماسلىشىش ئۈچۈن، دوبەن مەھكىمىسى غەربىي بىنادا خاتىرىلەش يىغىنى ئاچىدۇ، شېڭ شىسەي

يىغىنـىغا ئىشتىراك قىلىپ، خاتىرىلەش نۇتقى سۆزلەيدۇ.
يىغىندىن كېيىن «كۆكۆل ئېچىش» كىنوسى قويۇلىدۇ. شىڭ
شىسەيمۇ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرۇپ، «ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش» ناملىق يېڭى فىلىمنى كۆرىدۇ. بۇ فىلىمنى
مەركىزىي مائارىپ ئىدارىسى 1938 - يىلى ئەۋەتكەن بولىسمۇ،
توشۇش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقى تۈپەيلىدىن، فىلىم يوللار-
دا بىر يىل «ساياھەت» قىلىپ يۈرۈپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە
يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردا فىلىمنى ئالدىن
قويۇپ تەكشۈرۈش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغانلىقتىن، قوي-
غاندىن كېيىن ۋاڭجىڭۋېينىڭ سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشى ئارقا-
ئارقىدىن ئېكراندا كۆرسىتىلىدۇ، بۇنىڭغا شىڭ شىسەينىڭ
قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، كىنونى دەرھال توختىتىۋېتىدۇ. شۇ-
نىڭدىن تارتىپ «كۆكۆل ئېچىش» فىلىملىرىلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلىنىپ قالماي، خەلق مائارىپ سارىيىنىڭ مەلۇم باش-
لىقىغىمۇ چارە كۆرىلىدۇ. ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە
تاشلىنىدۇ، بۇ كىشىنىڭ «كۆكۆل ئېچىش» فىلىمى بىلەن
قانچىلىك ئالاقىسى بارلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ تۈر-
مىگە تاشلانغاندىن كېيىن، خۇددى «كۆكۆل ئېچىش» فىلىمى-
نىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ قاياققا كەتكەنلىكىنى
ھېچكىم بىلمەيدۇ.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش يىللىرى ئازاد-
لىقتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ كىنو ئىشلىرىنىڭ ئەڭ جانلانغان
دەۋرى بولۇپ، كىنو - تىياتىرخانىلار ئارقا - ئارقىدىن سېلى-
نىشقا باشلىغان. 1934 - يىلى «رۇس ئىقتىسادىي بىرلەش-
مىسى» قۇرۇلۇپ، بۇ بىرلەشمە ئەنلىياڭغا (ھازىرقى «دوست-
لۇق كىنوخانىسى» ئىزىغا) 500 كىشىلىك تىياتىرخانا
سالدۇردى. بۇ يەردە بىر يىلغىچە ھەر خىل تىياتىر، كون-



سېرتلار قويۇلۇپ، يىل ئاخىرىدا كىنو قويۇش ئىشى يول-
غا قويۇلدى. ئۇ چاغلاردا كىنونىڭ ئاۋازى پاتىفون ئارقى-
لىق ئاڭلىتىلاتتى. پاتىفون تەخسىسىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن
فىلىم لېنتىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش قىيىن بولغانلىقى
ئۈچۈن، پاتىفون تەخسىسىگە پەقەت كىنو چۈشەندۈرۈشى
بىلەن مۇزىكا ئېلىنغان. كىنو پېرسوناژلىرىنىڭ دىئالوگ
سۆزى لېنتىنىڭ ئۆزىگە يېزىلغان بولۇپ، ئېكراندا خەت-
كۆرۈنەتتى.

1935-يىلى بۇ كىنوخانىدا «تراكتورچى» ناملىق
ھەرىكەتلىك ھەم ئاۋازلىق فىلىم قويۇلدى. ئۈرۈمچى ئاھالىسى
مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇكەممەللەشكەن كىنو - فىلىم-
لەرنى كۆرۈشنى باشلىدى. بۇ مەزگىلدىكى كىنو لېنتىسى
8 — 12 چاس (تەخسە) ئىدى. فىلىم تاق ئاپپاراتتا قويۇل-
غاچقا، لېنتا يۆتكەشكە كۆپرەك ۋاقىت كېتىپ قېلىپ، بىر
قېتىملىق كىنو ئىككى ئۈچ سائەتتە تۈگەيتتى، ئىشلىتىلگەن
ۋاقتى ئۇزۇنراق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاپپارات قىزىپ
كېتىپ، بەزىدە كىنو لېنتىسىغا ۋە كىنو ئاپپاراتىغا ئوت
كېتىش ئىشلىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى، ئاپپاراتقا ئوت كەت-
كەندە، كىنو قويغۇچىلار شەپكىسى ۋە چاپانلىرى بىلەن ئوتنى
ئۆچۈرۈۋالاتتى. بەزى جايلاردا كىگىزنى، تاغارلارنى سۇغا
چىلاپ قوياتتى، ئامال قىلغانغا ئۆچمىسە، كىنو قويۇش
ئاپپاراتىنى كۆتۈرۈپلا تالاغا ئېلىپ چىقىپ ئۆچۈرۈۋالاتتى.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 40-يىللاردا، ئۈرۈم-
چىدە كىنو قويۇلىدىغان كىنوخانىلار: 1. «خەنزۇ مەدەنىي
ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قارىمىقىدىكى كىنوخانا بولۇپ،
بۇنىڭ ئىزى داشىزىدا ئىدى. 2. «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى» باشقۇرغان «مەدەنىيەت كىنوخانىسى» نىڭ

ئىزى نەنمېندە (ھازىرقى «مەدەنىي بۇيۇملار دۇكىنى» ئىزىدا) ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىتتىپاق ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندا، بۇ كۇلۇب «ئىتتىپاق كىنوخانىسى» دەپ ئاتالدى. 3. رۇس ئىقتىسادىي بىرلەشمىسى» سالدۇرغان «رۇس كۇلۇبى»، ئورنى نەنلىياڭدا بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن «دوستلۇق كىنوخانىسى» دەپ ئاتالدى. 4. «قازاق - قىرغىز ئۇيۇشمىسى» باشقۇرۇشىدىكى «قازاق - قىرغىز كىنوخانىسى» نىڭ ئىزى ھازىرقى 17 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ياندىشقان يول بويىدا ئىدى. دەسلەپتە كىنوخانىنىڭ ئەتراپى ۋە ئۈستى بورا بىلەن توسالغانلىقى ئۈچۈن شۇ چاغدىكى كىشىلەر بۇ كۇلۇبنى «بورا توسقان كۇلۇب» دەپ ئاتاشقان. 5. بۇلاردىن باشقا «شىنجاڭ گېزىتخانىسى»، «قاتناش مەكتىپى» قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ئۆز ئالدىغا كىنوخانا سالدۇرغان بولۇپ، كىنو قوياتتى. بۇ كىنوخانىلاردا دائىم دېگۈدەك سوۋېت كىنو - فىلىملىرى قويۇلاتتى. فىلىملارنى ئەڭ دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تەسىس قىلغان خەلقئارا كىتابخانىسى باشقۇرۇپ تارقاتقان، كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ كىنو شىركىتى» نى قۇرۇپ، فىلىم تارقىتىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەينى ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن مۇنەۋۋەر فىلىملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۈرۈمچىدە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا قويۇلغانىدى: «چاپايېۋ»، «ھۆكۈمەت ئەزاسى»، «تراكتورچى»، «13 قەھرىمان» ناملىق ھېكايە فىلىملەر، «گۈزەل ۋاسىلىسا»، «ئالتۇن بېلىقنىڭ ئارزۇسى» قاتارلىق بالىلار چۆچەك فىلىملىرى كىشىلەر كۆرۈپ قانمايدىغان ياخشى كىنو فىلىملەر ئىدى، بولۇپمۇ لېنىننىڭ شانلىق ئوبرازى



نامايان قىلىنغان «لېنىن ئۆكتەبىردە» (1937 - يىل)، «ئۇنتۇلماس 1918 - يىل» (1939 - يىلى) ناملىق ئىككى كىنو فىلىم كىشىلەرنىڭ ئەڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. لېنىننىڭ ئوبرازى ھەر قېتىم ئېكراندا كۆرۈنگەندە، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرايتتى. لېنىننىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس شۇنداق قاملاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر لېنىننىڭ رولىنى ئالغان بورىس ۋاسىلىيېۋىچ شۇكىن (1894—1939) نىڭ نامىنى ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىلغا ئالاتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە رول ئېلىش سەنئىتى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭ سېلىشاتتى، شۇكىننىڭ مەزگىلسىز قازا قىلىپ كەتكەنلىكىگە ئېچىناتتى.

سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم سوۋېت كىنولىرى كەلتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئېكرانلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن كۆرسىتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەتە ئۇرۇش بولۇپ قالسا»، «دۈشمەن ئارقا سېپىدە»، «قەھرىمان تانكىستلار» قاتارلىق فىلىملەر ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك ئەكس سادا قوزغىغانىدى. شۇ مەزگىلدە جۇڭگو خەلقىمۇ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، خەلقىمىز بۇ فىلىملەرنى كۆرۈپ ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە بولغانىدى.

بۇ چاغلاردا قويۇلغان سوۋېت فىلىملىرى گەرچە رۇس تىلىدىكى ئەسلى نۇسخىسى بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر گېزىت - ژۇرناللار، كىنو قويۇش ئالدىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر ۋە نۇقتىلىق دىئالوگلار ئارقىلىق كىنونىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەتتى. سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى كەسكىن باسقۇچقا ئۆتكەن مەزگىللەردە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش مەيدانىدىن ھۆججەتلىك فىلىملارنى ئىشلەپ، خەنزۇچە چۈشەندۈرۈش قوشتى. چۈشەندۈرگۈچىنىڭ

تەلەپپۇزىدىن قويۇق «ئەجنەبىي» پۇراق چىقىپ تۇرسىمۇ، كىشىلەر يەنىلا ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالغانىدى.

ئاخبارات، ھۆججەتلىك فىلىملار رۇس تىلىدا «ژۇرنال» دېيىلگەنلىكتىن، ئازادلىقتىن بۇرۇن ئىمپورت قىلىنغان ياكى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن ئاخبارات فىلىملىرىنىڭ ھەممىسىلا ئومۇميۈزلۈك «ژۇرنال» دەپ ئاتالغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1937 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى كىنوخانىلىرىدا قويۇلغان ژۇرناللىرى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، بىلىمىنى ئاشۇردى. ئەمما كىشىلەر بۇ مەزگىللەردىكى ژۇرناللاردىن پۈتۈنلەيلا چەت ئەللىكلەر ۋە چەت ئەللەردە بولغان ۋەقە - ھادىسىلەرنى كۆرەتتى. تاسادىپىي ھالدا سېرىق تەنلىكلەر چىقىپ قالسا «ئەنە ئاۋۇ جۇڭگولۇقكەن» دېيىشىپ چۇقۇرشۇپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن چۈشىنىشكە بولىدۇكى: كىشىلەر ئېكراندا ئۆز قېرىنداشلىرىنى، ۋەتەنداشلىرىنى كۆرۈشكە نەقەدەر تەشنا بولاتتى - ھە؟! بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقئارا كىتابخانىسى تارقاتماقچى بولغان بىر ژۇرنالنىڭ فىلىم تەخسىسىگە رۇسچە «غەربىي جۇڭگودا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز» دېگەن ئەپۇشكە چاپلانغانىدى. بۇنى ھەرقايسى كىنوخانىلار تالىشىپ ئارىيەت ئېلىپ قويغان. كىشىلەر بۇنىڭدىن قالتىس ھۇزۇرلانغانىدى. ئەسلىدە بۇ فىلىمدە سۈرەتكە ئېلىنغىنى پۈتۈنلەي يەنئەننىڭ مەنزىرىلىرى ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە رەئىس ماۋ زېدۇڭ، مۇئاۋىن رەئىس جۇ ئېنلەي، باش قوماندان جۇ دېلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، سەككىزىنچى ئارمىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جاپالىق كۆرەش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى ۋە يەنئەن خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىۋاتقان مەنزىرىلىرىدىن سۈرەتكە ئېلىنغان كۆرۈنۈشلەرمۇ



بار ئىدى. بۇ فىلىمنى كۆرگەنلىكى تاماشىبىن قانداقتۇر بىر يېقىملىق، شادلىق كەيپىياتى ھېس قىلاتتى، ئىلھام ئالاتتى. ھەر مىللەت خەلقى كىنونى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تۇرمۇشىدىن ئېلىپ ئىشلەنگەن فىلىملەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتى، قارشى ئالاتتى. ئەمما بۇنداق ئۇلۇغۋار ئارزۇ - ئارمانغا يېتىدىغان ياخشى ۋەزىيەت ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ، خەلق ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتتى. 1942 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمى باشلىنىش بىلەن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شېڭ شىسەي «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش» يالغان نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. بىر مەزگىل قاينام - تاشقىنلىققا چۆمۈپ جانلانغان شىنجاڭنى ئەمدى سۈكۈت، تېررورلۇق، ۋەھىمە قاپلىدى. ھەتتا بىر مەزگىل يەتتە - سەككىز كىنوخانىنىڭ ھەممىسى تاقالدى. خەنزۇ مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى «دىخۇا كىنوخانىسى»غا ئۆزگەرتىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى كونترول قىلىۋاتقان بۇ كىنوخانىلاردا قويۇلىدىغىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان جايلاردىن كەلگەن «داڭدار ئەزىمەت»، «شەپقەتلىك قاراقچى» قاتارلىق كىنولار بولۇپ، بۇ كىنولارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا شەھۋانىلىق، ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش، تېررورلۇق تەشۋىق قىلىنغانىدى. بۇ كىنولارنىڭ چىرىك ئىدىيىسى، سېرىق ناخشا - مۇزىكىلىرى مەنىۋى بۇلغىنىشنى پەيدا قىلىپ، ياشلارنى زەھەرلىدى، چىرىتتى. نۇرغۇنلىغان ياشلار ھورۇن، بىكار تەلەپ، لايغەزەل، لۈكچەكلەرگە ئايلاندى، جەمئىيەت داشقاللىرىدىن بولۇپ كېتىشتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك سىياسىي تېررورلۇقى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەرخىل ئالۋاڭ - ياساق، باج - سېلىق ئېكسپلاتاتسىيىسى سىنىپىي زىددىيەت ۋە مىللىي زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، يەنە ياشلارنى بۇنداق زەھەرلەپ چىرىتىش ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىنى قوزغىدى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەۋرى - تاقەت قاچىسى غەزەپ - نەپرەت، ئىنتىقام بىلەن تولدى. بۇنىڭ ئەمەلىي جاۋابى تەرىقىسىدە، 1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، ۋىلايەتلىرىدە كەڭ - كۆلەملىك ئىنقىلاب پارتلىدى. گومىنداڭ ئاقىۋەت ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق قارشىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كەڭ دائىرىدە قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇ مەزگىلدە، ئۈچ ۋىلايەت تەرەپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ شىددەتلىك ئېلىپ باردى، ئۇلار كۈچلۈك تەشۋىقات ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ۋە يېقىندىن غەمخورلۇق قىلدى، ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن باغلىنىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزمۇنلىرىنى بېيىتتى، يېڭى دېموكراتىك خاراكتېر ئېلىشقا يۈزلەندى. ئۈچ ۋىلايەتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت ئازاد رايونلار بىلەن ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، بۇ رايوندىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىنو - فىلىملىرى، كىتاب - ژۇرناللىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ كىرىپ، كەڭ - كۇشادە قويۇلۇپ، ئۈچ ۋىلايەت كىنوچىلىق



ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا داغدام يول ئېچىلدى. يىراق يېزا - قىشلاقلار، سەھرالاردىمۇ كىنو ئاۋازى ياڭراپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا بولسا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش شىددەتلىك داۋام ئەتمەكتە ئىدى، گومىنداڭ شىنجاڭ دائىرىلىرى شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە داۋاملىق قوراللىق باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلسە خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككى تەرەپ 1946 - يىلى 2 - يانۋاردا، قوراللىق كۈرەشنى توختىتىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەزمۇن قىلىنغان «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىدى ھەمدە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى. بىراق، 1946 - يىلى ئىيۇلدا، جياڭجيېشى ئامېرىكىغا يۆلىنىپ، ئازاد رايونلارغا ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، كەڭ - كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشنى قوزغىدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرىمۇ بۇنىڭغا ماسلىشىپ، «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى»نى يىرتىپ تاشلاپ، بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. مەدەنىيەت ۋە تەشۋىقات ساھەسىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك كىنو - فىلىملىرىنى قويۇش تەقىپ قىلىندى. ئامېرىكىنىڭ سېرىق كىنو - فىلىملىرى، گومىنداڭ ئىشلىگەن كىنو - فىلىملەر ھەدەپ قويۇلۇشقا باشلىدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل سىياسەت، رەزىل تۈزۈمنى ھىمايە قىلىشقا ۋە شۇ يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھالاكەتكە

قاراپ ماڭغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ھايۋاناتلار، قۇشلار دۇنياسى تەسۋىرلەنگەن فىلىملەرنىمۇ قويغانىدى. ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «تەرزان»، «دېڭىز قۇشى» قاتارلىق فىلىملەر ئەنە شۇ جۇملىدىندۇر. «تەرزان»—ھېكايە فىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا ياۋايى ئادەمنىڭ بىپايان ئىپتىدائىي ئورمانلار، چەكسىز دېڭىز ساھىلىدە ھەرخىل ھايۋانلار بىلەن بىرگە ياشاپ يۈرگەنلىكى، گاھىدا ھايۋانلار بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىپ، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە چۈشكەنلىكى، قارا كىيىم بىلەن نىقابلانغان كىشىلەرنىڭ ياۋا ئادەمنى تۇتۇش ئۈچۈن خىرىس قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرى كۆرسىتىلگەن؛ «دېڭىز قۇشى» دا، قۇشلار دۇنياسى ۋە تىنچ ئوكياندىكى پاراخوت ۋاقەلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن سىرت، نۇرغۇنلىغان سېرىق كىنو - فىلىملەر قويۇلغان. لېكىن، ئەينى دەۋردىكى بۇخىل زىيانلىق كىنو - فىلىملەر، كىشىنى زەھەرلىگۈچى تەشۋىقاتلار، جۇش ئۇرۇپ يامراپ، كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىۋاتقان، ئۇلغىيىۋاتقان مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى توسۇپ قالالمىدى، ئەكسىچە، ئۇلار سەلبىي دەرسلىك سۈپىتىدە خەلق ئاممىسىنى ۋە ئىنقىلابچىل ياشلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى چىڭىتتى، ئىلغار ئىدىيىلىك ۋە ساغلام مەزمۇنلۇق كىنو - فىلىملەرگە بولغان ئىنتىلىشى، ھەۋىسى، ئارزۇسىنى كۈچەيتتى.

## شىنجاڭ تۇرمۇشىدىن ئىشلەنگەن دەسلەپكى كىنو - فىلىملەر

ئازادلىقتىن بۇرۇنمۇ شىنجاڭ مىللىي تۇرمۇشىدىن كىنو- فىلىملەر ئىشلەنگەن. بۇ فىلىملەر ئاساسەن ھۆججەتلىك ۋە ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە پەن - تەتقىقات فىلىملىرى ئىدى.



شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ ئىشلەنگەن فىلىم 1928 - يىلى جۇڭگو بىلەن شىۋېتسىيە ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن «غەربىي - شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى» سۈرەتكە ئالغان ھۆججەتلىك فىلىم. ئوپېراتورى گېرمانىيىلىك لېدىر ئىدى. بۇ 7000 مېتىردىن ئوشۇقراق ئۇزۇنلۇقتىكى لېنتىغا ئېلىنغان ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ مەزمۇنىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك كۆرۈنۈشى ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ بار ئىدى.

شىنجاڭدىن ئېلىنغان ئىككىنچى ھۆججەتلىك فىلىم 1936 - يىلى يازدا سۈرەتكە ئېلىنغان. بۇ فىلىمدا شېڭ شىتسۇڭ (شېڭ شىسەينىڭ سىڭلىسى) بىلەن يۈشۈسۈڭنىڭ ئۈرۈمچى غەربىي باغچىدا ئۆتكۈزگەن تەنتەنىلىك توي مەرىكىسى كۆرۈنۈشلىرىدىن سىرت يەنە شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك قاتارلىق مەزمۇنلار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شېڭ شىسەينىڭ بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىچى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قىزلار پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ گۈلى بولغان خۇاڭ ياۋجيەننىڭ توي مەرىكىسىمۇ بۇ لېنتىغا ئېلىنغان. فىلىم ئىشلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە موسكۋالاردا ئوچۇق - ئاشكارا قويۇلغان، بۇ فىلىمنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سوۋېت كونسۇلخانىسى ئىشلىگەن.

شىنجاڭدا ئىشلەنگەن ئۈچىنچى ھۆججەتلىك فىلىم 1938 - يىلى سېنتەبىردە پۈتۈن شىنجاڭ ئۈچىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلغان چاغدا ئىشلەنگەن، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىپى كوممۇنىست لىن جىلۇ بولۇپ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىدىن كىنو تېخنىكى تەكلىپ قىلىپ سۈرەتكە ئالدۇرغان. بۇ ھۆججەتلىك

فىلىم 1939 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قويۇلغان.

شىنجاڭدا ئىشلەنگەن تۇنجى ھۆججەتلىك فىلىمنى 1941 - يىلى ئاپرېلدا سوۋېت ئىتتىپاقى كىنو ئىشلەش گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا «ساياھەت» كە كەلگەندە سۈرەتكە ئالغان. بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلىپ، «12 - ئاپرېل» بايرىمى تەبرىكلىنىۋاتاتتى. ئوپېراتورلار گۇرۇپپىسى تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ كۆرۈنۈش ئالدۇ. كىشىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە ئۇلارنى قورشىۋېلىپ تاماشا قىلدۇ. بىرەر ئايدىن كېيىن بۇ «ژۇرنال» ئۈرۈمچى ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلدۇ. ئوپېراتورلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن مۇنداق مەنزىرىلەرنى تارتقان: خەنزۇچە «ئادەم» خېتى شەكلىنى ھاسىل قىلغان تۇرنىلار ئېگىز ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. تۇرنىلار توپى پەرۋاز قىلىپ بارغانسېرى يىراقلىشىدۇ. ئاستا - ئاستا قىزىلتاغ مۇنارىسى نامايان بولىدۇ، قىزىلتاغنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى ئېكراننى قاپلايدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ كىشىلەرگە تونۇش بولغان كۆرۈنۈشلەر ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ بايراملىق يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋە ماۋ زېمىننىڭ ئامىمغا قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىش يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ھالىتى، ھەر مىللەت ئامىمىسىنىڭ جىددىي زايوم سېتىپ ئېلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى بار. بولۇپمۇ نامايىش قوشۇنى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلدۇ. تاماشىبىنلار ئۆزلىرىنى ئېكراندا كۆرۈۋالالايدۇ، ئۆزلىرىگە تونۇش ئادەملەرنى كۆرۈۋالالايدۇ. ئۆزلىرى ئوينىغان شىر ئويۇنى، پانۇس، ياغاچ ئاياغ، قولۋاق، مىللىي ئۇسسۇل.... لارنى كۆرىدۇ.

بەشىنچى فىلىمنى، جياڭ جيېشى شىنجاڭنىڭ



ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن 1943 - يىلى يازدا، چۇڭچىڭدىن مەركىزىي كىنو ستۇدىيىسىنى ئېۋەتىپ سۈرەتكە ئالدۇرغان. ئۇنىڭ نامى «شىنجاڭ مەنزىرىسى» (يەنە بىر نامى «شىنجاڭ مەنزىرىلىرى ھەققىدە ساۋات») بولۇپ، بۇ فىلىمگە شۈي سۇلىڭ رېژىسسورلۇق قىلغان، ۋاڭ ياڭ سۈرەتكە ئالغان.

ئالتىنچى ھۆججەتلىك فىلىمنى 1946 - يىلى يانۋاردا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، گومىنداڭ تەپتىش مەھكىمە باشلىقى يۈي يۇرېن باشلاپ كەلگەن كىنو ئوپېراتورى شۈيىچى سۈرەتكە ئالغان. بۇ فىلىمگە قۇرۇلتاي ئەھۋالىدىن باشقا، ئەينى چاغدىكى مەركىزىي تەربىيىلەش ئۆمىكى گۈلزارلىقىدا (ئۇزۇنى بۆگۈنكى ئۈرۈمچى باخۇلياڭدا ئىدى) ئوينالغان مىللىي ئۇسسۇللار كۆرۈنۈشلىرى ئېلىنغان.

شىنجاڭ تۇرمۇشىدىن ئىشلەنگەن يەتتىنچى فىلىم 1947-يىلى دېكابىردا، شىنجاڭ ياشلار ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئويۇن قويغان ۋە زىيارەتتە بولغاندا ئېلىنغان.

شۇ چاغدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەرگە «ھال سوراش ئۆمىكى» ئەۋەتمەكچى بولۇپ قەشقەر، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردىن بىر تۈركۈم تالانتلىق مىللىي ئارتىسلارنى ئەكىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى سەنئەتچىلەر بىلەن قوشۇپ، 60 كىشىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى شاڭخەي، شياڭگاڭلاردىن ئالدۇرغان نەپىس رەختلەردىن تىكتۈرۈپ تەييارلىنىدۇ. ئۇلار مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن مەركەز نەنجىڭغا يېتىپ بارغاندا ئۇلارنى غەربىي - شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ جىجۇڭ بىلەن نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەزاسى بۇرھان شەھىدى

قاتارلىقلار ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىنى ئۇلار بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. سەنئەت ئۆمەك يېتىپ بارغانلا جايدا ئويۇن قويۇپ، شىنجاڭ مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى خەنزۇ خەلقىگە كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن زاۋۇت، فابرىكا، مەكتەپلەر، مەشھۇر ساياھەت رايونلىرى، ئاۋات بازارلاردا ئېكسكۇرسىيىدە بولىدۇ. ئۇلار نەنجىڭدا ئويۇن قويغاندا ئىنتايىن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى جياڭ جيېشىمۇ كېلىپ كۆرىدۇ. بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سەھنىدە قويۇلۇۋاتقان نومۇرلارنى تەرجىمە قىلىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۆمەك يېتەكچىسى بولغان بۇرھان شەھىدى ئەنە شۇ ئەھۋال ئۈستىدە توختالغان ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: «مەدەنىيەت - سەنئەت ئۆمىكىنىڭ نەنجىڭدىكى ئويۇن قويۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەن پۈتۈن ئۆمەكنى باشلاپ شاڭخەيگە زىيارەت قىلىش، ئويۇن قويۇشقا ئېلىپ باردىم. كېيىن پاراخوتقا چۈشۈپ، تەيۋەننىڭ جىلۇڭ دېگەن يېرىگە باردۇق. يەنە تەيبېي، تەيجۇڭ، تەينەن، گاۋشۇڭ قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئويۇن قويدۇق»①. «تەيۋەندىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن رادىئودا سۆز قىلدىم. سۆزۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «شىنجاڭ غەربىي - شىمالغا جايلاشقان، تەيۋەن شەرقىي - جەنۇبتىن ئورۇن ئالغان. ۋەتەن چېگرىسىغا جايلاشقان بۇ ئىككى ئۆلكە يىراقتىن بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى ئۆلكە خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن ئۆتۈشى، بىرلىكنى ساقلىشى، ۋەتەننى قوغدىشى لازىم»②.

①② بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، 1986 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 699 - بەت.



شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بارغانلا جايدا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان، ئارتىسلار يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئىچكى ئۆلكە خەلقىگە يېقىملىق مىللىي ناخشىلارنى، ئاجايىپ نازۇك ھەم نەپىس مىللىي ئۇسسۇللارنى تونۇشتۇرغان. بولۇپمۇ قەمبەرخاننىڭ لاتاپەتلىك ئۇسسۇللىرى قىزغىن قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. سەنئەتچىلەرنى ھەرقايسى ئۆلكە ۋە شەھەرلەردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىدىن سىرت، مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق ئارتىسلىرى، كىنو چولپانلىرىمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە باشلاپ كۈتۈۋالغان، دوستانە سۆھبەتلەردە بولغان. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، كۆزگە كۆرۈنگەن تاتار ئارتىسكا پەرىدە ئېلىيىۋانىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «مەشھۇر سەنئەتچىلەردىن مېي لەنفاڭ، كىنو ئارتىسكىسى بەيياڭلار بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. ئۇلار بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق. مېي لەنفاڭنىڭ بىر ئوغلى، بىر قىزى بولۇپ، قىزى ئەرەنچە ناخشا ئېيتىدىكەن، ئوغلى ئاياللارچە ياسىنىپ، ئاياللارچە ناخشا ئېيتىپ رول ئالىدىكەن، ئۇلارنىڭ ماھارىتى بىزنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى. بىز يەنە شۇ چاغدىكى مەشھۇر كىنو ئارتىس - ئارتىسكىلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق. كەسىپداشلار بىر - بىرىنى كۆرگەندە ناھايىتى ھاياجانلىنىدىكەن. ئۇلار بىلەنمۇ دوستلۇق كەيپىياتىدا ئۆتتۇق. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ياشاۋاتقان خەنزۇ خەلقىنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان مۇئامىلىسى ۋە سەمىمىي دوستلۇقىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندىم»①.

① پەرىدە ئېلىيىۋا: «شىنجاڭ سەنئەتچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىچكى ئۆلكىلەرنى ساياھەت قىلىشى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (24) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكى نەنجىڭ، شاڭخەي، خاڭجۇ، تەيۋەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردە ئالتە ئاي ئويۇن قويۇپ ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولۇپ، 1948 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. ئويۇن قويۇش جەريانىدا مەركىزىي كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئوپېراتورلار ئۇلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى پائالىيەتلىرىنى سۈرەتكە ئالىدۇ. كېيىن «تەڭرىتاغ ناخشىسى» ناملىق ھۆججەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل فىلىمىنى ئىشلەپ چىقىدۇ. بۇ فىلىم كۆپىيىسى ھازىر كىشىلەرنىڭ قولىدا خاتىرە بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

1947-يىلى جاڭ جىجۇڭنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەشكىللەنگەن غەربىي-شىمال مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەمئىيىتى تەسىس قىلغان «غەربىي- شىمال كىنو شىركىتى» مۇ شىنجاڭدا ھۆججەتلىك فىلىملەرنى ئىشلىگەن.

1949-يىلى 25 - سېنتەبىردە شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 1950 - يىلى 26 - ئىيۇل بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ ئوپېراتورلار گۇرۇپپىسى شىنجاڭغا كېلىپ، «قىسمى ئىشلەپچىقىرىشى» ۋە «خەلق شىنجاڭى» ناملىق ئىككى ھۆججەتلىك فىلىمنى سۈرەتكە ئالدى.

شىنجاڭ مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرى خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭدا كىنو سەنئىتىنى قۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭ كىنو سېنارىستلىرى، رېژىسسورلىرى ۋە ئارتىسلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش كويىدا بولغان. 1939 - يىلى ئاۋغۇستتا، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق كىنو سەنئەتكارى جاۋدەن، كىنو رېژىسسورى شۈيتاۋ، كىنو ئوپېراتورى ۋاڭ ۋېي، جۇ لىڭمىڭ قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشتىكى ئەسلى پىلانى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ ستانىسلاۋسكى سىستېمىسىنى ئۆگىنىپ كېلىپ، جۇڭگونىڭ كىنو ۋە تىياتىرچىلىق ئىشلىرىنى ئىل-



گىرى سۈرۈش ئىدى. دىخۇادا تۇرغان مەزگىللەردىلا ئۇلار شىنجاڭنىڭ كىنو ۋە تىياتىر سەنئىتى قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلدى. 1939 - يىلى ماۋدۇن (شىن يەنبىڭ)، شۈي تاۋ، جاۋدەن قاتارلىقلار پۈتۈن شىنجاڭدىن 200گە يېقىن ھەر مىللەت ياشلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن «مەدەنىي كادىرلار مەكتىپى» ئاچقان، ئۇلارنىڭ دەرسلىك ۋە لېكسىيىلىرىنى ئاتاقلىق ئارتىس، رېژىسسور ۋە تەرجىمان خەمىت ھەكىمى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن. شىنجاڭ ياشلىرى بۇ سەنئەت ئەركانلىرىغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ سەنئىتىنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە قىلغان پىكىر ۋە يوليورۇقلىرىنى قىزغىن قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ جاۋدەن ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانايىنەپىسىنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە ياردەملىشىپ، رېژىسسورلۇق، ئارتىستلىق ماھارىتى، سەھنە سېۋىتى (نۇرى) نى ئىشلىتىش، گىرىم، كىيىم - كېچەك قاتارلىق سەھنە سەنئىتى جەھەتتە ئىنتايىن قىزغىن ياردەم بەرگەن. ئۇ ئۆزى ئۆلگە كۆرسىتىپ، سايىم ۋە يۈسۈپ دېگەن ياشلارغا سەھنىدە توكتىن پايدىلىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارغا ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى تەربىيىلىگەن، ئۇنىڭ ئاشۇنداق قىزغىن قوللىشى ۋە يېتەكچىلىكى بىلەن سەھنە تېخىمۇ كۆركەم تۈس ئالغان.

ماۋدۇن ۋە جاۋدەن قاتارلىقلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرى تېخى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپ، داغدۇغىلىق ھالدا قانات يېيىپ كېتىۋاتقان شىنجاڭ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى شېڭ شىسەينىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىقىغا ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى.

جۇڭخۇا مەملىكەتلىك تىياتىر - كىنوچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى 1946-يىلى 23 - مارتتا دىخۇادا قۇرۇلدى، جەمئىيەت نىزامنامىسىنىڭ ئالتىنچى قىسمى بىرىنچى ماددىسىدا:

«جەمئىيىتىمىز زۆرۈر تېپىلغاندا سىناق خاراكتېرىدىكى كىنو ستۇدىيىسى قۇرىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1947 - يىلى 27 - ئىيۇن سانىغا بېسىلغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى قۇرۇشتىكى بىر قانچە كونكرېت پىكىرلەر» دېگەن ماقالىدە يەنە شىنجاڭدا كىنو ستۇدىيىسى قۇرۇش، ئۇيغۇرچە كىنو ئىشلەش ياكى غەربىي - شىمال كىنو ستۇدىيىسى قۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان. ئەمما جاۋدەن قاتارلىق كىنو سەنئەتكارلىرى شىنجاڭغا كەلگەن چاغدىلا شېڭ شىسەي ئۇلارغا ئىشەنمەيۋاتقان تۇرسا، كىنو ستۇدىيىسى قۇرۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولاتتىمۇ؟!

شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئۆلكىلىك پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ 1944 - يىلى ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت تەكشۈرۈشىدە ئېنىقلىنىشىچە: شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا 71 خىل كىتاب نەشر قىلىنىشتىن، 12 تىياتىر ئوينىلىشتىن، 22 كىنو قويۇلۇشتىن توختىتىۋېتىلگەن. مانا مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا تۇرۇپ، يەنە كىنو سەنئىتىنى گۈللەندۈرىمەن دېيىش، پەقەت بەزى مەدەنىيەت، سەنئەت خادىملىرىنىڭ شېرىن خىيالىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس.

## شىنجاڭ كىنو سەنئىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىشى

شىنجاڭ كىنو سەنئىتى پەقەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىلا ھەقىقىي راۋاجلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.



يېڭى دەۋر ھەر مىللەت كىنو تاماشىبىنلىرىنىڭ كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان جىددىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1950 - يىلى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى بىر تۈركۈم كىشىلەرنى نەنجىڭغا ئەۋەتىپ، كىنو تېخنىكلىرىنى تەربىيىلىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، ئۈچ سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى تەشكىللىدى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، كىنو قويۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا ئاتلاندى.

1950 - يىلى 26 - ئىيۇلدا، بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسى ئوپېراتورلار ئەترىتى شىنجاڭغا كېلىپ «قىسىم ئىشلەپچىقىرىشى»، «خەلقنىڭ يېڭى شىنجاڭى» قاتارلىق ھۆججەتلىك فىلىملەرنى سۈرەتكە ئالدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۈرۈمچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تۇنجى مەخسۇس كىنو قويۇش سورۇنى «خەلق كىنوخانىسى» نى سالدۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قاتارلىق ئورۇنلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىنوخانىلارنى سالدۇردى. خەلقنىڭ كىنوغا بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 1954 - يىلى جۇڭگو كىنو - فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ كىنوچىلىق سەنئىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ ئالدى بىلەن 1953 - يىلى كىنو ئەدەبىياتى سىنارىيىسى ئىجادىيىتىدىن باشلاندى. 1953 - يىلى يازغۇچى ۋاڭ يۈخۇ يازغان «خەسەن - جەمىلە» ناملىق كىنو ئەدەبىياتى سىنارىيىسىنى شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىش بەلگىلىنىپ، رېژىسسور دۈيۈنگاڭ شىنجاڭغا كەلدى. بىر يىللىق جاپالىق تەييارلىقتىن كېيىن، 1955 - يىلى

ئىيۇندا سۈرەتكە ئېلىش باشلاندى. 1956 - يىلى شىنجاڭ تۇرمۇشىدىن ئىجاد قىلىنغان بىرىنچى ھېكايە فىلىم «خەسەن - جەمىلە» نىڭ ئۇرۇمچىدە تۇنجى قېتىم قويۇلۇش مۇراسىمى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. «خەسەن - جەمىلە» 1955 - يىلى مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان فىلىملەر كۆرگەزمىسىگە قويۇلۇپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ۋاڭ يۇخۇ «خەسەن - جەمىلە» دىن كېيىن يەنە «قۇملۇقتىكى كۆرەش» نى ئىجاد قىلدى. بۇ سىنارىيە 1956 - يىلى ئىيۇلدا شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىندى. بۇنىڭغا تاڭ شاۋدەن رېژىسسورلۇق قىلدى.

ئەمدى شىنجاڭدا كىنو ستۇدىيىسى قۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. 1956 - يىلى ئۆكتەبىردە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئەسئەت مۇدىر، فۇۋېن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ھەيئەت ئەزالىرى گۇەن ۋۇلۇ، ياسىن خۇدابەردى، گۇڭكې، مەخسۇتوۋ، بۇقاراتىشقانباي، لىيۇزىمۇ، دېڭ يىشى قاتارلىقلار ئىدى. شۇ ئايدا كىنو ئارتىسلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى دېڭ يىشىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەپ ئەۋەتتى. جەمئىي 60 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئاز سانلىق مىللەتلەر سىنىپى ۋە خەنزۇ سىنىپى دەپ ئىككى سىنىپقا بۆلۈنۈپ ئوقۇدى. ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يېرىم يىل قىلىنىپ بېكىتىلىپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتىپى قاتارىدا كىرگۈزۈلدى. 1958 - يىلى، ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار بېيجىڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەر شاڭخەي كىنو ستۇدىيىسى، بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسى، چاڭچۈن كىنو ستۇدىيىسى قاتارلىق كىنو ئىشلەپچىقى-



رىش جەھەتتە مول تەجرىبىگە ئىگە كىنو ستۇدىيىلىرىگە كىنو رېژىسسورلۇقى، ئوپېراتور، دېكوراتور، مۇزىكا، مونتاژ، ئۈن ئېلىش، ئاكتىيورلۇق، گىرىم ۋە فىلىم ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

1958 - يىلى «كىنو قويۇش - تارقىتىش شىركىتى» بىلەن مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ «كىنو بۆلۈمى» بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىنو - فىلىم قويۇش - تارقىتىش شىركىتى» گە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇكەممەللەشكەن كىنو - فىلىم قويۇش - تارقىتىش سىستېمىسى شەكىللەندى. 1958 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا تيەن فېڭ قاتارلىقلارنىڭ رېژىسسورلۇق قىلىشى بىلەن «مۇئاۋىن رەئىس جۇدې شىنجاڭدا»، «ئۈرۈمچى كورلا تاشيولى»، «سەكرەش ساداسى ئىچىدە دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش»، «قاينام تاشقىنلىق» قاتارلىق توققۇز ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەندى. «قۇملۇقتىكى كۆرەش»، «تۆمۈر يول پارتىزانلىرى»، «بوراندىكى قەيسەر بۈركۈت»، «سان-ساناقسىز قەھرىمانلارغا قاراڭ» ناملىق تۆت ھېكايە فىلىم تەرجىمە قىلىندى.

1959 - يىلى ئۆكتەبىردە، شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ۋيېتنام دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى خۇجىمىنىڭ پائالىيىتى سۈرەتكە ئېلىنىپ، ھۆججەتلىك فىلىم قىلىپ ئىشلەندى. بۇ «شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسى» سۈرەتكە ئالغان فىلىم ئىدى.

1959 - يىلى ئۇنىۋېرسال شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم ئۇنىڭ ھېكايە فىلىم، ئاخبارات فىلىمى، ھۆججەتلىك فىلىم، ئىلمىي تەربىيىۋى فىلىم، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى فىلىملەرنى ئىشلەپچىقىرالىشى شىنجاڭ كىنو

ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىل-
گىرى سۈردى. «خەسەن - جەمىلە»، «بوستانلىقتا تەنتەنە»،
«ئىككى ئەۋلاد»، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»، «يىراقتىكى
ئۇچقۇنلار»، «ئانارخان» قاتارلىق مۇنەۋۋەر فىلىملەرنىڭ
مەيدانغا كېلىشى شىنجاڭ كىنوچىلىق تارىخىدىكى زور
ۋەقەدۇر.

«خەسەن - جەمىلە» دە قازاق مېھنەتكەشلىرىنىڭ رېئال
ھاياتى ئاساس قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ فېئودالىلارغا،
گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۆتكۈر كۈرىشى ئەكس ئەت-
تۈرۈلسە، «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەن-
پەرۋەر شائىرى ل. مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار سەرگۈزەشتىلىرى
ئاساس قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ گومىنداڭغا
قارشى تۇرۇپ ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ۋە ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ
بارغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

«بوستانلىقتا تەنتەنە» بولسا، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇي-
غۇر دېھقانلىرىنىڭ يېزىلاردا يۈرگۈزۈلگەن كوپېراتسىيە ھەرىكى-
تىنى ئاساس قىلىپ سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبا-
رەت ئىككى يول كۈرىشىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. فىلىمدىكى
جىددىي كۈرەش ئاساسەن پارتىيە، سوتسىيالىزمنى ھىمايە
قىلىدىغان ئىلغار كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى بارات بىلەن مۇتەئەس-
سىپ، جاھىل كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى توختى ئائىلىسىنى مەركەز
قىلغان ھالدا قانات يايىدۇ. بارات بىلەن توختىلار ئائىلىسى
ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇش ئاشلىق مەسىلىسىدىن باش-
لىنىدۇ. توختىلار ئائىلىسى دېھقانلارنىڭ سېرىقتال ۋاقتىدىكى
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇنچە ئاشلىق سودىسى بىلەن
شۇغۇللىنىپ، كەمبەغەل دېھقانلارغا يۇقىرى باھادا ئاشلىق
سېتىپ بېرىدۇ، بارات بولسا، دېھقانلارغا سەۋرچانلىق بىلەن



خىزمەت ئىشلەپ، قانۇنسىزلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش
قىلىدۇ.

بارات بىلەن توختىلار ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىك-
كىنچى قېتىملىق جەڭ ئالمىلىق باغ مەسىلىسىنى چۆرىدەپ
داۋاملىشىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ خاراكتېرى مۇرەككەپلىشىپ، مىل-
لىي مەسىلە، دىنىي مەسىلىلەرگە بېرىپ تاقىشىدۇ. بارات بول-
سا دېھقانلار ئاممىسىغا يۆلىنىپ، بۇ جاڭجالنى توختىتىدۇ.
ئاخىرىدا يەنە بارات باشچىلىقىدىكى ئىجابىي كۈچلەر غەلىبە
قىلىدۇ.

«بوستانلىقتا تەنتەنە» فىلىمدە ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى
سىنىپىي تەبىقىلەر ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ بۇ زور ئىجتى-
مائىي ئۆزگىرىشتىكى ھەرىكەت ھالىتى شۇنداقلا ئۆزگىرى-
ۋاتقان تۇرمۇشنىڭ كارتىنىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» دا چېگرا مۇداپىئە
قىسىملىرىمىز بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ باندىتلارنى تازى-
لاش كۈرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، فىلىم چېگرا
رايوندىكى ئەگرى - توقاي، مۇرەككەپ، كەسكىن كۈرەشلەرنى
تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى جان تىكىپ
قوغداۋاتقان قەيسەر، زېرەك، چارە - تەدبىرلىك چېگرا مۇدا-
پىئە جەڭچىلىرىمىزنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

«مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» لىرىك تۈسكە ئىگە ھەم
مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە فىلىم بولۇپ، فىلىمدە پامىر تاغ-
لىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قىياپىتى، گۈزەل مەنزىرىسى، تاجىك خەل-
قىنىڭ تاغ خەلقىگە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە «قىزىلگۈل
نېمانچە قىزىل» دېگەن لىرىك ناخشىلىرى نامايان قىلىنىپ،

تۇرمۇش پۇرىقى كۈچەيتىلىپ، كىشىلەردە ئۇنتۇلماس تەسىرات پەيدا قىلىدۇ.

1959 - يىلىدىن كېيىن تەرجىمە فىلىملىرى ئىشلەش شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ نۇقتىلىق ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. تەرجىمە فىلىم ئىشلەش ھېكايە فىلىمىنى سۈرەتكە ئالغاندەك مۇرەككەپ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولغان كىنونى بىر تىلدىن يەنە بىر خىل تىلغا ئاغدۇرۇشتا، بۇ يەنىلا ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ھەمكارلىشىشىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ جاپالىق خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئەدەبىيات - سەنئەت، تىل ئىپادىلەش جەھەتلەردە يېتىلىش، ماھارەتنى جەزمەن ئۆستۈرۈش، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئومۇمىي، ھەممىگە قادىر بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇچقانىدەك راۋاجلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ تەرجىمە فىلىم ئىشلىرىدا، ئېكران كەينىدىكى تۆھپىكارلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كىنو فىلىملىرىنى ئۆز تىلىدا چۈشىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈردى ۋە زور تۆھپە قوشتى.

1960 - يىللاردا، شىنجاڭدا نۇرغۇن كىنو تەرجىمانلىرى، تەرجىمە رېژىسسورلىرى ۋە ئاۋاز ئارتىسلىرى يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تەرجىمانلاردىن: رېھىم جىنشى، ماجاۋخۇا، يۈسۈپ خوجايوۋ، مەخسۇت، مامۇت، تۇرسۇن مەخسۇت؛ تەرجىمە رېژىسسورلىرىدىن: ئابدۇللا مامۇت، ھاجى مولتاجى؛ ئاۋاز ئارتىسلىرىدىن: شازادەم، رەجەپ تاجى، ئوبۇلخەيرى، سەربى، ھۆرنىسا، پاتىمە، مەھەممەت كېرىم، ئايشەم، ماقسات قاتارلىقلار بار. خەلق ئاممىسى ئېكران كەينىدىكى بۇ خۇشناۋا بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلاندى. ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

1962 - يىلى ئاۋغۇستتا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى شۇ



چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، شىنجاڭ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ ھېكايە فىلىم ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىشىنى بەلگىلىگەنىدى.

1979 - يىلى نويابىردا يەنە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقى بىلەن ستۇدىيە نامى «تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، ھېكايە فىلىم ئىشلەشنى باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ كىنو سەنئىتى ئىجادىيىتى قايتا جانلىنىپ، بۇ ستۇدىيە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، شىبە، خۇيزۇ، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 400 دىن كۆپ ئىشچى - خىزمەتچى، كەسپىي خادىملارغا ئىگە، ئىسمى جىسمىغا لايىق «قېرىنداش مىللەتلەر كىنو سەنئىتى ئائىلىسى» گە ئايلاندى. ستۇدىيىنىڭ سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى. ئىجادىيەت سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1979 - يىلى ئىجاد قىلىنغان كىنو ئەدەبىياتى سىنارىيىسى 100 پارچىدىن ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كىنو ئىجادىيەتچىلىرى يېتىشىپ چىقتى. مەسىلەن، دېڭ پو («يول باشلىغۇچى»)، شىنكەي، شيا جىشېن («يايلاقتىكى مىلتىق ئاۋازى»)، گۇاڭ چۇنلەن، مەھەممەت تاتلىق، دۇڭ جىنبو («بەخت ناخشىسى») زۇنۇن قادىر، ئېلى ئېزىز («غېرىب - سەنەم»)، لى خۇن («ئارتىس بولمايدىغان قىز») قاتارلىقلار. ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ تەركىبىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىمۇ مۇستەقىل كىنو ئەدەبىياتى سىنارىيىسى يېزىشقا ئاكتىپ تۈردە قاتناشتى. بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارمۇ ئاز ئەمەس، مەسىلەن، ئالىمجان قاتبايېۋ («قىز قەبرىسى»)، ئابدۇقادىر جۇماق («مۇز تاغ ئېتىكىدە»)، تۇرسۇن يۇنۇس («پۇل دېگەن نەرسە ...»)، قاسىم تۇردى («تىنىچسىز قومباغ») قاتارلىقلار.

شىنجاڭ كىنو سەنئەت ئىجادىيىتى تارىخىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1953 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئىجاد قىلغان كىنو سېنارىيىلىرى 1000 پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ «تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى» 36 فىلىمنى سۈرەتكە ئالغان. 1976 - يىلىدىن كېيىن ئىشلەنگەن ھېكايە فىلىملەرنىڭ 50% نىڭ سېنارىستى ۋە رېژىسسورى ئاز سانلىق مىللەتلەر، ئارتىس ۋە ئارتىسكىلارنىڭ 90% ى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولدى.

كىنو سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا كىنو ئوبزورچىلىقىمۇ مۇھىم. شۇڭا ئوبزورچىلار ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، كىشىلەرنىمۇ يېڭىلىقتا، مىللىيلىقتا، زامانىۋىلىقتا يۈزلەندۈرۈش يولىدا قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. بۇ جەھەتتە كىنوچىلىق ساھەسىگە ئىنچىكە ئىشتىياق باغلاپ، كىنو ئوبزورچىلىقىنى ياخشى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئوبزورچىلاردىن ئابلەت ئۆمەرنىڭ «كىنو سەنئىتى توغرىسىدا لېكسىيە»، «چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك»، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان، ياخشى فىلىم»، «‹رەنانىڭ تويى› ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى»؛ ماھمۇتجان ئىسلامنىڭ «ئىسلاھات دولقۇنىنى ھەر قانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ»، «شانلىق تارىخ، سەلتەنەتلىك بەدىئىي نامايەندە»؛ تۇرسۇن قۇربانىنىڭ «‹رەنانىڭ تويى› نى كۆرگەندىن كېيىن»، «‹چىڭگىزخان› ھەققىدە ئويلىغانلىرىم»؛ ئەخمەد ئىمىنىنىڭ «ئىنسانپەرۋەرلىككە ئوقۇلغان مەدھىيە»، «ئۈمىد ۋە ئويغىنىش ناخشىسى»؛ سىدىق ھاجى روزىنىڭ «ئائىلە — جەمئىيەتنىڭ ھۆجەيرىسى»، «تارىخىي چىنلىقنىڭ بەدىئىي كۆرۈنۈشى»؛ تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىردىنىنىڭ «ئەستە قالارلىق يارقىن ئوبراز»، «ئۇلۇغ نىشان، ئورتاق ئارزۇ»؛ ئۆمەر قادىرنىڭ



«ئېكرانلىق ئوبراز ھەققىدە»، «كىنونىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى»، «كىنودىكى چىنلىق ۋە گۈزەللىك»؛ ئايىم ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۆز ئىستىقبالىغا ئۆزى يول ئېچىش»؛ جۈرئەت كامىلنىڭ «ئىككى خىل مۇھىت ئىچىدىكى ئىككى خىل خىسلەت»، «ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تارىخىي رېئاللىق» قاتارلىق بىر قاتار ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇپ، كىنو تەرەققىياتىمىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ھەممىدە شىنجاڭ كىنوچىلىقىدا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرۇۋاتقان كىنو ئوبزورچىلىقىنى يېڭى جانلىنىش ۋە يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە قىلىپ، ئۇنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پۇختا ئاساس سالدى. شىنجاڭ كىنوچىلىقىنىڭ قاتلاممۇ قاتلام ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە ۋە ئىلھام بولغان بۇ كىنو ئوبزورلىرى ۋە تەنقىدىي ماقالىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كىنو ئوبزورچىلىقى قوشۇنىنىڭ تەركىبىنى كېڭەيتىپ، مىللىي يېزىقتىكى ئاممىۋى ئوبزورچىلىقنىمۇ شەكىللەندۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىردىنبىر كەسپىي كىنو ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولغان «تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى» 1958 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 40 ھېكايە فىلىم، 121 ھۆججەتلىك فىلىم، بىر سەھنە بەدىئىي فىلىمى، ئۈچ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەپچىقارغان. 1989 - يىلدىكى ستاتىستىك مەلۇمات بويىچە ھېسابلىغاندا، مىللىي تېمىدىكى فىلىملەر 28 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر تېمىسىدىكى فىلىملەر 24، ئاز سانلىق مىللەتلەر تۈزۈپ، رېژىسسورلۇق قىلغىنى 18 فىلىم. بۇ ستۇدىيە 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى 10 يىلدىلا 34 ھېكايە فىلىم، 5299 ئۇيغۇرچە، قازاقچە، تەرجىمە فىلىم ئىشلىگەن. بۇ فىلىملەرنىڭ تېما دائىرىسى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش چوڭقۇرلۇقى ۋە

كەڭلىكى زورايدى. ژانىر، ئۇسلۇبى، شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە بارغانسېرى رەڭدار تۈس ئېلىپ، سوتسىيالىستىك سەنئەت باغچىسىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ئۇنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈردى.

كىنو سەنئەت خادىملىرى بىۋاستە رېئال تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، بىر تۈركۈم تەسىرلىك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى فىلىملارنى ئىجاد قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ فىلىملەرنىڭ بەزىلىرى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى كۆرۈنۈش، يېڭى مەنزىرىلەرنى مەدھىيىلىسە، بەزىلىرى شوخ، جانلىق سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى. بەزىلىرى ناچار خاھىشلارنى قامچىلاپ، مىليونلىغان ئاممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلسا، بەزىلىرى يېڭى دەۋر ئادەملىرى ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن باھاردەك ئىللىق ھەم ئىناق مۇناسىۋەت ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانلاندۇردى.

مەسىلەن، تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى 1983 - يىلى ئىشلىگەن رەڭلىك ھېكايە فىلىم «ئارتىس بولمايدىغان قىز» — ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر ئۇيغۇر ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ تۇرمۇشى ھەم ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانىنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى بەختسىزلىكلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايە فىلىم، ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى ئەگىرى - توقاي ھەم تەسىرلىك. بۇ فىلىمدا، ۋەقەلىكنى ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، شىنجاڭنىڭ يېقىملىق ئۇيغۇر ناخشىسى، چىرايلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرى، گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرى ۋە قويۇق رايون ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلب گۈزەللىكى ھەم مىللىي خۇسۇسىيىتى كۆرسىتىلگەن. شۇڭا «ئارتىس



بولمايدىغان قىز» جۇڭگو كىنو - فىلىم چىقىرىش - كىرگۈزۈش شىركىتى تەرىپىدىن تاللىنىپ، تۈركىيىگە ئەۋەتىلىپ، ئېلىمىزدىن قويۇلىدىغان كىنولارنىڭ بىرى سۈپىتىدە 1986 - يىلى ئىستانبولدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كىنو كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلۇپ، كۆرەكتە مۇنەۋۋەر فىلىم بولۇپ باھالاندى ۋە مۇكاپاتلاندى. بۇ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىدە ئىشلەنگەن ھېكايە فىلىمنىڭ بىرىنچى قېتىم خەلقئارا كىنو كۆرىكىدە مۇكاپاتلىنىشى. بۇ فىلىم 1984 - يىلى ئىكۋادوردا قويۇلۇپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى، ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلى، رومىنىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەر ئېلىمىزدىن بۇ فىلىمنىڭ لىنتىسىنى سېتىۋالدى. بۇ دۆلەتلەردىمۇ بۇ فىلىم كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى.

رەڭلىك ھېكايە فىلىم «مۇز تاغ ئېتىكىدە» — مەملىكىتىمىز بويىچە قىرغىز خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇنجى ھېكايە فىلىم. قىرغىز ئايال مال دوختۇرى ئاقلاي، ئاپتونوم رايوندىكى ئوقۇشتىن يېزىدىكى قويلارغا يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كېسەل قويلارنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا گەرچە قاتمۇ قات ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىسىمۇ، قىلچە بوشاشماي، گوڭشېنىڭ مال دوختۇرى بېك مۇرات بىلەن بىللە فېئودالىزملىق كونا ئادەتلەرنىڭ پارىكەندىچىلىكىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، كېسەل قويلارنى قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئاخىرى غەلىبىلىك ئورۇندايدۇ، شۇنداقلا خىزمەت جەريانىدا ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ.

«تىنچسىز قۇمباغ» ناملىق رەڭلىك ھېكايە فىلىمدا، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

قومباغ بازىرى جانلىنىپ، سودا - سېتىق ئىشلىرى قىزىپ كېتىدۇ. بىراق بۇ ئاۋات مەنزىرىنىڭ ئارقىسىدا، بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق، ھايانكەشلىك، ئەتكەسچىلىك قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. فىلىمدا پولات، سەلىمە ۋە لىلى قاتارلىق باج ئىشلىرى كادىرلىرىنىڭ باج سىياسىتىدە قەتئىي تۇرۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، سۈرۈشتۈرۈشى، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىلەن سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، جىددىي ئېلىشىشلار ئارقىلىق جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئاخىرى تورغا چۈشىدۇ.

بۇلاردىن باشقا «بەخت ناخشىسى»، «رەنانىڭ تويى»، «قېرىنداشلار»، «نۇرنىسا»، «پۇل دېگەن نەرسە...»، «بويتاقلار ئائىلىسى»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق ھېكايە فىلىملەر ئىشلەندى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باھالاش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ كىنو - تېلېۋىزىيە خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى. «گۈزەل شىنجاڭ»، «سەممىي غەمخورلۇق» ئەنە شۇ خىلدىكى فىلىملەردۇر.

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى تېمىسىدىكى فىلىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋاڭ يۈخۇ، دىڭ فۇ، شىن كەي، دۇەن باۋشەن، لى خۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم خەنزۇ كىنو ئىجادىيەتچىلىرى يۈرەك قانلىرىنى تۆكۈپ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ، مېۋە بېرىپلا قالماي، يەنە شىبە مىللىتىدىن بولغان رېژىسسور گۇاڭچۈنلەن، ئۇيغۇر رېژىسسورلىرىدىن تۇيغۇن ئەخمىدى، ئابدۇللا مەھەممەت، ئۇيغۇر ئوپېراتورلىرىدىن خالىقجان، كىنو سىنارىستلىرىدىن زۇنۇن قادىر، ئېلى ئېزىز، مۇھەممەت ئاتىلىق،



قاسىم تۇردى، تۇرسۇن يۇنۇس؛ قازاق كىنو سىنارىستلىرىدىن ئالىمجان قاتبايېۋ، رېژىسسورلىرىدىن توختاسىن؛ قىرغىز كىنو سىنارىستلىرىدىن ئابدۇقادىر، جۇماق قاتارلىق بىر تۈركۈم مىللىي كىنو ئىجادىيەتچىلىرى مەيدانغا چىقتى. تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى سۈرەتكە ئالغان 50 دەك فىلىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىنارىست، رېژىسسور، ئارتىس، مۇزىكانت ۋە كىنو سەنئەتكار خادىملىرى ئىشلىگەن. كىشىلەر بۇ ياراملىق قوشۇندىن شىنجاڭ كىنو ئىشلىرىنىڭ ئۈمىدىنى، كەلگۈسىنى كۆرمەكتە، بۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە شانلىق قوشۇن بىلەن پەخىرلەنمەكتە.

ئومۇمەن، شىنجاڭنىڭ كىنو ساھەسىدە ئېرىشكەن نەتىجە ھەقىقەتەن زور، بۇ بىزنىڭ كىنوچىلىقىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەپ تېخىمۇ روناق تېپىشىدىكى پۇختا ئاساسدۇر.

# 30 - يىللاردىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى ھەققىدە

**مۇھەممەت ئەيسا**

**(1)**

شېڭ شىسەي 1933 - يىل 12 - ئاپرېلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ ئۇ يەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر تۈركۈم زىيالىيلارنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدى. بۇ زىيالىيلار ئارىسىدا مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ پائال ياردەم بېرىشى ۋە ئۆزىمىزدىكى مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن شىنجاڭدا يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى راۋاجلىنىشقا باشلىدى ۋە بۇ يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە ئالدى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت - مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش تەشەببۇس قىلىندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلكە مەركىزىي ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەر-

پەن - تېخنىكا



كىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي جايلاردىمۇ ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ شۆبىلىرى قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تەشكىلىي دائىرىسى خېلى كەڭ بولۇپ، بۇنىڭ كاتىبات، تەشكىلات، مەدەنىيەت ۋە مالىيە قاتارلىق بۆلۈملىرى بار ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ قارىمىقىدا «سانايىنەپىسە» (سەنئەت بۆلۈمى) بولۇپ، ئۇ سەنئەت، مۇقام، مۇزىكا، سەھنە ئەسەرلىرى، ناخشا - ئۇسسۇل، سېرك... قاتارلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي ۋە بەدىئىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى توپلاش - رەتلەش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىش ئىشلىرىنى قىلاتتى. بۇ بۆلۈم بىر تەرەپتىن ئۆز ئىچىدىكى زىيالىيلار ئىجاد قىلغان چوڭ ۋە كىچىك ھەجىمدىكى دراما، ئىخچام، ئاممىباب ۋە ھازىر جاۋاب سەھنە ئەسەرلىرى (مەسىلەن، كومېدىيە، لەپەر، راۋاب قوشاقچىلىقى ۋە ناخشا - ئۇسسۇللار) نى سەھنىگە ئېلىپ چىقسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ بەزى سەھنە ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن خەنزۇلارنىڭ بەزى سەھنە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ سەھنىلەشتۈرەتتى. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ «ئەرشىن مال - ئالان»، «باي بىلەن مالاي»، «رېۋىزور»، «ئۆيلىنىش»، «تىكەنلىك گۈللەر»، «ئالدار كۇسا»، «خىيالىي تېۋىپ»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئەنە شۇ خىلدىكى سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى دەسلەپتىلا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. «سانايىنەپىسە» قۇرۇلمىغان ئۇيۇشمىلاردا 1934 - يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن سانايىنەپىسەلەر قۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.

1934 - يىلى 8 - ئايدا ئابدۇپەتتار ۋەلىيوف، مۆمىن ئەپەندى، يارمۇھەممەد ئەزىمدى، ئابدۇگۇل ئەزىمدى، يۈسۈپ ئەيسا (لەقىمى موگغۇل)، نىزامىدىن تۆرە قاتارلىقلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ شەنشى كوچىسى (ھازىرقى مال بازىرى) دا ئولتۇرۇشلۇق جاڭ فامىلىلىك بىر يەككە تىجارەتچىنىڭ سارىيىدا تۇنجى سانايىنەپىسە تەشكىل قىلىندى. ئۇلار مۆمىن ئەپەندى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن (شۇ ناملىق خەلق چۆچىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن) «بوز يىگىت» دراممىسىنى، باشقىلار كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان «چەككۈلۈكنىڭ زىيىنى»، «جازانىخورلۇق»، «مەككار سودىگەر»، «ساۋاتسىزلىق»، «ئۈچ خوتۇنلۇق»، «كىشى بىلمىسۇن»، «قىمارخانىدا»، «يۈسۈپ ئەخمەد» قاتارلىق دراما، كومېدىيىلەرنى سەھنىلەشتۈردى.

شۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۆلكە مەركىزى بىلەن تەڭ قاتاردا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، جۇملىدىن مەدەنىيەت ئالاقىسى خېلى تېز ۋە كەڭ راۋاجلانغاچقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار غۇلجا، چۆچەككە كۆپرەك كەلگەندى. شۇ زىيالىيلاردىن مەتتىمىن خەلپەتهاجى، قاسىمجان قەمبىرى، زىيا سەمەدى، تېيىپ ھاجى قاتارلىقلار غۇلجىدا باشلانغان تىياتىر ئىشلىرىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى بولدى. مۇزىكا يېتەكچىلىكىنى جالالىدىن يەھيارى بىلەن روزى تەمبۇر ئۈستىگە ئالدى. بۇ سانايىنەپىسە دەسلەپ كۇلۇب بولمىغاچقا ئويۇننى ۋاڭ قادىرنىڭ بېغى (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك خەلق باغچىسى)، شەڭگەن باغ (ھازىرقى ئىشچىلار كۇلۇبىنىڭ ئورنى)، گۈلشەنباغ، خانىقا مەكتەپ... قاتارلىق جايلاردا قويىدى. ئۇ چاغدىكى ئويۇنلار ئېيتىشىش، لەپەر، كىچىك



كومېدىيىلەردىن ئىبارەت ئىدى. 1935 - يىلى ئىلى مىللەتلەر كۇلۇبى پۈتكەندىن كېيىن، تىياتىر ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، «قانلىق داغ»، «يېتىملار ھالى»، «خىيالىي تېۋىپ» (ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلىنغان، كوللېكتىپ ئىجادىيىتى)، سۈيدۈڭلۈك بىر ئاپتور يازغان «ئەھەت بەگ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالدى. 1936 - يىلىغا كەلگەندە «ئەرشىن مال ئالان»، «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھاد - شىرىن»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق ئوپېرا ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالدى.①

چۆچەكتىكى تىياتىر ئىشلىرىدا خەمىت ھېكىمنىڭ تەشكىللاتچىلىق رولى كۈچلۈك بولدى. 1934 - يىلى ئەتىيازدا، چۆچەكتىكى مەشرەپ، ئەبەيدۇللا باسىت، خەمىت ھېكىم، ئاۋۇت داموللام قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك يىگىتلىرىدىن بىر سەنئەت كۇرژوكى تەشكىللەندى. بۇ كۇرژۇك تەرەققىي قىلىپ رەسمىي «سانايىنەپىسە» بولۇپ قۇرۇلدى. ئىلغار زىيالىيلارنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن چۆچەك شەھىرىدىكى مىرابىت بايىنىڭ بېغىدا بورا بىلەن بىر يازلىق كۇلۇب سېلىنىپ، بۇ كۇلۇبتا تۇنجى قېتىم ئەبەيدۇللا باسىت يازغان «ئانارخان» ناملىق دراما ئەخمەت سەيپۇللايېۋنىڭ رېژىسسورلۇقىدا سەھنىلەشتۈرۈلدى (ئەخمەت سەيپۇللايېۋ روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن روسىيىدە كىنو ئاكتىيورلىرى مەكتىپىنىڭ رېژىسسورلۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان). بۇ درامىدا خەمىت ھېكىمى يىگىتنىڭ رولىنى، ئۇنىڭ ئايالى پەردىدە خىلمۇ خىل پىتنە - پاساتلارغا پىسەنت قىلماي قىزنىڭ رولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىققان. 1935 - يىللىرىغا كەلگەندە چۆچەك سانايىنەپىسەنىڭ ئارتىسلىرى 40 تىن ئېشىپ، يەنە ئەبەيدۇللا باسىت زالىم بەگ - شاڭيۇلارنىڭ خەلققە قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىپ يازغان «پار-

خور شاڭيۇ» ناملىق درامىنى ئوينىپ چىقتى.②

شۇ چاغدىكى تىياتىر سەنئىتى گۈللەنگەن جايلارنىڭ يەنە بىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىدى. 1934 - يىلى 4 - ئايدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن قارىمىقىدا تۇنجى «سانايىنەپىسە» دۇنياغا كەلدى. بۇنىڭ ئارتىس، رېژىسسور ۋە مۇزىكانتلىرى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭغا پېشقەدەم مائارىپچى ئەيسا يۈسۈپ يېتەكچىلىك قىلغان. 1935 - يىلى دارىلمۇئەللىمىن كونا شەھەردىن يېڭىشەھەرگە كۆچۈرۈلۈپ، دارىلمۇئەللىمىندىكى «سانايىنەپىسە» ئاساسىدا ۋىلايەتلىك «سانايىنەپىسە» قۇرۇلدى، بۇ «سانايىنەپىسە» دەسلەپ سوپى - ئىشانلارنى مەسخىرە قىلىدىغان «ھەي - ھەي بۆزرى» كومېدىيىسىنى ۋە شېكسپىر ئەسەرلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «خىيالىي تېۋىپ» كومېدىيىسىنى تۇنجى قېتىم سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن «تۆمۈر ئاخۇن شادلاندى»، «ئېزىلگەن كىرىم»، «بارسا كەلمەس يول» قاتارلىق درامىلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئويناپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۇچا، باي، ئۇچتۇرپان قاتارلىق ناھىيىلىرىدىمۇ ئارقا - ئارقىدىن «سانايىنەپىسە» قۇرۇلۇپ، بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالدى. مەسىلەن، مىجىتخان، ئابلىھېمىت، نەسىردىن ئاكا، نىياز ئاخۇن قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بايلارنى مەسخىرە قىلىپ، فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۇرىدىغان «نورۇز باغ»، «جايلارغا مەسخىرە»، يۈزىنى تۇنجى بولۇپ ئاچقان ئىلغار ئاياللارنى مەدھىيىلەيدىغان «زەينەپخان» قاتارلىق دراما ۋە «سېرىق سەبدە گۈلۈم» (لەپەر)، فېئودال پومېشچىكلار بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنى تەنقىدلەيدىغان «مۇسا بېگىم بولار دەيمەن» قاتارلىق كومېدىيىلەر ئوينالغان. بۇ كومېدىيىلەر شۇ چاغدىكى بىرقەدەر ياخشى سەھنە ئەسەرلىرى



ھېسابلىناتتى.

بۇ دەۋردىكى تىياتىر ئىشلىرى ئەزەلدىن شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ كەلگەن قەشقەر ۋە يەكەنلەردىمۇ كۆرۈنەرلىك راۋاجلاندى. 1935 - يىلى قەشقەردە تۇرسۇن ئاكا، ئابدۇللا ئاكا (سەمەت ئابدۇللانىڭ دادىسى)، ئابدۇراخمان ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سانايىنەپىسە قۇرۇلۇپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلىدىغان «ساتىراش»، بەڭگىلەرنى ھەجۋىي قىلىدىغان «چېكىملىك نەتىجىسى»، جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى سۆكىدىغان «شەرمەندىلەر»، خۇراپاتلىقنى قامچىلايدىغان «يامان خەلپەت» قاتارلىق درامىلار ۋە كومېدىيىلەر ئوينالدى. 1935 - يىلى 2 - ئايدا يەكەندىمۇ ھاجى نۇرۇللا (ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا)، زىيائىدىن قارىم (ھازىر مەككىدە) قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «سانايىنەپىسە» قۇرۇلۇپ، «ئايخان»، «سەلىمە» قاتارلىق درامىلار ئوينالدى.③

بۇ مەزگىلدە قۇمۇلدىمۇ 1935 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، 1936 - يىلى خوش خوش ئاخۇنبەگ، ئادىل ھاجىنىڭ ئوغلى ھەمدۇللا قاتارلىق سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «سانايىنەپىسە» قۇرۇلۇپ، ئۇنى يولۋاسنىڭ ئوغلى ياقۇپبەگ باشقۇردى. ئۇنىڭدا تالىپ خېتىپ چاڭچى، ئەمەت قالتىس تەمبۇرچى، روزى غىجەكچى، ساپاخۇن ئىسكىرىپكىچى، ياقۇپ موللا نەيچى، ئاق رېھىم دۇتارچى، نەمەت بوسوق داپچى ھەم ناخشىچى قاتارلىق خادىملار ۋە مۇئەللىملەرنىڭ بىر قىسمى ئارتىس بولدى. كېيىنكى مەزگىلدە بۇ سەنئەت ئۆمىكى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان «غېرىپ - سەنەم»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «غۇنچەم»،

«شائخەي كېچىسى»، «كۆرەش قىزى»، «رابىيە - سەئىدىن»... قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرگەندىن تاشقىرى، ئۆزلىرىمۇ «توغان پەھلىۋان»، «جان كىرىپ قاچقان ئالتۇن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى كوللېكتىپ ئىجاد قىلىپ ئويناپ چىقتى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى يەنە 500 تۇياق قوي سېتىپ، قومۇلنىڭ خۇاگۇسەن دېگەن يېرىدە مىللەتلەر كۇلۇبى ياسىدى.④

ئاشۇ يىللاردا تۇرپاندا مەمتىلى ھاجى، ھەبىبۇللا ئەپەندى، ئەخمەد ۋاجىدى، ناسىر ئاخۇن ئاكا، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، ئابدۇرېھىم ھوشۇر، غۇپۇر قارى، سىراجىدىن زوپەر قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «سانايىنەپىسە» قۇرۇلدى. بۇ ئۆمەك «جاھىل ئاتا»، «ئىسقات تالشىشى»، «يېتىم قىز»، «قوتۇلدۇق»، «يەڭ سودىسى»، «شەرۋانىخان»، «پەندىۋىسىك» (بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇ دەسلەپ جىن شۇرېندىن ۋوقۇق تارتىۋالغان، كېيىن ئۇنى شېڭ شىسەي باستۇرۇۋەتكەن) قاتارلىق درامىلارنى كوللېكتىپ ئىجاد قىلىپ ئوينىدى. بۇ ئويۇنلار تۇرپان يېڭىشەھەرنىڭ ئويمان دەڭ (ساراي) دا ئوينىلاتتى.

ئۇ چاغلاردا خوتەندە ئىچكى ئۇرۇش توگىمەي، خوتەننىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغاچقا، خوتەننىڭ تىياتىر ئىشلىرى كېيىنرەك راۋاجلاندى. 1937 - يىلى 10 - ئايدا تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلاردىن ئابدۇقادىر ھاجىم، ئەخمەد خانھاجىم، مەمتىمىن ھېلىمۇۋ، ھاجى خانىم، ھۈسەيىن ئەپەندى، ھەدىيە خانىم قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خوتەن سانايىنەپىسەسى قۇرۇلدى. سانايىنەپىسەنىڭ تۇنجى ئۆمەك باشلىقلىقىنى ھاجى خانىم ئۈستىگە ئالدى. لېكىن، ئويۇن قويىدىغان سەھنە بولمىغانلىقتىن، دەسلەپ چايخانىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە



دەسلەپكى قەدەمدە «مۇشكۇلات»، «دىلغاراج» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ۋە «سۇ بويىدا تۇرغان يىگىت»، «يارسىيار»، «رومالىم ئۇچۇپ كەتتى» قاتارلىق لەپەرلەرنى ئويناپ چىقتى. 1938- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئايخان» دراممىسىنى، ئاندىن ھاجى خانىم يازغان، ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان «ئۆگەي ئانا» ناملىق دراممىنى سەھنىلەشتۈردى.⑤

شۇنداق قىلىپ، 1934 - يىلدىن 1936 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ تىياتىر ئىشلىرى ھەر خىل دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، مەيلى دراما، ئۇسسۇل، مۇزىكا جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سەھنە ئەسىرى يېزىش، رېژىسسورلۇق قىلىش جەھەتتە بولسۇن، كۆپلىگەن كەسپىي ھەۋەسكارلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلاردىن مۆمىن ئەپەندى (ئۈرۈمچى)، زىيا سەمەدى (ئىلى)، خەمىت ھەكىمى، ئەبەيدۇللا باسىت (چۆچەك)، ئەيسا يۈسۈپ (ئاقسۇ)، شېرىپ ھوشۇر (كۇچا)، مۆيدىن غوجا (ئۇچتۇرپان)، ھاجى خانىم (خوتەن)... قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇمغا، فېئودال، خۇراپاتلىققا قارشى كۆرەش قىلىشقا ئۈندەش؛ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆكتەملىك، ئاچكۆزلۈك، پارىخورلۇق، قانخورلۇق، ئېپلاسلىقلىرىنى پاش قىلىش؛ جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق، لۆكچەكلىك، قىمارۋازلىق ۋە چېكىملىككە بېرىلىشكە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاش؛ خەلق ئاممىسىنى خۇراپاتلىق، نادانلىق ۋە ئەزمىلىكنى

تۈگىتىپ، يېڭى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا دالالەت قىلىشنى مەزمۇن قىلـغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر سەھنىلەردە ئوينالغاندىن كېيىن خەلقنى ئويغىتىش، جەمئىيەت كەيپىياتىنى يېڭىلاش رولىنى ئوينىدى. ئۇ چاغلاردا مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي دراماتورگلار، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە سەھنە ئەسىرى يېزىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدىغان تەتقىقات ئورنى بولمىغاچقا، يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىدە مەلۇم نۇقسانلار ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساھەگە ئوتتەك قىزغىنلىقى بىلەن كىرىپ كەلگەن بىر قىسىم سەنئەتكارلىرىمىز ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن يىللار بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە قالغان تىياتىرچىلىقىمىزنى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى؛ ئۇنى مەزمۇن، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردىن يېڭىچە تۈسكە كىرگۈزۈشكە، ئەسەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىشلىك، ئاممىباب قىلىشقا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشتى.

(2)

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، 1936 - يىلدىن 1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقى بىرقەدەر گۈللەنگەن مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ھەر ساھەدە ئىشلىيەلەيدىغان بىلىملىك ۋە تالانتلىق كادىرلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت - مائارىپ خادىملىرىنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتكەندىن تاشقىرى، جۇڭگو



كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىمۇ دۇ جۇڭيۈەن، شىن يەنبىڭ (ماۋدۇن)، جاڭ جۇڭشى، سا كۇڭلياۋ، ليۇ شاۋخې، جاۋ دىيەنلەرگە ئوخشاش مەشھۇر مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەنئەت خادىملىرىنى شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بۇلاردىن باشقا، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بىر قىسىم تالانتلىق ئەربابلارمۇ شىنجاڭدا ئىشلەشكە كەلدى. ئۇلار ئىشنى ئاۋۋال مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىن باشلاپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش بىلەن بىللە مەكتەپلەردە تىياتىر قويۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلىملىرى ھەققىدە سۆزلەش، دېكلاماتسىيە ئوقۇش پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى. مەكتەپلەردىكى بۇ تىياتىرلار كېيىن كوچىلاردىمۇ ئوينىلىپ، ئىشتىن سىرتقى تىياتىر قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن زاتلارنىڭ بۇ ئىلغار پائالىيەتلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ئوبدان قوللىدى ۋە ئۇلارغا يېقىندىن ياردەملەشتى. بۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن جايلاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن زىيالىيلاردىن ئابدۇكېرىم رازىيوپ قاتارلىق سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەشكىللەش ۋە قاتنىشىشى بىلەن قاسىمجان قەمبىرى، تەۋپىق ئەپەندى (مەمتىلى ئەپەندى)، توختى ھاجى، قەمبەرخانىم، ھەمرا خانىم، ئابدۇللا ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سەمەت

ئابدۇللا، تالىپ ئاخۇن، ماھىر دېكراتور ۋە رەسسام نامانجان ئۇستام ھەم ئۇنىڭ ئوغلى مەتتۇرسۇن نامان... قاتارلىق كىشىلەر سوۋېت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ يېڭىچە ئۇسلۇبلىرىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنى بېيىتتى.⑥ ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ، نۇرغۇن يېڭى كۈچلەرنى تەربىيىلىدى. ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك «سانائىنەپەسە» نى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، چۆچەكتىن خەمىت ھېكىمى ۋە ئۇنىڭ ئايالى پەرىدە خانىم، ئىلىدىن قاسىمجان قەمبىرى، سەيدۇللاملار، تۇرپاندىن سىراجىدىن زۇپەر، قەشقەردىن سەمەت ئابدۇللا... قاتارلىق دراماتورگ، مۇزىكانت ۋە ئۇسسۇلچىلار ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى. بۇنىڭ بىلەن، بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، تىياتىرلار مەزمۇن ۋە بەدىئىي جەھەتلەردىن ئالاھىدە ئۆستى، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىچىلىككە قاراپ راۋاجلاندى.

1939 - يىلى ماۋدۇن ۋە جاۋدەنلەرنىڭ باشچىلىقىدا، ئۆلكىلىك سانائىنەپەسەنىڭ ياش ئارتىسلىرىدىن بىرنەچچىسى ۋە ھەر بىر ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ سەنئەتچىلىرى قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە ئىككى يىللىق سەنئەت كۇرسى ئېچىلدى. بۇنىڭغا ھەر مىللەت سانائىنەپەسەلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 280 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. بۇ كۇرستا ئوقۇغۇچىلار رېژىسسورلۇق، ئارتىسلىق، سەھنە سەنئىتى (نۇر، دېكراتسىيە، گىرىم، كىيىم - كېچەك، سەھنە سايمانلىرى، ئېلېكتر كۈچىدىن پايدىلىنىش) بىلىملىرى ۋە سەھنە ئەدەبىياتى... قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇغاندىن تاشقىرى، سىياسەت، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى، خەلقئارا ۋەزىيەت، پەلسەپە، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمدىن دەسلەپكى ساۋات... قاتارلىق دەرسلەرنىمۇ



ئوقۇپ، كەسپ ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. ماۋدۇن ۋە جاۋدەنلەر يېزىپ چىققان «كۆرەش»، «قىزىل ئارمىيە»، «تەيخاڭشەن تېغى ئېتىكىدە»، «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق درامىلارنى ئوقۇغۇچىلار دوكلات ئۆيىنى قىلىپ تەييارلاپ، سەھنىلەردە قويدى.

1940 - يىلى يەنە سەيدۇللام (ئىسكىرىپكىچى)، ماتتاھىر (تەمبۇرچى)، مەرۇپ ناسىرۇۋلارنىڭ مۇئەللىملىكىدە ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك سانائىنەپەسە ئىچىدە تۆت ئايلىق مۇزىكا كۇرسى ئېچىلىپ، بىر تۈركۈم مۇزىكانتلار يېتىشتۈرۈلدى. مەسىلەن، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، پەرىدە خانىم، پوئەيدە قاتارلىقلار مەخسۇس ماندالىن چېلىشنى؛ سىراجىدىن زۇپەر، ياقۇپجان، ياسىن ھەسەنلەر مەخسۇس ئىسكىرىپكا چېلىشنى؛ ئابدۇرېھىم، ئابدۇراخمان، ھاپىز غوجىلار مەخسۇس تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەندى. ئۆلكىلىك سانائىنەپەسەنىڭ قارمىقىدا يەنە مەخسۇس ئۇسسۇل كۇرسى ئېچىلدى. ئۇنىڭغا ئۆلكىلىك قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان ئۇسسۇلغا ھەۋەسى بار قىزلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ تاللاپ، ئۈچ ئايلىقتىن ئىككى قېتىم تەربىيىلەپ چىقىلدى. بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھەرقايسى سانائىنەپەسەلەرگە تەقسىم قىلىندى.

بۇ مەزگىلدە غۇلجا، قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق ۋىلايەتلەردىمۇ ۋاقىتلىق سەنئەت كۇرسلىرى ئېچىلىپ، ئارتىسلارغا كەسپىي بىلىم ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلدى. جۈملىدىن قەشقەردە سەمەت ئابدۇللا، يەكەندە تۇردىئاخۇن ئاكا، كۇچادا ھاشىم ھاجىم، غۇلجىدا جامى ئاكام، روزى تەمبۇر، مەتىرېھىم ئاكا، زىكرى ئەلپەتتا قاتارلىق مۇزىكا ئۇستىلىرى مۇزىكا كۇرسلىرىنى ئېچىپ، نەچچە يۈزلىگەن مىللىي مۇزىكانتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

مۇشۇ مەزگىلدە ئېچىلغان مەدەنىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش
كۇرسلىرى دراما ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن زور يېڭىلىقلار-
نى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئىلگىرى دراما ئوينالغاندا ئاسا-
سەن كۈندۈزى ئوينىلاتتى. كەچتە ئويۇن قويۇدىغان ئۇسكۈنى-
لەر يوق ئىدى. ئارتىسلار ئاساسەن گىرىم قىلمايتتى، ساقال-
بۇرۇت ياساشتا تېرە-پۇرۇچ ئىشلىتەتتى. سەھنە مەشغۇلاتلىرى
سۈنئىي بولماستىن، بەلكى تەبىئىي مەنزىرە بويىچە ئوينىلات-
تى. يەنە قازان-قومۇچ ۋە ئائىلە جابدۇقلىرى سەھنىگە ئېلىپ
چىقىلاتتى. دەرەخ تەسۋىرلەنگەن بولسا، دەرەخ شاخلىرىنى
ئەكىلىپ قاداپ، تۈۋىگە توپا-تاش دۆۋىلەپ، توختىتىپ قويۇ-
لاتتى، ئۆستەڭ قېزىش توغرا كەلسە 2-3 تاغار توپىنى
سەھنىگە تۆكۈپ ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىلاتتى.
ئارتىسلار ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان روللارنىڭ سۆزلىرىنى
يادلىماي، سۇپلىيورنىڭ ئوقۇپ بېرىشى بىلەن رول ئورۇنداي-
لاتتى. مەدەنىي كادىرلار مەكتىپىنى ئوقۇپ چىققان ئوقۇغۇ-
چىلار ھەرقايسى سانايىنەپىسەلەرگە تەقسىم قىلىنغاندىن كې-
يىن، دراما ئويناش خېلى ئىلمىيلەشتۈرۈلدى. مەسىلەن، چى-
راغ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ كەچتە ئويۇن قويۇلىدىغان بولدى،
دېكراتسىيە ئارقىلىق كېچە-كۈندۈز ئايرىلىدىغان، دەل-دە-
رەخ، ئېرىق-ئۆستەڭ، ئۆي-جاي، باغ-ۋاران، ئېتىزلىق،
كوچىلارنىڭ مەنزىرىسىمۇ دېكراتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدى-
غان بولدى. سۇپلىيورلۇق ئەمەلدىن قېلىپ، ئارتىسلار ئۆزى
ئورۇندىماقچى بولغان پېرسوناژلارنىڭ سۆزلىرىنى يادلايدىغان،
گىيىم-كېچەكنىمۇ رولنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ ھەر خىل كىيى-
نىدىغان بولدى، رېژىسسورلۇق تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دراما
ئويناشقا مەخسۇس رېژىسسور ۋە بەدىئىي رەھبەر يېتەكچىلىك
قىلىدىغان بولدى.



1940-يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك سانايىنە-
پىسە دائىرىسىدە سەنئەت كوللېكتىپىسى تەشكىل قىلىنىپ،
ئۇنىڭ تەركىبىگە لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر،
نۇرسادىروۋپ، ئىمىن تۇرسۇن، ئەخمەت رېھىم، ئەخمەت زىيا-
ئى، مەمتىمىن توختايوپ، زەيدىن سالىيوپ، خەمىت سۇلتا-
نوپ، ئابدۇللا زۇنۇن قاتارلىق زىيالىيلار تەكلىپ قىلىنغانىدى.
ئۇلار ھەر نۆۋەتلىك قويۇلىدىغان سەھنە ئەسىرىنى ئالدىن مۇ-
ھاكىمە قىلاتتى، ئەسەر ئوينالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئوبزور
يېزىپ، ئەسەرنىڭ ئۇتۇق-كەمچىلىكى ۋە ئارتىسلارنىڭ ئورۇنداش
ماھارىتىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا باھالاپ تۇراتتى. سانايىنەپىسە
شۇ ۋاقىتتا ھەر ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچتىن كىتاب
تەييارلاپ، ئۆزلىرى رېپىتېتسىيە قىلىپ، ئوينىغاندىن باشقا،
ئۇنى شاپىگرافتا بېسىپ، جايلاردىكى سانايىنەپىسەلەرنى
ئەسەر بىلەن تەمىنلەيتتى.
1940-يىللارغا كەلگەندە، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى راسا
گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك «سانايىنەپىسە» ئۆمەكلىرىنىڭ
سانى 55 كە يەتتى. ئادەم سانى (كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرت-
قىنى قوشقاندا) 1500 گە يېقىنلاشتى. مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ
تۈرتكىسىدە، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى سىنىپ، ئوتتۇرا ۋە
باشلانغۇچ مەكتەپلەردىمۇ سەنئەت كۇرژۇكلىرى قۇرۇلدى.
ئىدارە-جەمئىيەتلەردىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن
سىرتقى سەنئەت پائالىيەتلىرى پات-پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىلىدى-
غان بولدى. بۇنىڭغا 1940-يىلى نويابىردا ئۈرۈمچى سىنىپ
ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەرقايسى كۇرسلار ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەر
سەنئەت كۇرژۇكلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر
قېتىملىق سەنئەت مۇسابىقىسى ئوبدان مىسال بولالايدۇ. بۇ

مۇسابىقىدە شىنجاڭ شۆيۈەن، ئۈرۈمچى ئوتتۇرا مەكتەپ،
«گېزىتخانا» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت گۇ-
رۇپپىلىرى ل. مۇتەللىپ يازغان «بۇراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»،
«سامساق ئاكام قايناپدۇ» نامىلىق درامىلارنى، ئۆلكىلىك مەدە-
نىي كادىرلار كۇرسىنىڭ سەنئەت گۇرۇپپىسى ماۋدۇن يازغان
«كۆرەش» نامىلىق دراممىنى ئوينىغان.⑦ مۇشۇنداق جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلانغان سەنئەت پائالىيەتلىرى شۇ مەزگىلدىكى
ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يەنە بىر مۇھىم
ئاساس بولۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە سەنئەتكارلار
ۋە دراماتورگلار مەيدانغا كەلدى. بۇلاردىن ئۇيغۇر ھازىرقى
زامان تىياتىرىغا ئاساس سالغۇچى مۆمىن ئەپەندىنى ئالساق،
ئۇ 1930 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىق-
قىپ ئۆگەنگەن تىياتىر بىلىملىرى ئاساسىدا، 1934 - يىلى
ئۈرۈمچىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى يىغ-
غىپ سەنئەت كۇرژوكى تەشكىللىگەن. كېيىن يەنە «نەئۇل-
پىرىخون» نامىلىق سەھنە ئەسىرىنى يازغان، خەلق داستانى
«بوز يىگىت» نى دراما قىلىپ يېزىپ چىققان، ئۇنىڭ بۇ
ئەسەرلىرى سان جەھەتتىن ئاز، پىشقان دراماتورگلارنىڭ
ئەسەرلىرىدەك ئالاھىدە شۆھرەت قازانمىغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىياتىر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى پەردى-
سىنى ئاچقان؛ يوقىلىپ كېتىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان بۇ
ژانىرنى قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە
قوشقان.⑧

مۆمىن ئەپەندى بىلەن تەڭ مەيدانغا چىققان يەنە بىر
دراماتورگ خەمىت ھېكىمى بولۇپ، ئۇ 1920 - يىلى ئۈرۈم-
چىدە شۆتاڭ (خەنزۇچە مەكتەپ) دە ئوقۇغان، 1930 - يىلى



چۆچەككە بېرىپ «تۇران مەكتىپى» دە رۇسچە ئۆگەنگەن بول-
غاچقا، خەنزۇچە، رۇسچە، تاتارچە تىللارنى بىلەتتى؛ كىچىكىدىن
تارتىپ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىي كىتابلىرىنى
ئوقۇپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بارغان؛ 1934 - يىلى
چۆچەكتە سەنئەت كۇرژوكى تەشكىللىگەندىن تارتىپ يېزىقچى-
لىققا كىرىشكەن؛ 1936 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ،
دوبەن مەھكىمىسىنىڭ تەرجىمانى، ئۆلكىلىك «سانايىنەپىسە»
نىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ شۇ مەزگىللەردە ئىلىم - پەننى
ئۇلۇغلاپ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان
«ئەخمەت سەرراپ»، «شەرمەندىلەر»، «جەللادگۆر»، «يانچۇقچى»،
«ئانارخان» (بۇنى ئەسلى ئەبەيدۇللا باست يازغان، كېيىن
خەمىت ھېكىم قايتا تۈزۈپ يازغان)، «نەسەب قۇربانى» نامىلىق
سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈرۈمچى ۋە
باشقا جايلاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېمىسىنىڭ يې-
ڭىلىقى، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن كەڭ تا-
ماشىبىنلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان.⑨ شىنجاڭنىڭ
تىياتىرچىلىق پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان دراماتورگلار-
نىڭ يەنە بىرى زۇنۇن قادىر. ئۇ، دراما ساھەسىگە 1937 - يى-
لى «جاھالەتنىڭ جاپاسى» نامىلىق ئۈچ پەردىلىك سەھنە
ئەسىرىنى يېزىش بىلەن كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ،
بىرنەچچە يىل ئىچىدە «ئۇچراشقاندا»، «پارتىزانلار ئەترىتى»،
«غۇنچەم»، «گۈلنىسا» نامىلىق ئەسەرلىرىنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ
سەھنە ئەسەرلىرى بولۇپمۇ زالىم بەگلەرنىڭ دەھشەتلىك
ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى پاش قى-
لىدىغان، ئەمگەكچى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى
ۋە پاجىئەلىك تەقدىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان «غۇنچەم»،
«گۈلنىسا» نامىلىق سەھنە ئەسەرلىرى كەڭ تاماشىبىنلاردا چوڭ-

قۇر تەسىر قالدۇردى، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ يەنىمۇ يۇقى-
رى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

شىنجاڭدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇل-
غان يىللاردىن تارتىپ تىياتىرچىلىق خىزمىتىگە ئۆزىنى بې-
غىشلىغان ئاتاقلىق رېژىسسور ھەم دراماتورگ قاسىمجان قەم-
بىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ، 1936-
يىلى ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى «غېرىپ-سەنەم» نى ئوپېرا
قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ ھەم باش
رول ئېلىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنى ھەيران قالدۇرغان. كېيىن
يەنە «زەينەپكە تۆھمەت»، «شانلىق غەلىبە» قاتارلىق سەھنە
ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنى بېيىتقان.
بولۇپمۇ ئۇنىڭ «غېرىپ-سەنەم» ئوپېراسى ئەينى زاماندىكى
سەنئەت ساھەسىنى خېلى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۇنىڭ سەنئەت
تالانتىنى نامايان قىلغان. بۇ دەۋردە مەيدانغا چىققان سەنئەت-
كارلار ئىچىدە كىشىنىڭ ھەممىدىن بەك دىققىتىنى تارتىدىغىنى
ياش مۇزىكانت، شائىر ھەم دراماتورگ لۇتپۇللا مۇتەللىپ
ئىدى. ئۇ، 1939-يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا
كەلگەندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا درامىغا ئىشتىياق باغلاپ
1940-يىلنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل
ئىچىدە «سامساق ئاكام قايىنايدۇ»، «كۆرەش قىزى»، «چىلىك مۇ-
دەن»، (ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن بىللە يازغان)، «چىمەنگۈل»،
«بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئىجاد
قىلغان؛ خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «تاھىر-زۆھرە»،
«پەرھاد-شېرىن» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك سەھنىلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ بۇ سەھنە ئەسەرلىرى
ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدىلا ئوينىلىپ قالماي، شىنجاڭنىڭ ھەرقاي-
سى جايلىرىدىكى سەھنىلەردىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئوينىلىپ، تاما-



شىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ
1942-يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇھەررىر بولۇپ
ئىشلەۋاتقان مەزگىلىدە يازغان نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە بى-
لىمسىزلىككە ئوت ئېچىپ، خەلقنى ئىلىم-پەنگە ۋە يېڭى مە-
دەنىيەتكە باشلايدىغان «سامساق ئاكام قايىنايدۇ» ناملىق درا-
مىسى تېمىسىنىڭ ئاكتۇئاللىقى، قويۇق كومېدىيىلىك تۈسكە،
كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن-
لىكى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭ سەھنىلىرىدە چوڭقۇر تەسىر پەي-
دا قىلغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىغا مەلۇم تۆھپىلەر-
نى قوشقان دراماتورگلارنىڭ يەنە بىرى شۈكۈر يالقىن. ئۇ،
1936-يىلى «ئۆلۈم» ناملىق بىر پەردىلىك كومېدىيىسى
بىلەن تىياتىر ساھەسىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن
«ئالدامچى»، «شاڭخەي كېچىسى»، «مۇھىم ھۆججەت»،
«ۋەتەننىڭ نومۇسى ئۈچۈن»، «مەترېھىم باينىڭ تويى»، «با-
ھار»، «چىش دوختۇرى»، «كۆرەش» ... قاتارلىق سەھنە
ئەسەرلىرىنى ئارقا ئارقىدىن ئىجاد قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە
تېزلا تونۇلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ 1941-يىلى يازغان ۋە شۇ
ۋاقىتلاردىكى چۆچەكنىڭ «يېڭى شىنجاڭ» ژۇرنىلىدا ئېلان قى-
لىنغان «شاڭخەي كېچىسى» ناملىق بىر پەردىلىك دراممىسى
يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى-
نىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئاكتۇئال تېمىسى
ۋە يۈكسەك سەنئەت قىممىتى بىلەن كەڭ تاماشىبىنلار ئارىسىدا چوڭ-
قۇر تەسىر قوزغىغان. بۇ سەھنە ئەسىرى ئارباغاتاي بويىچە ئۆتكۈ-
زۈلگەن دراما كۆرىكىدە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەندىن كېيىن،
مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن كى-
تابچە قىلىپ بېسىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەن-

مەت ئۆمەكلىرىگە تارقىتىپ بېرىلگەن. ھەتتا بۇ سەھنە ئەسەرى ئەينى چاغدا شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان يولداش ماۋ دۇنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ تاماشىبىنلار ئارىسىدىمۇ ئوينالغان. بۇلاردىن باشقا، پېشقەدەم ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن ئەمەت ئۆمەرنىڭ «ساۋاتسىزلىقنىڭ زىيىنى»، «پارىخور ھاكىم»؛ زىيا سەمەدىنىڭ «قانلىق داغ»، «غېرىپ - سەنەم»؛ ئەخمەت زىيائىينىڭ «رابىئە - سەئىدىن»؛ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «تامچە قاندىن مىليون چېچەكلەر»، «چىن مۆدەن» (ل. مۇتەللىپ بىلەن بىللە يازغان)؛ ئىمىن تۇرسۇننىڭ «يېرىم جىڭ سەككىز سەر»، «بىرىنچى تىياتىر» (كومېدىيە)، «تاھىر - زۆھرە»؛ ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا»؛ نىم شېھىتنىڭ «لەيلى - مەجنۇن»؛ سىراجىدىن زۇپەرنىڭ «بىزنىڭ ۋەتەن»؛ ئىبراھىم نۇرۇزنىڭ «نۇزۇگۇم»؛ نۇر بوساقوپنىڭ «بىرى سەن، بىرى مەن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىمۇ ھەرقايسى جايلاردا سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشلارغا ئېرىشتى.

ئۈرۈمچىدە يۇقىرىقىدەك مىللىي دراماتورگلارنىڭ ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن تاشقىرى، ماۋدۇن، جاۋدەن قاتارلىق خەنزۇ دراماتورگلار يازغان، جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىغا قارشى ئۇلۇغۋار كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن «قاھچاڭنى تاشلا»، «سىگنال»، «نامسىز قەھرىمان»، «18 - سېنتەبىر ھاۋزىسى»، «كۈرەش»، «يېڭى شىنجاڭ» ناملىق ئەسەرلىرى، شېكسپىر ئەسەرلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن «سوپى ئاغا»، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار ۋە ئارتىسلار تەرجىمە قىلىپ سەھنىلەشتۈرگەن «ئەرشىن مال - ئالان»، «ئىككى بايغا بىر مالاي»، «سۆلەت»... ناملىق ئەسەرلەرمۇ سەھنىلەشتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھى-



يېزىلىرىدىمۇ تىياتىرچىلىق پائالىيەتلىرى قانات يېيىپ، ئۇنىڭغا جايلاردىكى مەلۇم كەسپىي قابىلىيەتكە ۋە ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە كەسىپ ئەھلىلىرى يېتەكچىلىك قىلدى. مەسىلەن، ئاقسۇدا ئارتۇق ئاببا̤س، سېيىت ئاببا̤س قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «شاڭخەي كېچىسى»، «سامساق ئاكام قايىنايدۇ» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغاندىن باشقا، يەرلىك ئاپتورلار ئىجاد قىلغان «لۇگوچياۋ ۋەقەسى»، «كۈرەش دولقۇنى» (ئەيسا يۈسۈپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان)، لىن جىلۇ يازغان «دالىدىكى جەڭ»، «خەلق غەزىپى»، «يەنە ئالدىنقى سەپكە»، «قىزىل بايراق لەپىلدەيدۇ» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى؛ يەنە «تەنقىد قۇربانى»، «زۇلۇم ۋە مۇھەببەت»، «زاھىت لوزۇڭ»... قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئاقسۇ كونىشەھەر، كەلپىن، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا قاتارلىق جايلاردا ئوينالدى.⑩ قەشقەر، يەكەنلەردە ئابلىز ھاجى، ئەمەت ئۆمەر، يولۋاسخان، كامال تۇرسۇن، ھاجى نۇرۇللا، زىيائىدىن قارىملارنىڭ باشچىلىقىدا «تىكەنلىك گۈللەر»، «زەينەپكە تۆھمەت»، «شەرمەندىلەر»، «كۆن ۋە تۈن»، «ئانارخان»، «كۈرەش قىزى»، «قانلىق داغ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالغان بولسا؛ خوتەندە ئابدۇقادىر ھاجى، ھەجەرخان، قاھارجانلارنىڭ باشچىلىقىدا «پارىخور ھاكىم»، «ساۋاتسىزلىقنىڭ زىيىنى»، «غېرىب - سەنەم»، «چىمەنگۈل»، «مونەكباي»، «بارات جەللادگۇر»، «ئانا بىلەن بالا» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئوينالدى. غۇلجىدا مەتئىمىن خەلپەت ھاجى، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، زىكرى ئەلپەتتا، روزى تەمبۇر، جالالىدىن يەھيارى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشچىلىقىدا «شانلىق غەلىبە»، «چاقىرىلمىغان مېھمانغا سوۋغا»، «شاھاي ئەلەم»، «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «زالىم خەلپەت»، «قانلىق داغ»، «ئۇچراشقاندا»، «غۇنچەم»، «پارتىزانلار قورۇلۇشى»، «يۈسۈپ - ئەھمەد»، «رابىئە -

سەئىدىن»، «پەرھاد ـ شىرىن»، «پىغانلىق كۆنلەر»، «شاڭخەي كېچىسى»، «ئۆيلىنىش»، «سامساق ئاكام قاينايدۇ» ناملىق تىياتىرلار سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولسا؛ قاراشەھەردە نۇردۇن بەگ، شاكىرجان، ئابدۇپەتتار ۋەلىيوپ، جۇنە بەكرى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «رابىئە ـ سەئىدىن»، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «ئاجايىپ ئۆلۈم»، «پىرىخۇن»، «ھۇرلىقا ـ ھەمراجان»، «بۇلبۇلگويا» قاتارلىق دراما ۋە كومېدىيىلەر سەھنىلەشتۈرۈلدى. مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى، سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى، تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇقىملىشىشى بىلەن بىللە، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمۇ ياخشىلىنىپ، خېلى سۈپەتلىك كۇلۇبلىرى سېلىندى؛ سەھنە سايمانلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە گىرىم بۇيۇملىرى خېلى مۇكەممەللەشتى؛ سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ تېخىمۇ يېڭى تۈس ئېلىپ، ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇش، ئاياللار ئازادلىقى، ئەركىن مۇھەببەت، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن تەرغىب قىلىندى؛ خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن بېسىپ تۇرۇۋاتقان خۇراپاتلىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك ئىللەتلىرى قامچىلاندى، فېئودال ـ پومېشچىكلارنىڭ خەلق ئاممىسىغا سالغان ماددىي ۋە مەنىۋى زۇلۇملىرى ئېچىپ تاشلاندى؛ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان چېقىمچىلىق، پىتنىخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، سۇخەنچىلىك، مەنمەنچىلىك، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، نەشىخورلۇققا ئوخشاش ناچار ئادەتلەر خېلى ئوبدان تەنقىدلەندى. ئەمما، سىياسىي ۋەزىيەتتىكى تۇرغۇنلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ جانلىنىشىمۇ ئۇزاققا داۋام قىلالمىدى.



(3)

1943 ـ يىلى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگودىكى تاجاۋۇزچىلىقى تازا ئەۋجىگە چىققان، گېرمانىيە فاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىشتا شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ موسكۋا بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغان پەيتتە، شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ يەنى ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، «فاشىزم كۈچلىرى چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ قاراپ، يالغان ئىلغارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلىدى؛ ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈپ، جياڭ جيېشى بىلەن بىرلەشكەنلىكىنى ئاشكارا ئېلان قىلدى؛ ماركسىزمغا ئېتىقاد قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ بۇ يولدىن قايتىپ، ئىنقىلابتىن قول ئۈزۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. قارانىيەت شېڭ شىسەي ئاۋۋال شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېتتىن كەلگەن زىيالىيلارنى ۋە شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى شىنجاڭدىن ھەيدەپ چىقاردى؛ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن چېن تيەنچيۇ، ماۋ زېمىن، لىن جىلۇ، دۇجۇڭيۈەن باشلىق 100دىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر ئەزاسىنى تۈرمىگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئۈرۈمچىدىن تارتىپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە ھەممە يەردە خەلق ئىنقىلابىي رەھبەرلىرىنى، ئىلغار ئىدىيىدىكى زاتلارنى، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن خادىملارنى، جۈملىدىن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى خوجىنىياز ھاجى، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى تۈنجى بولۇپ قۇر-

غان ئۇيۇشما رەئىسى ئابدۇللا داموللام، «سانايىنەپىسە» ئۆمەك-
لىرىنى تۇنجى بولۇپ قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان
خەمىت ھېكىمى، مۆمىن ئەپەندى قاتارلىق 80 نەچچە كىشىنى؛
كۇچادىكى مەشھۇر ئەرباپلاردىن مەھپۇز ۋاڭ، ھاپىز غوجا،
نىزامىدىن ئەپەندى، سەنئەت خادىمى ئابلىمىت نىياز، تۇر-
سۇنئاخۇن قاتارلىق 100 دەك كىشىنى؛ غۇلجىدىن تېيىپ
ھاجى، يۈسۈپ خاس، ئەھمەتجان قاتارلىق غوللۇق تىياتىر
خادىملىرىنى؛ ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق بىر تۈركۈم
ئىلغار ۋە تالانتلىق ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنى؛ خوتەن-
دە ھاجى خانىم، قاھارجان قاتارلىق «سانايىنەپىسە» خادىم-
لىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى ۋە قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈ-
ۋەتتى. بەزى زىيالىيلارنى چەت-ياقا جايلارغا سۈرگۈن قىلدى.
مەسىلەن، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، ياسىن خۇدابەردى، خالىق
ساقى قاتارلىق كىشىلەرنى ئالتاي، چۆچەكلەرگە سۈرگۈن قىل-
دى. ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە تاشلانغان زىيالىيلارنىڭ بالا-چاقىلى-
رى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىمۇ چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلدى.
ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە باشقا ئىلغار كىتابلارنى پۈ-
تۈنلەي مۇسادىرە قىلىپ، تېررورلۇق ئورگانلىرىدا كۆيدۈرۈ-
ۋەتتى.⑪ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇشۇنداق تېررورلۇ-
قىدىن ئامان قالغان يازغۇچى زىيالىيلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلى-
رىنى يوشۇرۇپ، چەت-ياقا جايلارغا سەرگەردان بولۇپ چې-
قىپ كەتتى؛ بەزىلىرى مەجبۇرىي ئىشتىن بوشىتىلدى. بەزىلىرى
تېررورلۇقتىن قورقۇپ قەلىمىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى. شۇنىڭ
بىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى قايناۋات-
قان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

شېڭ شىسەي جىياڭ جېيىشى تەرىپىدىن دېھقانچىلىق، ئور-
مانچىلىق مىنىستىرلىكىگە مىنىستىر قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ



ئورنىغا 1944-يىلى 9-ئايدا ۋۇجۇڭشىن ئۆلكە رەئىسى بو-
لۇپ كەلدى. شىنجاڭدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن
كېيىن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى تېخىمۇ نا-
چارلاشتى؛ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرى خارابلىششقا قاراپ
يۈز تۇتتى؛ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ئالۋاڭ-ياساق-
لار بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرالمى-
غان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي خەلقى 1944-يىلى ئەتىيازدا
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈپ، بۇ ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاپ، مىللىي ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇردى. بۇ، زور ۋەقە
شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقلەرگىمۇ زور ئىلھام ۋە
مەدەت بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى باشقا ئىش-
لار قاتارىدا مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش-
قىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە غۇلجىدا «دۆلەتلىك تى-
ياتىر» تەشكىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، بىر مەزگىل بۇرۇخ-
تۇرمىلىق ئىچىدە قالغان ئىلى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى قايتىدىن
جانلاندى. كېيىنكى ئەۋلادلار ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ،
تىياتىر سەنئىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. 1946-يىلى
1-ئايدا زىيا سەمەدى، تېمىرغالى (قازاق)، ئابدۇۋەلى جارۇل-
لايۇپ، زىكرى ئەلپەتتا، رازىيە خانىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە
50 كىشىلىك تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، بۇنىڭغا ئۇيغۇر، قازاق-
لاردىن باشقا، ئۆزبېك، تاتار، شىبەلەردىنمۇ ماھارەتلىك ئار-
تىسلار قوبۇل قىلىندى. شۇڭا، بۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ نامى ھەر
مىللەت خەلقىنىڭ ئىناق، ئىتتىپاقلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز
بىلەن «ئىتتىپاق تىياتىرى» دەپ ئاتالدى.⑫ 1947-يىلى
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى 11 ماددىلىق تىنچلىق بېتىمىنى
بۇزۇپ، خەلققە قارشى مەيداندا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇر-

غانلىقتىن، ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىدە بېسىمغا ئۇچرىغان
سىراجىدىن زۇپەر، ئابدۇگۇل، ھۆرىيەت، ئابدۇكېرىم رازى،
ھۆرنىيازخان، ئەزىزەم قاتارلىق سەنئەتكارلارنى غۇلجىغا ئېلىپ
كېتىپ، «ئىتتىپاق تىياتىرى» نىڭ تەركىبىنى تېخىمۇ تولۇقلى-
دى. ئىلى ۋىلايىتىدە مەركىزى ئىتتىپاق تىياتىرىدىن باشقا،
يەنە ئارشاڭ، چېلىپەگزە، سۈيدۈڭ، موڭغۇلكۈرە، قىزىلكۈرە،
بورتالا، نىلقا، كۈنەس قاتارلىق ناھىيىلەردىمۇ تىياتىر ئۆمەك-
لىرى بار بولۇپ، ئارتىس - ئارتىسكىلارنىڭ سانى 193 كە يەت-
كەنىدى. مىللىي ھەربىي قىسىملاردىمۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇ-
رۇلۇپ، قايىنام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت - سەنئەت دولقۇنى كۆ-
تۈرۈلدى. شۇ چاغلاردا ھەر يىلى ھەتتا ھەر پەسىلدە مەك-
تەپلەر، رايونلار، ناھىيىلەر ئارا ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرەك-
لىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.⑬ ئەنە شۇ مەزگىلدە ئىلىدىكى
ھەرقايسى تىياتىرلاردا «لەيلى - مەجنۇن»، «غېرىپ - سەنەم»،
«پەرھاد - شېرىن»، «ئۆيلىنىش»، «ئارشىن مال - ئالان»، «باي
بىلەن مالاي»، «غۇنچەم»، «قانلىق داغ»، «بىز يېتىم ئەمەس»،
«پىداىي»، «پوتەي»، «شۇم قۇش»، «سامساق ئاكام قايناي-
دۇ»، «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى
ئويىنىلىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. دې-
مەك، ئۈچ ۋىلايەتتە بولۇپمۇ ئىلىدا ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى
قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

لېكىن، شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدە بولۇپمۇ جەنۇبىي
شىنجاڭدا تىياتىر ئىشلىرى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى 1945 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇ-
دا ل. مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ۋە-
تەنپەرۋەر ئىنقىلابىي زىيالىيلارنى ئۇچتۇرپانلىق مۇنىرىدىن
خوجا، مەۋلانجان ۋە يۈسۈپجانلار بىلەن قوشۇپ بىر كۈندىلا



ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇچتۇرپاندا يەنە ئاتاقلىق ئارتىسلاردىن تۇراپ قارىي،
ئىبراھىم مۆمىن، ئۆمەرقاسىم، سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئاب-
دۇللا ياقۇپ، ئابلا ئىبراھىم قاتارلىق 16 كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.⑭
بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تىياتىرچىلىقى ۋەيرانچىلىققا
ئۇچرىدى. قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى تىياتىر
ئىشلىرىمۇ ئىلگىرىكى گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالالمىدى.
چۈنكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇ يەرلەردىمۇ ئۇيغۇر
ئۇيۇشما ئەزالىرىنى ۋە مەدەنىيەت، تەشۋىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت
ساھەسىدىكى ئىلغار زاتلارنى قاماپ، سەھنىدە قويۇشقا تەييار-
لىغان تىياتىرلارنى قاتتىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىدىغان بولۇ-
ۋالغان. بۇنىڭ بىلەن، سەھنە ئەسىرى يېزىپ كېلىۋاتقان بىر
تۈركۈم پېشقەدەم دراماتورگلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان، ھا-
يات قالغانلىرى يېزىشتىن توختاپ ئۆزىنى چەتكە ئالغان.

1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ بېشىدا، ئەخمەتجان قاسىمى يې-
تەكچىلىكىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىن-
جاڭغا سايلام خىزمىتىنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا، «11 بېتىم» نى
قەتئىي ئىجرا قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق ئېلىپ بېرىش بىلەن
بىللە، مىللىي مەدەنىيەتنى جۈملىدىن تىياتىرچىلىق ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىمۇ مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەن.
شۇنىڭ بىلەن تىياتىر ئىشلىرى يەنە بىر قەدەر جانلىنىپ، خو-
تەندە «رابىيە - سەئىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شې-
رىن»، «سامساق ئاكام قانايدۇ»، «ئويۇنغاننىڭ دەردى شۇ»،
«كۆرەش قىزى» قاتارلىق درامىلار ئوينالغان⑮ بولسا، ئاقسۇدا
ئەيسا يۈسۈپ يازغان «دوۋانجان بىلەن بۇۋانجان»، ئابدۇللا
تالىپ يازغان «سۆيگۈنۈم ئەلا»، «ئەركىن جانان»قاتارلىق درامى-
لار ئوينالغان.⑯ 1947 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جاڭ جى-
جۇڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قوشۇمچە رەئىسلىكىدىن ئىستېپا بې-

رىپ، ئۇرنىغا مەسئۇدنى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ، ھەرخىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلەشتى. ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئىلغار كۈچلەر باشچىلىقىدىكى تىياتىرچىلارغا ھەرخىل يوللار بىلەن ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا، تىياتىرچىلىق ئىشلىرى بارغانچە سۇسلىشىپ كەتتى. 1948 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن «سەنمىنجۇيىلىق ياشلار سەنئەت ئۆمىكى» نەنجىڭ، شاڭخەي، تەيۋەن قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئويۇن قويۇپ كەلدى.

ئۇلار بۇ سەپەردە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئوينىغاندىن باشقا، «نىياز قىز» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى ۋە «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق دراممىلارنى قويدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئازادلىققىچە بولغان مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئازاد ئۈچ ۋىلايىتىدە بولۇپمۇ غۇلجىدا ئىنقىلاب رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن تىياتىر ئىشلىرى خېلى راۋاجلانغان، يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىدىيە، ئىنقىلاب توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىلەر بىرقەدەر نەتىجىلىك ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە سىياسىي ھاۋانىڭ تۆۋەنلىكى، شەرت - شارائىتنىڭ ناچارلىقى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك بېسىملىرى تۈپەيلىدىن، تىياتىرچىلىق زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. بۇ چېكىنىش ئازادلىققىچە داۋام قىلدى.



(4)

1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت باشقا خىزمەتلەر قاتارىدا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 1950 - يىلى شىئەندە غەربىي شىمال رايونى بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئىتىنى قانداق راۋاجلاندۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بۇنىڭ نىشانى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى؛ ئاندىن باشقا جايلاردا ئاۋۋالقى سەنئەت ئۆمەكلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى قۇرۇلدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ چەتكە قېقىلغان بىر تۈركۈم ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە قايتىپ كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئۇلغايدى.

1950 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا ئەدەبىيات سەنئەت خادىملىرىمۇ قاتنىشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ۋە جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىشى، تۇرمۇش ئۆگىنىشى، خەلق ئاممىسىنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقى بىلەن تونۇشۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. بۇ ئەمەلىي تۇرمۇش كونا-

يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە يېڭى
يول ئېچىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم يېڭى ۋە ياخشى
سەھنە ئەسەرلىرى ئىجاد قىلىنىپ سەھنىگە ئېلىپ چىقىلدى. مە-
سىلەن، «قانلىق داغ» ۋە «زۇلۇمغا زاۋال» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرى؛
جاپپار ئەمەت بىلەن نەجمىدىن سىدىق يازغان، خوتەن ۋىلايەت-
لىك ئىتتىپاق تىياتىرى ئوروندىغان «يىمىرىلگەن قۇللۇق» نام-
لىق دراما؛ ئېلى ئېزىز بىلەن هامۇت مەهمۇدى يازغان، ئاق-
سۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق تىياتىرى ئورۇنلىغان «قۇللۇقتىن
ئازاد»، «زومىگەرلەرگە دەككە» ناملىق درامىلار؛ روزى قادىرى
يازغان، جەنۇبىي شىنجاڭ سوۋېت گىراژدانلىرى تىياتىرى ئورۇن-
لىغان «غالىبلار تويى» ناملىق دراما؛ باتۇر راشىدىن ۋە ئىمى-
نوپلار يازغان، 13 - دېۋىزىيىنىڭ مىللىي تىياتىر ئۆمىكى
ئورۇنلىغان «يوقسۇللار كۈيى» ناملىق دراما؛ مەمەت تاتلىقنىڭ
«يېتىملار يېشى» ناملىق دراممىسى؛ ماناپ قادىرنىڭ «زومىگەر-
لەر خەلق قولىدا» ناملىق دراممىسى؛ بۇرهان شەهىدىنىڭ «قان-
لىق كۆرەشتىكى دوستلۇق» دراممىسى ۋە باشقىلارنىڭ «بەكرى-
نىڭ هەيۋىسى»، «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» نام-
لىق درامىلىرى ئوينالدى. سىراجىدىن زۇپەر يازغان «زومى-
گەرلەرگە دەككە» دراممىسى تۇرپان، توقسۇن، پىچان قاتارلىق
جايلاردا ئوينالدى.

1952 - يىلى 5 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە قەش-
قەردە كۆلەملىك بىر قەدەر چوڭ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى،
كۆرەككە ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق
تىياتىرلىرى، قەشقەردىكى سوۋېت گىراژدانلىرى تىياتىر ئۆمە-
كى، 13 - دېۋىزىيە تىياتىر ئۆمىكى... قاتارلىق ئالتە تىياتىر
ئۆمىكى قاتناشتى. بۇ كۆرەكتە ئېلى ئېزىز بىلەن هامۇت
مەهمۇدى يازغان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق تىياتىرى ئورۇن-



دىغان «قۇللۇقتىن ئازاد» ناملىق دراما؛ جاپپار ئەمەت بىلەن
نەجمىدىن سىدىق يازغان، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق تىياتىرى
ئوروندىغان «يىمىرىلگەن قۇللۇق» ناملىق دراما 1 - دەرىجىلىك
ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كۆرەكتىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش، مۇۋەپ-
پەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى
كۆرسىتىپ بېرىش يۈزىسىدىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت
ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 230 كىشىلىك يىغىن
ئۆتكۈزۈلۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن
ئەزىزى «شىنجاڭ هەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى ئەدەبىيات
سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرىشەيلى» دېگەن
تېمىدا دوكلات بەردى. سەيپىدىن بۇ دوكلاتىدا، ئاۋۋال يېڭى
دەۋردىكى دراماتورگلار، رېژىسسور، ئارتىسلارغا قويۇلىدىغان
يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئاندىن نۆۋەتتىكى يېڭى
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يۆنىلىشى، فاكتىنى، ۋەزىپىسى، مەزمۇ-
نى ۋە شەكلى، ئۇسلۇبى... قاتارلىق ئالاهىدىلىكلىرىنى كۆرسە-
تىپ ئۆتۈش بىلەن بىللە، يەنىمۇ تىرىشىپ ئىزدىنىپ، دېهقان-
لارنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا ماس كېلىدىغان، هەجمى كىچىك،
چاققان، چۈشىنىشلىك، مەزمۇنلۇق درامىلارنى ئىجاد قىلىشنى،
درامىنىڭ هەرقايسى تۈرلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشنى، بولۇپمۇ
باللار دراممىسىغا ئالاهىدە ئېتىبار بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يى-
غىن قاتناشچىلىرى بۇ قېتىمقى يىغىندا چىقىرىلغان يەكۈندىن
ئازادلىقتىن كېيىنكى تىياتىر ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن ئۇتۇق-
لارنى كۆرۈۋېلىش بىلەن بىللە، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ
هېس قىلدى؛ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يۆنىلىشى،
ۋەزىپىسى، ئورنى ۋە شەكلى، يېڭى سىياسەت بىلەن سەنئەت-

نىڭ مۇناسىۋىتى، سەنئەتكارلارنىڭ دۇنيا قارىشى توغرىسىدا
يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇشتىن.

1953 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ئەدەبىيات -
سەنئەتچىلەر 1 - قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، كەڭ ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە كەسپىي
جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەن-
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. قۇرۇلتايدا بىرلەشمىنىڭ باش-
لىقلىرى سايلاپ چىقىلىش بىلەن بىللە سوتسىيالىستىك ئەدە-
بىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى ۋەزىپىسى، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلە-
رنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قو-
يۇلدى. شۇ مەزگىلدە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-
سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئۇيغۇرچىغا
تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئارىسىدا
ئۆگىنىش قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ
ئىدىيىۋى ئېڭىدا كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى بىر
قەدەر ئايدىڭلىشىپ، ئىلگىرىكى بەزى بىر تەرەپلىمىلىكلەر تۈ-
زىتىلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ
جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ۋەزىيەتنىڭ بىرقەدەر تىنچ ۋە
مۇقىم بولۇشى، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىنقىلاب ۋە
ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بىۋاستە ئىشتىراك قىلىشى،
پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت-
چىلەرگە ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشى، يازغۇچىلار ۋە
سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشى ياز-
غۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە تۈرتكىلىك رول ئوي-
نىدى. 1952 - يىلى 12 - ئايدا سىراجىدىن زۇپەر تۇرپانىنىڭ
ھاكىملىقىدىن يۆتكىلىپ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە باشلىق، بۇقارا-



تىشقانىدا يۈپ مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى. تەشكىلىي
ئاپپارات رەتكە سېلىنىپ، ئارتىسلارمۇ خېلى تولۇقلاندى. بىر
تۈركۈم ئارتىسلار بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى سەنئەت شۆبىلىرىگە
ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. بۇ مەزگىلدە زىيا سەمەدى ئۆزگەرتىپ
يازغان «غېرىپ - سەنەم»، زۇنۇن قادىر يازغان «توي ئۈستىگە
توي» (كېيىن «توي» غا ئۆزگەرتىلگەن)، سەيپىدىن ئەزىزى
يازغان «خېمىتوۇرۇچ سېلىش كېرەك» (كېيىن «ھىيلىگەر باش-
لىق» قا ئۆزگەرتىلگەن)، شۈكۈر يالقىن يازغان «يالغۇز قىز»،
«دەل توي كۈنى» (بۇنى ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن بىللە ياز-
غان)، تۇرغۇن ئالماس يازغان «پىچاق» قاتارلىق دراما ۋە
كومېدىيىلەر ئۆلكىلىك دراما ئۆمىكى تەرىپىدىن سەھنىلەشتۈ-
رۈلۈپ، كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

1956 - يىلى ئۈرۈمچى نەنسەندىكى ھازىرقى خەلق تىيا-
تىرى پۈتتى. ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپى ۋە شىنئەن سەن-
ئەت شۆبىسىنى قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى پۈت-
تۈرگەن بىر تۈركۈم تالانتلىق رېژىسسور ۋە ئارتىسلارنىڭ قوشۇ-
لۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكى تولۇقلاندى.
بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئاپتورلىرىمىز يازغان درامىلارلا سەھنىلەشتۈرۈ-
لۈپ قالماي، چەت ئەل دراملىرىدىن شېكسپىرنىڭ «گۆلدۈ-
رى بار، يامغۇرى يوق» دراممىسى، ئۆزبېك دراماتورگى ئاب-
دۇللا قاھارنىڭ «يېڭى يەر» دراممىسى، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ
«سىرلىق سومكا» ناملىق دراممىسى، خەنزۇ ئاپتورلارنىڭ «1 -
ئاۋغۇست بورانلىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ سەھنىلەشتۈرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيىلىرىدىكى سەن-
ئەت ئۆمەكلىرى «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «شاخلىق يېزىسىنىڭ
تارىخى»، «ئانارگۈل»، «ئۆجمە سايىسى»، «قۇللۇقتىن ئازاد»،

«يېتىملار يېشى»، «تەلەمەت»، «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر
نۆۋەت»، «قادىر شاكىيۇ»، «زۇلۇم ۋە ئازادلىق»، «قانلىق سۇ-
پا» قاتارلىق مىللىي ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سەھنىلەشتۈرۈش
بىلەن بىللە «ئەرشىن مال - ئالان»، «يېڭى يەر» قاتارلىق
چەت ئەل دراممىلىرىنىمۇ سەھنىلەشتۈرۈپ، تىياتىرچىلىق ئىش-
لىرىدا گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. زور
بىر تۈركۈم دراماتورگلار، رېژىسسور ۋە تالانتلىق ئارتىسلار يې-
تىشىپ چىقتى. زۇنۇن قادىر، شۈكۈر يالقىن، سەيپىدىن ئەز-
زى، زىيا سەمەدى، ئېلى ئېزىز، ماناپ قادىر، مۆيدۈن غوجا...
قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ئاكتىپ ۋەكىللىرى. بولۇپمۇ زۇنۇن
قادىر ئاجايىپ تالانتى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلىپ
قىلىپ كەلدى. ئۇ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا ئازادلىقتىن بۇرۇن-
لا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىقتىدارلىق دراماتورگ ئىدى. 1954-
يىلى غۇلجىدىن ئۈلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمە-
سىگە يۆتكىلىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاقسۇ، قەشقەر، يە-
كەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىن-
قىلاب، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتلارغا بىۋاسىتە
ئىشتىراك قىلىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدىلا «توي» ناملىق ئەسە-
رىنى يېزىپ چىقتى. 1950 - يىلدىن تارتىپ شىنجاڭ يېزىلى-
رىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب ۋە كۈرەشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا-
لى ۋە بىر تۈركۈم دېھقانلارنىڭ بۇ ھەرىكەتكە تۇتقان ھەر
خىل پوزىتسىيىلىرى جانلىق ۋە ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن
بۇ سەھنە ئەسىرى ئاپتونوم رايونلۇق دراما ئۆمىكى تەرىپى-
دىن ئوينالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى تاماشىبىنلار ئارىسىدى-
لا ئەمەس، پايتەختتىكى تاماشىبىنلار ئارىسىدىمۇ زور داغدۇغا
قوزغاپ، 1956 - يىلى مەملىكەت بويىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈل-
گەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر كۆرىكىدە بىرىنچى دەرى-



جىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتى ۋە 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇ-
كاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ مەزگىلدىكى درامىلار سان جەھەتتىن 1952 - يىلىنىڭ
ئالدىدىكى درامىلارغا يېتەلمىسىمۇ، ئەمما سۈپەت جەھەتتىن
خېلى ئېشىپ كەتتى. بىراق، يەنىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلغان-
دا، بەزى مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

1956 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى جىددىي ۋە مۇ-
رەككەپ كۈرەشلەرگە دۇچ كەلدى. 1957 - يىلىدىكى «ئوڭچى-
لارغا قارشى كۈرەش» نىڭ بەك كېڭەيتىۋېتىلىشى، 1958 - يىلى-
دىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىدىن كېيىن ئەدەبى-
يات - سەنئەت ساھەسىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان چېكىدىن
ئاشقان سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر تى-
ياتىرچىلىقى ناھايىتى تېزلا چېكىنىپ كەتتى. بۇ يىللاردا مىل-
لىي ئاپتورلارنىڭ «يالغۇز قىز»، «دەل توي كۈنى»، «پىچاق»،
«ھېيىلگەر باشلىق»، «غېرىپ - سەنەم»، «ل. مۇتەللىپ»،
«توختى چوڭ»، «يەتتە نەپەر قالدۇق»، «كېسەلنى يوشۇرساڭ
ئۆلۈم ئاشكارا»، «ئالدامچى»، «تەلەمەت»، «ئەرگە بىر نۆ-
ۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت»، «شاخلىق يېزىسىنىڭ قانلىق تارىخى»،
«ئانارگۈل»، «سىرلىق پۈركەنجە» قاتارلىق درامىلار ئوينالغان
بولسىمۇ ئەمما، بۇ سەھنە ئەسەرلىرى يېڭى ئەمەس ئىدى. 60-
يىللارغىچە بىر يېڭى سەھنە ئەسىرى ئىجاد قىلىنمىدى.

1960 - يىلدىن باشلاپ، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
ساھەسىدىكى قاتمال ۋەزىيەت ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىشقا باشلى-
دى. چۈنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاقۋەتتى ئىنتايىن
يامان بولغان سولچىللىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن «تەرتىپكە سې-
لىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاكچىنىنى

ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن، دراما ئىجادىيىتىدىكى تۇسقۇنلۇقلارمۇ تەدرىجىي يوقالدى. بولۇپمۇ 1962 - يىلى 3 - ئايدا جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە گۇاڭجۇدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك «كومېدىيە، ئوپېرا ۋە بالىلار تىياتىرى ئىجادىيىتى يىغىنى» «قوش فاڭجېن» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئىجادىيەت جەھەتتىكى دېموكراتىيىنى كەڭ يولغا قويۇپ، ناھەق تەنقىدلەنگەن بىر قىسىم ئەسەرلەرگە قايتا باھا بەردى. بۇنىڭ بىلەن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇنچە ياخشى درامىلار مەيدانغا كېلىپ، تىياتىر ئىجادىيىتىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى 2 - قېتىملىق گۈللەنگەن دەۋرى شەكىللەندى. ئەمما، شىنجاڭنىڭ تىياتىرچىلىق ئىشلىرى يەنىلا تۇرغۇنلۇق ھالەتتە تۇرۇپ قېلىپ، ئىجادىي ئەسەرلەر ئانچە كۆپ چىقمىدى. پەقەت سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «كۆرەش يولى»، بۇرھان شەھىدىنىڭ «يالقۇن تاغ غەزىپى» قاتارلىق درامىلىرى شۇ مەزگىلدىكى ياخشى درامىلار بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى ئىجادىيەتچىلەر تەرىپىدىن «ياش ئەۋلاد»، «تامغىنى تارتىۋېلىش»، «تۇرپان ناخشىسى»، «ھاشىم ئاكام چۈشەندى»، «ئىككى تۈپ تېرەك»، «يۈرىكىمىز تەلپۈندۇ بېيجىڭغا»، «تامنى ئۆرۈپ قۇدا بولۇش»، «ئۈجمە سايىسى» قاتارلىق بىر قىسىم درامىلار خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ياكى يېڭىدىن يېزىلىپ سەھنىلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا «كۆرەش يولى»، «يالقۇن تاغ غەزىپى» ناملىق درامىلارنىڭ تەسىرى چوڭ، بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى بولدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، 1957 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان 9 يىلدا شىنجاڭدا تىلغا ئالغۇدەك ياخشى دراما كۆپ چىقمىدى. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەت،



ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ درامىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئويناش بىلەن چەكلەندى.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى دەۋرنىڭ ۋە خەلقنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان قەدەم رىتىمىگە جور بولالمىدى. يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن خەلقنىڭ تەلىپى ئوتتۇرىسىدا، تىياتىر بىلەن رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا پەرق بارغانچە چوڭىيىپ كەتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە بولسا، مىللىي تىياتىرچىلىق يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ئىزاھلار:

① مۇختەر روزىيۇپ: «ئىلى تىياتىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىدىن.)

② پەرىدە ئېلىيېۋا: «خەمىت ھېكىمى توغرىسىدا ئەسلىمە» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 24 - سانىدىن.)

③ مۇھەممەت فاتىھ: «يەكەن سەنئىتى توغرىسىدا ئەسلىمە» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 24 - سانىدىن.)

④ يەھيا ئېلىم: «قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 27 - سانىدىن.)

⑤ كازىمجان: «ئالقىش ساڭا ‹يېڭى قاشتېشى› سەنئىتى، ئۇرغۇسۇن ئىلاچى دۇنيارىخنىڭ ھۆرمىتى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 6 - سانىدىن.)

⑥، ⑦، ⑧ ئېلى ئېزىز: «ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىرچىلىقى توغرىسىدا ئەسلىمە» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 24 - سانىدىن.)

⑨ پەرىدە ئېلىيېۋا: «خەمىت ھېكىمى توغرىسىدا ئەسلىمە» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 24 - سانىدىن.)

⑩ ئابلەت قەييۇم: «جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئاقسۇ تىياتىر سەنئىتى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانىدىن.)

⑪ نۇر مەھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» 4 - قىسىم («شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى» نىڭ 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.)

⑫ مۇختەر روزىيۇپ: «ئىلى تىياتىرى توغرىسىدا» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىدىن.)

⑬ مىجىت ئاسىم: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت» («ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 4 - سانىدىن.)

⑭ تۇرسۇن بارات: «ئۈچتۇرپاندا ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 3 - سانىدىن.)

⑮ كازىمجان: «ئالقىش ساڭا 〈يېڭى قاشتېشى.〉 سەنئىتى، ئۇرغۇسۇن ئىلچى دىيارىنىڭ ھۆرمىتى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 6 - سانىدىن.)

⑯ ئابلەت قېيىيۇم: «جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئاقسۇ تىياتىر سەنئىتى» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانىدىن.)

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

(1) «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، «ئۇرۇمچى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(2) «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»، (كېيىنكى «تارىم») نىڭ 1951 - يىلىدىن 1966 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى سانلىرى.

(3) «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1978 - يەلىدىن كېيىنكى مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(4) «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1977 - يىلىدىن كېيىنكى سانلىرى.

(5) «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىلىدىن 1991 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى سانلىرى.

(6) مۇھەممەت پولات: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى).

(7) ئازاد سۇلتان: «يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى).

(8) ھېيتەم ھۈسەيىن: «تىياتىر ۋە تىياتىر ئارتىسلىقى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى).

(9) زۇنۇن قادىرى، شۈكۈر يالقىن، ل. مۇتەللىپ، سەيپىدىن ئەزىزى، تۇرسۇن يۇنۇس، مەمتىملى زۇنۇن قاتارلىقلارنىڭ دراما توپلاملىرى ۋە باشقا كوللېكتىپ ئاپتورلارنىڭ دراما توپلاملىرى.

# سەھنە ھاياتىمدىن قىسقىچە ئەسلىمە

زەينەپخان سىدىق

رەتلەپ يازغۇچى: مۇھەممەت ئەيسا

**(1)**

مەن 1929 - يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ مەرغىلان شەھىرىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپتىكەنمەن. دادام سىدىق ئاخۇن، ئاپام راباخانلار ھەر ئىككىسى ھاللىق ھەم ئوقۇمۇشلۇق سودىگەر ئائىلىسىدە ئۆسكەن، ئاشۇ زاماندىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىدى. ئېھتىمال 1930 - يىللىرى بولسا كېرەك، دادام بوۋام ئىسھاقجانغا ئەگىشىپ بىرنەچچە رەت قەشقەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلغانىكەن. كېيىن ئۇ قەشقەرنىڭ ئەينى زاماندىكى مۇھىتىغا كۆنۈپ قالغاچقا، 1932 - يىلى مەن ئۈچ ياشقا كىرگەن چاغدا پۈتۈن ئائىلىمىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ قەشقەردە ماكانلىشىپ قالغانىكەن.

چوڭ بولۇپ ئەقلىمنى تاپقاندىن كېيىن بىلسەم، دادام قەشقەردە سودىگەرچىلىك قىلىپ ناھايىتى تېز بېيىپ، قەشقەردىكى ساناقلىق بايلاردىن بولۇپ قاپتۇ. 1937 - يىلىنىڭ شىمسەي قەشقەردىكى ساناقلىق بايلار قاتارىدا دادامنى يوق بەدناملار بىلەن تۇتۇپ كېتىپ، ئىز - دېرەكسىز يوقىتىۋې-

**ئۆمۈر خاتىرىلىرى**

تىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئائىلىمىزنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنىمۇ مۇ-
سادىرە قىلىپ ئۆيىمىزنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ. دادامدىن كې-
يىن قالغىنىمىزدىن كېيىن، ئائىلىمىزنىڭ بارلىق ئىقتىساد يۈكى
ئاپام راباخاننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. بىچارە ئاپام ئاكام، مەن
ۋە ئىنىمنى ياخشى بېقىش، ئۆزى ۋە دادامغا ئوخشاش ئوقۇ-
مۇشلۇق ئادەم قىلىپ چىقىش ئۈچۈن تارتمىغان جەۋرى - جاپا-
سى قالماپتۇ.

مېنىڭ سەنئەت كەسپىگە ھەۋەس قىلىشىمدا ئاپام رابا-
خاننىڭ تەسىرى چوڭ بولغان. مەن ئەقلىمنى بىلسەم ئاپام
ناھايىتى خوش خۇي، قىزىقچى، شۇنداقلا چىرايلىق ھەم كېلىش-
كەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكى-
غا تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. بىزنىڭ ئۆيىمىزدە سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا ئىشلەنگەن بىر پاتېفون بار ئىدى. ئاپام ئەتىسى ئاخشام-
لىرى پاتېفوندىن ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاپ قانمايتتى. بەزىدە
تېخى ئۆيدە ئۆزىچە دۇتار چېلىپ ناخشا توۋلاپمۇ
قوياتتى. ئاپامنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن مەنمۇ پاتېفوندىن
چىققان يېقىملىق مۇزىكىلارنىڭ رىتىمىغا ئۇسسۇل ئويناپ قو-
ياتتىم. ئاپام ئۇسسۇل ئوينىغىنىمنى كۆرسە تېخىمۇ خۇشال بو-
لۇپ، «ياخشى ئوينىغىن قىزىم، ئۇسسۇلنى ياخشى ئۆگەنسەڭ
چوڭ بولغاندا ئارتىس بولىسەن، بىز كۆرمىگەن نۇرغۇن - نۇر-
غۇن ئىشلارنى كۆرىسەن» دەپ قوياتتى. ئاپامنىڭ ئەنە شۇنداق
كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن مەنمۇ كۈندىن - كۈنگە مۇ-
زىكىغا ھەۋەس قىلىدىغان، پاتېفون ناخشىلىرىنىڭ رىتىمىغا ئۇس-
سۇل ئويناپ قانمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاپام مېنىڭ ئۇسسۇل
جەھەتتىكى بۇ خىل «ماھارىتىم» نى كۆرۈپ، كېيىنچە بىرەر-
سىنىڭكىگە مېھمانغا بارسا ياكى ئۆيىمىزگە بىرەر - ئىككى مېھ-
مان كېلىپ قالسا مېنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ



قىلىدىغان بولۇۋالدى. مەن دەسلەپتە سەل تارتىنىپ ئوينىغىلى
ئۇنىمايتتىم. كېيىنچە تارتىنمايدىغان، تارتىنمايلا قالماي بەل-
كى ئۇسسۇل ئويناپ قانمايدىغان «ئۇسسۇل مەستانىسى» غا
ئايلىنىپ قالدىم.

1937 - يىلى مەن قەشقەر شەھىرى ئەنجان كوچىسىدى-
كى شەنلى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردىم. مەن مەكتەپكە كىرگەن
ئاشۇ يىللار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ياپونغا قارشى
تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشى قاپلىغان،
شىنجاڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ياپونغا
قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى جاھانگىرلارنىڭ تۆمۈر تىرنىقىدىن
قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ھەرىكىتى قا-
نات يايدۇرۇلۇۋاتقان چاغلار ئىكەن. بۇ مەزگىلدىكى تەشۋىقات
ھەرىكىتى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ يې-
تەكچىلىكىدە بىر تەرەپتىن مەتبۇئات شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ
بېرىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى
ئارقىلىق قانات يايدۇرۇلىدىكەن. مەن مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن
ئۆتمەيلا مەكتىپىمىزدىمۇ سەنئەت كۇرژۇكى قۇرۇلۇپ، سەنئەتتە
تالانتى بار بىرمۇنچە ساۋاقداشلارنى قاتناشتۇردى.

مەن ئوقۇشقا كىرگەن ئەنجان كوچىسىدىكى شەنلى مەك-
تەپ مەخسۇس قىزلار ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپ ئىدى. بىزنىڭ
مەكتەپنىڭ مەكتەپ مەسئۇلى ھاۋا ئابدۇپەتتار ئىدى. سەنئەت كۇر-
ژۇكىغا تۇنىساخانىم دېگەن بىر ئوقۇتقۇچىمىز مەسئۇل ئىدى.
بىر دەسلەپتە 20 دەك قىز بۇ كۇرژۇكقا قاتناشتۇق. بىز دەرسىمىز-
نى بىر سائەتمۇ قالدۇرماي تولۇق ئوقۇيتتۇق. سەنئەت پائال-
يىتىمىز چۈشلۈك دەم ئېلىشلاردا، كەچلىك تاماقتىن كېيىن
ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى بولاتتى. بۇ پائالىيىتىمىزگە مەكتەپ
رەھبەرلىرى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەينى دەۋردىكى قەش-

قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خەلـ
پەت سۇزۇك ھاجى قاتارلىق رەھبەرلەرمۇ بىزنىڭ سەنئەت
كۇرژوكىمىزنى پات - پات يوقلاپ تۇراتتى. بىز دەسلەپتە تەيـ
يارلىغان نومۇرلىرىمىزنى مەكتەپ ئىچىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلارغا قويۇپ بەردۇق. كېيىنچە بارغانچە كېڭىيىپ، كوچا-
كويلاردا، ئاۋات رەستىلەردىمۇ ئويۇن قويىدىغان بولدۇق. ئۇ
چاغدىكى نومۇرلىرىمىز ئۇسلۇب جەھەتتىن ئالغاندا يەڭگىل ھەم
قىزلارغىلا خاس بولغان ئويۇنلار بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇنى
ئاكتىۋال بولۇپ، ئاساسەن ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى
مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش، ئاياللار ئازادلىقى، بايلارنىڭ زالىمـ
لىقىنى مەسخىرە قىلىش، جەمئىيەتتىكى نامۇۋاپىق ئىللەتلەر-
نى سۆكۈش... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئېھتىمال 1943 - يىللىرى بولسا كېرەك، مەن باشلان-
غۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىق-
قان چاغلىرىم ئىدى. شۇ چاغدىكى قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ
ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەشقەر شەھىرى بويىچە
مائارىپ ساھەسىدە خىزمەت قىلىدىغانلاردىن بىر تەشۋىقات
ئەترىتى قۇرۇلغانىدى. بىزنىڭ بۇ ئەترىتىمىزنىڭ كونكرېت پائالـ
يەتلىرىگە شۇ چاغدىكى قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ
باشلىقلىرىدىن مۇھەممەت رېھىم، جۇشەنسىڭ قاتارلىقلار بىۋا-
سىتە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. بۇ ئەترەتكە قەشقەر شەھەرلىك
دارىلىتام، دوغابەگ كۆكبېشى مەكتەپ، بىز ئوقۇغان تولۇقسىز
ئوتتۇرا مەكتەپ... قاتارلىق ئورۇنلاردىن سەنئەت تالانتى بار
قىز ئوقۇغۇچىلاردىن قوبۇل قىلىنغانىدى. مەنمۇ تاللاش ئارقىلىق
بۇ تەشۋىقات ئەترىتىگە قاتناشتىم. بىز كۈندۈزى ئاساسەن ئۆز
ئورنىمىزدا دەرس ئوقۇيتتۇق، سەنئەت پائالىيىتىمۇ ئومۇمەن
دەرستىن سىرتقى چاغلاردا بولاتتى. ئىشلىگىنىمىزگە ھەق ئالـ



مايتتۇق. راستىنى ئېيتسام، ئۇ چاغلاردا بىزگە ھەق بېرىدىـ
غان ئورۇنمۇ يوق ئىدى. شۇڭا خالىسانە ئىشلەيتتۇق. پەقەت
سەنئەتكە — پەن - مەدەنىيەتكە بولغان كۈچلۈك ھەۋەس، ھۆر-
لۈك، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشلا بىزنى ئاشۇنداق خالىسانە
ئىشلەشكە ئىنتىلدۈرەتتى. شۇ چاغدىكى تەشۋىقات ئەترىتىگە قاتـ
ناشقان ئوقۇغۇچىلاردىن زەينۇرەم، ئاسىم ئابدۇللا، ئايىمنىسا
ھىلىم، خالىدەم، خەرنىسا سوپى، مەريەم دادىخان، سائادەت،
مەن قاتارلىقلار ئۇنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ئىدۇق. ئويۇنلىرىمىز-
نىڭ مەزمۇنى ئاكتىۋال بولۇپ، ئومۇمەن ياپونغا قارشى تۇ-
رۇش، ئاياللار ئازادلىقىنى تەرغىب قىلىش، نادانلىق، كونىلىقنى
قامچىلاپ، ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلاش، يېڭىلىققا،
پەن - مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت
ئىدى. بىز ئوينىغان نومۇرلارنىڭ شەكلىمۇ خىلمۇ خىل بو-
لۇپ، ئۇلار ئىچىدە كوللېكتىپ ئۇسسۇل، لەپەر، ئېيتىشىشلارمۇ،
ناخشا، پىرامىدا، ھەجۋىي تىياتىرلارمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا
بىز ئورۇندىغان بىر نومۇرنىڭ مۇنۇ تېكىستى ھېلىغىچە ئېسىمـ
دە تۇرۇپتۇ:

«فاشىزىمدۇر ئۇ ئۆزى كاتتا بىر ۋابا،
فاشىستلار يوقىلۇر، جۇڭگو گۈللىنۇر،
غالىبىيەت چوقۇم بىزلەرنىڭ بولۇر»،

يەنە بىر ئۇسسۇللۇق ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى:

ئارقا سەپنىڭ يىلتىزى، بىز ئۈمىد كۆچلەر،
پۈتۈن جۇڭگو ئەركىنلىكىنى ئىزدەيلى دوستلار»

مانا بۇلاردىن ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىـ
تىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1948 - يىلىنىڭ باشلىرى مەن قەشقەر ۋىلايەتلىك دارىلـ

مۇئەللىمنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، قەشقەر شەھىرى دوغابەگ باشلانغۇچ مەكتىپىگە دەۋرىي مۇئەللىم بولۇپ خىزمەتكە كىردىم. شۇ يىلى كۈزدە ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىم باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى قەشقەرگە ئويۇن قويۇشقا كەلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئويۇن قويۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن سەنئەت ئۆمىكىگە سەنئەتتە تالانتى بار ياشلاردىن قوبۇل قىلىپ، ئۆمەك ئەزالىرىنى تولۇقلاۋاتاتتى. ئاشۇ ئۆمەكتىكى ئاتاقلىق مۇزىكانت مۇھەممەت رېھىم، ئايال ناخشىچى ئايىمنىساخانىمنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەن ئاشۇ سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندىم. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ سەھنە ھاياتىم رەسمىي باشلاندى.

مەن ئۆلكىلىك ياشلار سەنئەت ئۆمىكىگە كەلگەن كۈنىمدىن باشلاپلا ئۇسسۇلچى بولۇپ ئىشلىدىم. مەن بۇ ئۆمەككە كەلسەم، ئۇ يەردە قەمبەر خانىم، مۇنەۋۋەر خانىم، ئايىمنىساخانىم، پەرىدە خانىم، رازىيەخانىم، مۇھەممەت ئىمىن، مۇھەممەت رېھىم قاتارلىق داڭلىق ئۇسسۇلچى ۋە ناخشىچىلار بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى كۆرگىنىمدە: «مەندەك بىر ئاددىي ئوقۇتقۇچىلىقتىن كەلگەن، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگىنىۋالغان بىر ھەۋەسكارنىڭ تالانتلىق، كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ئۇسسۇلچى بولۇپ چىقالىشىم، كىشىلەرنى جەلپ قىلغۇدەك نەپىس، لىرىك ئۇسسۇللارنى ئورۇندىيالىشىم ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس» دەپ ئويلىدىم ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمگە يەنىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا «نىم پەردە»، «مۇناجات» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى بىمالال ئورۇندىيالايدىغان بولدۇم.



(2)

1949-يىلى 9-ئاينىڭ 26-كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى تەنتەنىلىك جاكارلاندى. 12-ئاينىڭ 17-كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېڭى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ ئازاد بولۇش بىلەن تەڭ مېنىڭ ھاياتىمغىمۇ يېڭىچە مەزمۇن قوشۇلدى. تەقدىرىممۇ ئۆزگەردى. 1950-يىلى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ تىل فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردىم. بۇ قېتىمقى ئوقۇشتىن مەن بەكمۇ خۇشال بولدۇم. چۈنكى ماڭا ئوخشاش تارتمىغان ئازاب-ئوقۇبەت، چەكمىگەن خورلۇق-رىيازەتلىرى قالمىغان، ئادەتتىكى ئائىلىدە چوڭ بولغان بىر قىزنىڭ ئۆلكە بويىچە ئېچىلغان ئالىي مەكتەپنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ كىرىشى نېمىدېگەن پەخىرلىنەرلىك ئىش دەڭا؟ مەن ئاشۇ خۇشاللىقىم بىلەن بىر تەرەپتىن مەكتەپتىن ئورۇنلاشتۇرغان مەدەنىيەت دەرسلىرىنى — تىل-ئەدەبىياتقا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئۆگەنسەم، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپنىڭ سەنئەت كۇرژوكىدا ئىشلىدىم، بۇ چاغدا كادىرلار مەكتىپىدە يەنە ئايشەم كېرىم، ھەسەن ئىمىن، مەلىكە زىياۋۇدۇن، سائادەت قاتارلىقلارمۇ سەنئەت كۇرژوكىغا قاتناشقانىدى. بىزنىڭ يۈكىمىزمۇ ئېغىر ئىدى. پۈتۈن مەكتەپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئويۇنلىرىنى بىز قويۇپ بېرەتتۇق. ئۇ چاغدا ئورۇندىغان نومۇرلارنىڭ مەزمۇنى كومپارتىيىنى، ئازاد زامانىنى، يېڭى دەۋرنى، بەختىيار يېڭى تۇرمۇشنى كۈيلەش؛ كىشىلەرنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش؛ يېڭى تۇرمۇشنى، كومپارتىيىنى، سوتسىيالىستىك ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈشكە ئۈندەش بىلەن مەكتەپ ئىچى-سىرتىدىكى ھەرخىل ناچار ئىللەتلەرنى

قامچىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ مەكتەپتىكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتى يالغۇز مەكتەپ ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۈرۈمچىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ، ئەينى چاغدىكى پۈتۈن ئۈرۈمچى تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. بىزنىڭ ئەنە شۇنداق ئويۇنىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان مەكتەپنىڭ ئاشۇ چاغدىكى رەھبەرلىرىدىن لى شياۋجاڭ، قۇربانوف، پىدايوف، ئابدۇرېھىم سەئىدى قاتارلىق كىشىلەر بىزنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن مۇكاپاتلاپ، رىغبەتلەندۈرگەنىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە بىز ئاشۇ چاغدا ئورۇندىغان نومۇرلاردىن كۆپرەك ئالقىشقا ئېرىشكىنى «ئىتتىپاقلىق»، «ياخشى ئوقۇپ يارامىلىق ئادەم بولىمەن» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسسۇللار، «نەمۇنىچى قىز» قاتارلىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئاشۇ شىنجاڭ كادىرلار شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، يەنى 1951 - يىلى مەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشقا باردىم. مەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاۋات، كۇچا، توقسۇ قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ نۇرغۇن يېزىلىرىغا باردىم. كۆپلىگەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ دەرد - پىغانلىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە ئاخشام ئۇخلىماي يىغلاپ چىققان چاغلىرىم بولغانىدى. ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن قارا كۈچلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى، ياللانما دېھقانلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى، كىشىلەردىكى شۇ چاغقىچە ئۆزگەرمەي كەلگەن فېئوداللىق ئىدىيە بىلەن كونىلىق، خوراپاتلىق، مۇتەئەسسىپلىك ئىللەتلىرى يۈرىكىمنى قاتتىق پۇچۇلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ خىلدىكى چۈشكۈن ھالىتىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنىڭ نادان،



بىلىمسىز، ئاق قالغان قەلب ئېتىزلىرىغا يېڭى مەدەنىيەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش ئىستىكىدە، بارغانلا يېرىمدە شۇ يەردىكى سەنئەتكە قىزىقىدىغان ئىلغار ياشلاردىن سەنئەت كورژۇكلىرىنى تەشكىللەپ، يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىدىغان، كونىلىقنى، خوراپاتلىقنى، نادانلىقنى سۆكىدىغان ناخشا، ئۇسسۇل، لەپەر ۋە قىزىقارلىق كومېدىيىلەرنى ئورۇنداشقا يېتەكچىلىك قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن بىز بىر تەرەپتىن دېھقانلارنىڭ سەنئەتكە بولغان ئارزۇسىنى قاندۇردۇق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارغا نۆۋەتتىكى سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەرنى ئىسلاھ قىلىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇپ، نامراتلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشى ۋە ئېڭىنى ئۆستۈردۇق. نەتىجىدە بۇ ھەرىكەتنىڭ ناھايىتى تېزلا ئۈنۈمى كۆرۈلدى. ئاشۇ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ كۈچى بىلەن كەڭ دېھقانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى دەۋر ۋە يېڭى سىياسەتنى چۈشىنىشى تېزلەشتى.

بۇ مەزگىلدە مەن خىزمەت ئىشلىگەچ بىر تەرەپتىن شۇ زامانغا لايىق سەنئەت قابىلىيىتىم بىلەن، بىز قۇرغان سەييارە سەنئەت ئۆمىكىدىكى رابىيە مۇھەممەت، ئايىتىللا قاسىم، زەينەپ سەئىدى، ئايشەم ئېزىز، تۇران قاتارلىقلارنى مەخسۇس كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەپ چىقتىم. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئاۋات خەلقىنىڭ دولان ئۇسسۇلى، كۇچانىڭ خەلق ئۇسسۇلى ۋە ئاقسۇنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى بىرىلىپ ئۆگەندىم. مانا بۇلارنىڭ كېيىنكى ئۇسسۇل سەنئىتىمدە ئۆسۈشۈمگە نىسبەتەن زور پايدىسى بولدى.

1952 - يىلى بىز كۇچادىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىنى

ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. شۇنىدىن كېيىن
مەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ناخشا - ئۇسسۇل دىراما ئۆمىكىگە تەق-
سىم قىلىندىم. مەن ئۆمەككە كەلگەندىن كېيىن دەسلەپ كول-
لېكتىپ ئۇسسۇلغا چىقتىم، كېيىنچە بارا - بارا يالغۇز كىشىلىك
ئۇسسۇل ئورۇنداشقا باشلىدىم.

ئۇسسۇل بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئىنساننىڭ بەدەن گۈ-
زەللىكى ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى ئادەم بەدىنىنىڭ بەدىئىي
ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇسسۇل گۈزەللىكى يارىتىشنى مەقسەت قىلى-
دۇ، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەت ۋە ئۇسسۇللۇق ھېسسىياتنى گەۋدىلەن-
دۈرۈلگەن، ئۇسسۇللۇق ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك بولماي
تۇرۇپ، ئۇسسۇل توغرىسىدا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ماڭا
ئوخشاش بىرەر سەنئەت مەكتىپىدە سىستېمىلىق ئۇسسۇل نەزەر-
يىسى ئۆگەنمىگەن بىر ئاددىي ئۇسسۇل ھەۋەسكارىغا نىسبەتەن
ئېيتقاندا بۇنىڭدىكى بىرلا يول قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىش ئى-
دى. ئۇسسۇل قارىماققا يەڭگىل، لەرزان ھەرىكەتتەك قىلىغان
بىلەن بىر ئارتىسنىڭ شۇ ماھارەتنى مۇكەممەل يېتىلدۈرۈشى
ئۈچۈن ھەر كۈنىگە نەچچە قېتىم يۈگۈرۈشى، سىيرىلما قەدەم
ئېلىش، تولغىنىش، پىرقىراش قاتارلىق ئېغىر ھەرىكەتلەرنى
توختىماي مەشىق قىلىشى ئوڭاي ئەمەس. شۇڭا مەن پەقەت
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىلا ئەمەس، بەلكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدى-
مۇ ئاساسىي ماھارەتنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلدىم. كېچىلىرى
ئۇخلىسام‌مۇ چۈشۈمدە ئۇسسۇل چۈشەپ قوپىدىغان، يول ماڭسام-
مۇ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولدۇم. توي - تۆكۈن، بەزمە، مەشرەپ-
لەرگە بارسام خەلق ئارىسىدىكى قىزىقچىلارنىڭ ئۆزگىچە ئۇس-
سۇل - ھەرىكەتلىرىگە دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ
ماھارەتلىرىنى ئۆگەندىم. ئاساسىي مەشقتە نوقۇل ھالدا رېژىسسور-
نىڭ بەلگىلەپ بەرگەن چاتما ھەرىكەتلىرىنى مۇزىكىغا چۈشۈ-



رۇپ ئورۇنداپ بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئىچكى
ھېسسىياتىم بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ھېسسىياتنى
قول، پۇت، بويۇن، بەدەن، چىراي، كۆز، قاش بىلەن
يەنىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىشكە، ئۇستازلار ۋە يېتەكچىلەر-
نىڭ تەلىپىنى ئىمكان قەدەر ئاشۇرۇپ ئورۇنداشقا تىرىشتىم.
شۇنداق بولغاچقا بەزىدە ھېرىپ - چارچاپ كەتكىنىمدىن پۈتۈن
بەدەنلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ، پۇتلىرىم ئىششىپ ھالىم قالماي،
ماڭالماي قالغان چاغلىرىممۇ كۆپ بولدى، ئەمما ئۇسسۇل
سەنئىتىگە، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ كۈچىدىن
مەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى جاپالىق مەشقىمنىڭ
نەتىجىسىنى كۆردۈم. 1953 - يىلى 3 - ئايدا مەن ئۆلكىلىك
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە مەملىكەتلىك بىرىنچى قېتىم-
لىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ناخشا ئۇسسۇل كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۇي-
غۇر خەلق ئۇسسۇلى «ناغرا ئۇسسۇلى» نى ئورۇندىدىم. بۇ قېتىم-
قى باھالىغۇچىلار مېنىڭ ئورۇنداش جەھەتتىكى ماھارىتىمنىڭ
يۇقىرىلىقىنى ماختاپ، ماڭا «بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇندىغۇ-
چى» مۇكاپاتىنى بەردى. بىز كۆرەكتىن كېيىن تيەنجىن،
نەنجىڭ، شاڭخەي، چاڭشا، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق چوڭ
شەھەرلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدۇق. زىيا-
رەت جەريانىدا بارغانلا يېرىمىزدە ئويۇن قويدۇق. مەن
«ناغرا ئۇسسۇلى» نى ئورۇندىدىم، بارغانلا يېرىمىزدە تاماشى-
بىنلار بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى كۆرۈپ راسا ماختاشتى ۋە بىزنى
ئالاھىدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. مەن ھەر قېتىملىق مۇشۇنداق
تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنىمدە ئىنتايىن قاتتىق ھاياجان-
لاندىم. بۇ قېتىمقى كۆرەك ۋە زىيارەت جەريانىدا مەن ئىلگىرى
تارتقان جاپالىرىمنىڭ مېۋىسىنى كۆردۈم. شۇندىن باشلاپ ئۇس-
سۇلغا بولغان ھەۋىسىم يەنىمۇ كۈچەيدى، قىزغىنلىقىم يەنىمۇ

ئاشتى، شىجائىتىم يەنىمۇ ئۇرغۇدى. مەن سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئاشۇ نەتىجىلىرىم، شۇنداقلا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن 1954 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندىم.

سەنئەت ھاياتىمدىكى يەنە بىر ئىش مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ 1956 - يىلى 9 - ئايدىكى ئىش. مەن شۇ چاغدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكى» نىڭ تەركىبىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق جۇمھۇرىيەتلىرىگە زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇشقا چىقتىم. بىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ تۇنجى قېتىملىق چەت ئەلگە چىقىشىمىز ئىدى، بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە شىنجاڭدىكى داڭلىق ناخشا - ئۇسسۇل چولپانلىرىدىن مەندىن باشقا يەنە پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، روزىخان ئەخمىدى، ھۆسنەنجان جامىي، ئىسكەندەر سەيپۇللا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. بىز بۇ قېتىم بەش جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەرقايسى مەركىزىي شەھەرلىرى ۋە بىر قىسىم چوڭ شەھەرلىرىدە ئون نەچچە مەيدان ئويۇن قويدۇق. مەن زىيارەت جەريانىدا بارغانلا يېرىمدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىيچە ئۇسسۇلى — «ناغرا ئۇسسۇلى» نى يالغۇز ئورۇندىغاندىن باشقا يەنە «قەشقەر سەنەمى»، «گىلەمچىلىك ئۇسسۇلى»، دولانچە «جۇلا سەنەمى»، خەنزۇچە «چاي تېرىش ئۇسسۇلى» قاتارلىق چوڭ - كىچىك ئۇسسۇللارنى ئورۇنداشقا قاتناشتىم.

بىر قېتىم تاشكەنتتە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل — «ناغرا ئۇسسۇلى» نى ئورۇنداۋاتقىنىمدا، پەستە ئولتۇرغان تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىش چاۋاكلىرى زالنى بىر ئالغاندىن باشقا، سەھنىگە — ماڭا قارىتىپ تاشلىغان گۈللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئويناپ



ماڭالماي قالدىم. چاۋاك داۋاملىق ئورۇلماقتا، ئالقىش، باركاللا سادالىرى داۋاملىق ياڭرىماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى — ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زىيا سەمەدى ئاكا ماڭا ۋەكالىتەن يەردىكى گۈللەرنى تېرىپ قۇچاقلاپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇردۇم. شۇدەم ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ قەلبىم گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ھاياجاندىن تىترەشكە باشلىدى. ئاغزىم گەپكە كەلمەي قالدى. ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ ھاياجىنىمنى زادىلا بېسىۋالالمىدىم. شادلىق يېشىم يۈزلىرىمدىن ئېقىشقا باشلىدى. شۇدەم مەن: «مېنى بۇنچىۋالا ھاياجانلاندۇرغان، شادلىققا چۆمدۈرگەن، بۇنچىۋالا كاتتا شۆھرەتكە ئىگە قىلغان نەرسە نېمە؟ چىرايلىق كىيىملىرىم ياكى زېبۇ - زىننەتلىرىممۇ؟ كېلىشكەن قاش - كۆزلىرىم ياكى زىلۋا، غۇنچىدەك ئەۋرىشىم بويۇممۇ؟ ياق، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ يۇقىرى ماھارەت، يۈكسەك شىجائەت بىلەن ئورۇندىغان ئۇسسۇلۇم — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاجايىپ لاتاپەتلىك، جەزىبىدار، نەپىس ئۇسسۇلى» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم ۋە بۇندىن كېيىن ئۆز كەسپىمگە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاش، كەسپىمنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى چىن دىلىمدىن سۆيۈشكە بەل باغلىدىم.

شۇ قېتىملىق ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، مېنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپەيدى. ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەر ۋە جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ نوپۇزلۇق گېزىت - ژۇرناللىرى بەس - بەس بىلەن مېنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن نامىم يېڭىباشتىن چىقتى؛ ۋھرەتىم يەنىمۇ ئاشتى. شۇندىن كېيىنلا مەن: «چىن ئىنسان

مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ، مۇھەببەت بىلەن ياشايدۇ، مۇھەببەت بىلەن جاھانغا تونۇلىدۇ، ئەگەر ئاشۇ مۇھەببەت ئۆز كەسپى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سەن تېخىمۇ كاتتا نامغا ئېرىشىسەن، ئابرويۇڭ، شۆھرىتىڭ يەنىمۇ ئۆسىدۇ، مانا بۇ بىر كاتتا شۆھرەت» دېگەن داۋلىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم.

بۇ قېتىمقى زىيارەت مەن ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۆزۈمنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى جاھان سەھنىسىدە بىر قېتىم كۆرەك قىلىش بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆرەككە قاتنىشىش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن داڭلىق ئارتىسلارنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ۋە ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىلەن باشقا مىللەت ئۇسسۇللىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشىم ئۈچۈن تازا بىر پۇرسەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كۆرەك جەريانىدا ئۆزبېكلەرنىڭ «كاتتا ئۇسسۇلى»، «رىز ئۇسسۇلى»، «سۇ بويىدا» (كوزا ئۇسۇلى)، «لەرزان ئۇسسۇلى» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ كېلىپ، شىنجاڭ ۋە پايتەخت سەھنىلىرىدە ئورۇنداپ بەردىم.

## (3)

مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زىيارىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، ئۆزۈمگە يەنىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، كېچىنى كۈندۈزگە، سائەتنى مىنۇتقا ئۇلاپ تىرىشىپ يۈرۈپ، ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە، تاجىكچە، موڭغۇلچە، تاتارچە، ھىندىچە، خەنزۇچە، چاۋشيەنچە ئۇسسۇللاردىن بىرمۇنچىلىغان ئۇسسۇللارنى ئۆگىنىپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەھنىلەردە ئورۇندىدىم. مېنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلا-



بىدىن بۇرۇن ئورۇندىغان ئۇسسۇللىرىمدىن ئۇيغۇرچە «ناغرا ئۇسسۇلى»، «تەخسە ئۇسسۇلى»، «چىنە - چەينەك ئۇسسۇلى»، «پىيالە ئۇسسۇلى»، «سەيلە ئۇسسۇلى»، «لەگمەنچىلىك ئۇسسۇلى»، «مەكىت سەنىمى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «كورلا سەنىمى»، «جولا ئانسانبىلى»، «قەشقەر سەنىمى»، «دولان ئۇسسۇلى»، «نىم پەدە»، ئۇشاق مۇقامىنىڭ مەرغۇلىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «سەنەم ئۇسسۇلى»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ»، «ئەمگەكچى قىز»، مۇشاۋەرەك مۇقامىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «ئىشچان قىز - يىگىت»، «گۈلباغ»، «تارىم قىزى»، ئۆزبېكچە «جانان ئۇسسۇلى»، «كاتتا ئۇسسۇلى»، «رىز ئۇسسۇلى»، «مۇناجات ئۇسسۇلى»، «جازائىل»، «خۇشال قىز»، تاتارچە ئۇسسۇل «خۇشاللىق»، رۇمىنىيە خەلق ئۇسسۇلى «بوتۇلكا ئۇسسۇلى»، خەنزۇچە «چاي تېرىش ئۇسسۇلى» «قىزىل لېنتا ئۇسسۇلى»، چاۋشيەنچە «يەلپۈگۈچ ئۇسسۇلى»، موڭغۇلچە «ئوردۇس ئۇسسۇلى»، ھىندىچە «گۈزەل قىز» قاتارلىق 17 ئۇسسۇل شىنجاڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى سەھنىلىرىدە ئوينالدى. بەزىلىرى ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ ئېلىپ چىقىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

مەن 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، خەلق ئارىسىغا يەنىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئۇسسۇلچىلىرىنىڭ ئورۇنداش جەھەتتىكى تەبىئىيلىكى، ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ئۇستىلىقى، مىللىي ۋە يەرلىك پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى بىرلەشتۈرۈشتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن بەدىئىي ماھارەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەندىم. ئويۇن قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى داڭلىق ئۇسسۇلچىلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى

تويلىدىم. پېشقەدەم ئۇسسۇلچىلاردىن ئۇسسۇل نەزەرىيىسى ۋە
ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئائىت بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى
زېرىكمەي-تېرىكمەي سوراپ يۈرۈپ ئۆگەندىم. ئۆزۈممۇ
بەزى ئىجادىي ئۇسسۇللار ۋە خەلق ئۇسسۇللىرىنى ئورۇنداش جەر-
يانىدا بەزىبىر ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدىم. شۇنىڭ
بىلەن ئۇسسۇل سەنئىتىگە بولغان ھەۋىسىم تېخىمۇ كۈچەيدى.
ئۇسسۇل ئويناشقا بولغان ئىشتىياقىم تەدرىجىي ھالدا ئۇسسۇل
ئىجاد قىلىشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنداق قىلىپ «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى «ناغرا ئۇسسۇلى» (ئەر-ئايال
ئىككى كىشى ئورۇندايدۇ)، «ناغرا ئۇسسۇلى» (كوللېكتىپ ئورۇن-
دايدۇ)، «تەخسە ئۇسسۇلى» (كوللېكتىپ)، «باھار ئۇسسۇلى»،
«ئاياللار ھۆرلۈكى»، «مەكىت ئۇسسۇلى»، «پاختا ئۇسسۇلى»، «ماي-
سا ئۇسسۇلى»، «فابرىكىدىكى ئاچا-سىڭىل»، «لەيلىگۈل» (چوڭ
تېپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل)، «ئارزۇيىغا يېتىش»، «خۇشال قىز-
يىگىتلەر»، «تارىم گۈلى»، «باراڭ ئاستىدا»، «ئالمىلىق باغ-
دىكى خۇشال قىزلار» (ئىبراھىمجان بىلەن بىرلىكتە ئىجاد
قىلغان)، «گۈلباغ»، «ئىشلە-ئىشلە ۋەتىنىم دەپ» (مۇشاۋ-
رەك مۇقامىغا ئاساسەن ئىشلىگەن)، «چۆلدىكى كۈمۈش گۈل-
لەر»، «سەھەر» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ئۇسسۇللارنى، «گۈلزارىم
ۋەتەن» (بۇلارنى ئىبراھىمجان بىلەن بىللە ئىشلىگەن)، «جا-
نان قىز»، «شاھنازىلەر» قاتارلىق ئۆزبېكچە ئۇسسۇللارنى ئى-
جاد قىلدىم، بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئۆزۈم ئورۇندىدىم، بەزىلى-
رىنى ئىجاد قىلىپ باشقىلارغا ئۆگەتتىم. بۇ ئۇسسۇللارنى ئىجاد
قىلىشتا ئۇلارنىڭ مىللىي پەرقىنىڭ قويۇق، يەرلىك ئالاھىدىلى-
كىنىڭ ئۆزگىچە، ھېسسىياتقا باي، نەپىس ۋە رەڭدار بولۇشىغا،
دەۋرىمىز خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە، ئازاد زامانىغا،
گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى، گۈزەل ئىستىق-



بالىغا، پارلاق كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈشىنى جۇشقۇن روھ،
جىلۋىدار ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەشكە ئىمكان قەدەر تىرىشتىم.
شۇڭلاشقىمۇ مېنىڭ ئىجاد قىلغان ۋە ئورۇندىغان ئۇسسۇللىرىمى-
دىن «ناغرا ئۇسسۇلى» 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆت-
كۈزۈلگەن ناخشا - ئۇسسۇل كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنداش
مۇكاپاتىغا؛ «پاختا ئۇسسۇلى» 1959 - يىلى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان-
لىقىنىڭ 10 يىللىقىغا ئاتاپ ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ئىچى-
دە «مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل» مۇكاپاتىغا؛ «فابرىكىدىكى ئاچا - سىڭىل-
لار» ناملىق ئۇسسۇلۇم 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىدە
«مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، مەن ئۆزۈم 1961 -
يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن
سەنئەت كۆرىكىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى
مۇكاپاتىغا ئېرىشتىم.

(4)

مەن ئەنە شۇنداق ئاددىي بىر ئۇسسۇلچىدىن، تىرىشىپ -
تىرمىشىپ يۈرۈپ مۇستەقىل ئۇسسۇل ئىجاد قىلالىغۇدەك بولغان
چېغىمدا 1966 - يىلى 16 - ماي ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىنىشى
بىلەن تەڭ پۈتۈن ۋەتەن زېمىنىدا «ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. بۇ ئىنقىلابنىڭ مۇقەددىمىسى
دىڭ تۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالارنى پىپەن قىلىشتىن باشلاندى، ئالدى
بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئەدەبىيات - سەنئەت
ساھەسىدىكى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى تارتىپ چىقىرىلدى. ئارقىدىن
ئىش ھەممە يەرگە — ھەممە ساھەلەرگىچە چېچىلدى. بىزنىڭ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىمىز
ئىچىدىمۇ بىردىنلا ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ، ھەق - ناھەق

ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلدى. ھازىرقى زامان ئۇسسۇل سەھنىسىدىكى مەشھۇر ئۇسسۇلچى ھەم ئىجادىيەتچى ھاجى راخمان، شىنجاڭ بۇلبۇلى دەپ نام ئالغان ناخشىچى پاشا ئىشان، كومپوزىتور ھۇسەنجان جامى، ئىسكەندەر سەيپۇللا، ئۇسسۇلچىلاردىن مەن، ئىبراھىمجان، مۇنەۋۋەر، مەرىيەم ناسىر... لارغا ئوخشاش مەشھۇر شەخسلەر ئارقا - ئارقىدىن ھەرخىل بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ تارتىپ چىقىرىلدى. شۇ ئارىدا مەنمۇ «بۇرژۇئازىيە نوپۇزلۇقى»، «شيۇجىڭجۇيىچى» دېگەن قالپاقلارنى كىيىپ كۈرەشنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ قويۇلدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ مەزگىلدىكى نۇرغۇن سەنئەتكارلارغا ئوخشاش مەنمۇ بىھۇدە كۈرەش، پىپەن قىلىنىش بىلەن ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۇسسۇل سەھنىسى ۋە ئىجادىيەت سورۇنىغا يېقىن كېلەلمىدىم.

1976 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا، مەملىكەت ئاسمىنىدا قارا بۇلۇت تارقاپ، قۇياش يېڭىباشتىن ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. سەنئەت ساھەسىدىكى بۇرۇقتۇملۇقمۇ ئاستا - ئاستا تۈگەپ، بۇ ساھەدىكى سەنئەتكارلارمۇ خۇددى يامغۇردىن كېيىن چىققان بامبۇك بىخلىرىدەك بىردىنلا سەھنىدە كۆرۈندى. مەنمۇ ئاشۇ ياخشى ۋەزىيەتنىڭ ئىلھامى بىلەن قايتىدىن سەھنىگە چىقتىم. 1977 - يىلى ئىلگىرى ئۆزۈم ئورۇندىغان «ناغرا ئۇسسۇلى»، «تەخسە ئۇسسۇلى» نى خەلق تىياتىرخانىسىدا قايتا ئورۇنداشقا مۇۋەپپەق بولغان چېغىمدا پۈتۈن زالدا ئورۇلغان چاۋاكلار گويا جەڭ دۇمبىقىدەك گۈمبۈرلەپ، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆكنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۈگۈن بۇ يەرگە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە سەنئەتكارلار يىغىلغانىدى. مەن ئۇلارنى قايتىدىن كۆرگىنىمدە ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەھنىدىن ئايرىلىپ، قىيىلىپ - سىقىلىپ يۈرگەن ئاشۇ ئېچىنىشلىق كۈن-



لەر، قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقىلىپ قەلبىمدە قايغۇ - ھەسرەت بىلەن شاد - خۇراملىق ئارىلاشقان ئاجايىپ بىرخىل ھاياجانلىق ھېسسىيات ئۇرغۇشقا باشلىدى. كۆڭلۈمدە گادىرماش خىيال، كۆزلىرىمدە لىغىرلاپ تۇرغان ياش، چىرايىمدا نە يىغلاشنى، نە كۈلۈشنى بىلەلمەي قالغان بىرخىل ئېسەنكىرەش خېلى مەزگىلگىچە داۋام قىلدى. راستىنى ئېيتسام، ئاخىرى مەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق ئازابلىق خىيال ۋە شادلىق ھاياجىنىمنى ئورۇندىماقچى بولغان «ناغرا ئۇسسۇلى» غا مۇجەسسەملەپ، سەھنىدە ئاستا - ئاستا پىرقىراشقا باشلىدىم. ئۇسسۇلۇم ئاستا - ئاستا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە، زالدىكى تاماشىبىنلارنىڭ چاۋاك ئاۋازىمۇ بارغانچە ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. مەن ئۇ كۈنى ھاياجاندىن كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ، يېڭىباشتىن غەيرەتكە كېلىپ، 10 يىلدىن ئارتۇق ئاق قالغان ھايات مۇساپەمدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا باشلىدىم. 1977 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئوتتۇرا ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىغا جايلاشقان جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش بازىلىرىغا ۋە ئاشۇ بازىلار ئەتراپىدىكى 83 شەھەرگە زىيارەتكە باردىم. بىز بارغانلا يەردە 1935 - يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزۇن سەپەر يولى، قىلغان قانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ خاتىرىسىنى كۆردۇق. بۇ ھەقتىكى دوكلات ۋە چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاڭلىدۇق. بۇ يەردە كۆرگەن - بىلگەن تارىخ مېنى بېسىپ ئۆتكەن كۈنلىرىم ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا، ھايات، تۇرمۇش، كەسىپ ھەققىدە يېڭىباشتىن تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «گۈلزارىم ۋەتەن»، «دولان

سەنئىتى» (ھاجى راخمان بىلەن بىللە ئىشلىگەن)، «تارىم قىزى»، «گۈزەل ئۆزبېك قىزلىرى»، «سېيرىلما ئۇسسۇلى»، «رومال ئۇسسۇلى»، «ئىلى سەنئىتى»، «خۇشالمەن» (ئۆزبېكچە ئۇسسۇل) قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىشلىدىم. بۇلار ئىچىدە «دولان سەنئىتى» 1979 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «گۈزەل ئۆزبېك قىزلىرى» دېگەن ئۇسسۇلۇم 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت پائالىيىتىدە مەن مۇشۇ تويغا ئاتاپ تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى»نى ئورۇندىدىم ۋە رېژىسسورلۇقىغا قاتناشتىم. ئاخىرىدا مۇشۇ قېتىمقى پائالىيىتىم ئۈچۈن «ئۈچىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن مۇكاپاتلاندىم.

(5)

مەن قىسقىغىنا 40 نەچچە يىللىق سەھنە ھاياتىمدا يۇقىرىقىدەك ئۇسسۇل ئويناش، ئۇسسۇل ئىجاد قىلىش ئىشلىرىدىن باشقا، يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىدا 40 يىلغا يېقىن ئۇسسۇل مۇئەللىمى بولدۇم. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ياش نوتىلارنى تەربىيىلەپ چىقتىم. مەن تەربىيىلەپ چىققان شاگىرتلاردىن كۆپىنچىلىرى ياراملىق ئۇسسۇل چولپانلىرىدىن بولۇپ چىقتى: مەسىلەن، كۇچانىڭ بىر خىلۋەت يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئايتىللا



قاسىم بىلەن زەينەپ سەئىدى مېنىڭ بىۋاسىتە كۇچادىن ئەكىلىشىم ۋە تەربىيىلىشىم بىلەن ماھىر ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ، بىرسى شىنجاڭ سەنئەت شۆبىسىنىڭ ئاتاقلىق ئۇسسۇل ئوقۇتقۇچىسى، بىرى جۇڭخۇا شەرق ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ داڭلىق ئۇسسۇل چولپىنى بولۇپ قالدى. مەرىيەم ناسىر، خەلچەم سىدىق، رەيھان ئابلىز قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭقى كەتكەن ئۇيغۇر ئۇسسۇل چولپانلىرى، ھۆرىيەت، گۈلباھار سىدىق، دىلنار ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي، خەلچەم راخمان.... قاتارلىق داڭلىق ئۇسسۇلچىلارنىمۇ مەن ئەجىر سىڭدۈرۈپ يېتىشتۈرۈپ چىقتىم. ئۆزۈم ئىجاد قىلغان، دىلنار ئابدۇللا ئوينىغان «سېيرىلما»، رەيھان ئابلىز ئوينىغان «تارىم قىزى»، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان ئوينىغان «گۈلزارىم ۋەتەن» قاتارلىق ئۇسسۇللار يالغۇز مەملىكەت ئىچىدىكى كەڭ سەھنىلەردە ئالقىشقا ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى ياپونىيە، كانادا، ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدىمۇ زور ئالقىشقا ئېرىشىپ، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى چەت ئەللەرگە تونۇتۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. بۇندىن باشقا ھازىرغىچە سەھنىدىن چۈشمەي ئۇسسۇل ئويناپ يۈرۈۋاتقان ئۇسسۇلچىلاردىن ئابدۇكېرىم، ئادىل ھاجىم، نۇرنىسا ئاتاۋۇللا قاتارلىق ئۇسسۇلچىلارمۇ مېنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىلىشىم ۋە ئەجىر سىڭدۈرۈشۈم بىلەن خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن داڭلىق ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ قالدى.

مەن ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدىكى يۇقىرىقىدەك تۆھپىلىرىمگە ئاساسەن ھازىر جۇڭخۇا مەملىكەتلىك ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 1959 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (بۇنى 1985 - يىلغىچە ئۆتىدىم)، 1954 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭ-

شى 2-، 3-، 4-، 5- قېتىملىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 6-قېتىملىق كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندىم، 1989-يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزبېك تىل-ئەدەبىيات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. 1989-يىلى 17-نويابىر مېنىڭ 60 ياشقا تولغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەخسۇس مۇخبىر ئەۋەتىپ، مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «تىيانشان ئەتراپلىرىدا» پروگراممىسىدا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تىللاردا ئاڭلاتتى.

## 6

مەن 40 نەچچە يىللىق سەنئەت ھاياتىمدا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم. ئاددىي ئۇسسۇل ھەۋەسكارىدىن ماھىر ئۇسسۇل چولپىنى بولۇپ يېتىشكۈچە، ئۇسسۇلچىدىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى بولۇپ چىققۇچە ئارىلىقتا كۆپلىگەن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەرنى باستىم. بەزى تەجرىبىلەرنىمۇ توپلىدىم. تۆۋەندە بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. بۇنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىسى بولۇپ قالار، چۈنكى ۋارىسلىق بولمىسا، يېڭىلىق يارىتىشمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ.

مېنىڭ ھەۋەسكارلارغا ئېيتىدىغان بىرىنچى سۆزۈم شۇكى، ھەرقانداق بىر كەسىپ ئىگىسىدە، چوقۇم ئۆز ۋەتىنى، مىللىتى، خەلقى ۋە ئۆز كەسپىگە قارىتا كۈچلۈك مۇھەببەت بولۇشى كېرەك. ئۇنداق مۇھەببىتى بولمىغان ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ بىرەر ئىشتا غەلىبىگە ئېرىشىشى ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇسسۇل كەسپىمۇ شۇنداق. نۇرغۇن



كىشىلەر ئۇسسۇل كەسپىگە ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە ھېرىسمەنلىك قىلىپ، ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ئۇسسۇل ئىجاد قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئۇسسۇل كەسپىگە بېرىپ، ئۇسسۇلغا پۈتۈن ئىشتىياقىنى، بارلىق كۈچىنى ئاتىيالمايدۇ ياكى ئاتاشنى خالىمايدۇ. نەتىجىدە ئۇ ھەرقانچە تىرىشقەن بىلەن ئاخىرىدا بېرىپ، ئۆز كەسپىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

ئىككىنچىدىن ئۇسسۇلغا ئىشتىياق باغلاپ، بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي بىلىم بولمىسا يەنە بولمايدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ ئەينى دەۋردە «ئىنقىلابىي نەزەرىيە بولمىسا ئىنقىلابىي ئەمەلىيەت بولمايدۇ» دېگەنىدى. بۇ بىر جۈملە سۆز مۇنداقچە ئېيتىلغاندەك قىلغان بىلەن ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئۇنىڭ ۋەزنى خېلىلا چوڭقۇر. ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، چوقۇم ئۇسسۇل نەزەرىيىسىگە ئائىت بىلىم بولمىسا، يېڭى، ياخشى ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى ئۇسسۇلدا نوقۇل نەزەرىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بەرمىسەك بولمايدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ خەلقنىڭ بىپايان تۇرمۇش دېڭىزىدىن ئۇلارنىڭ خۇلقى، مىجەزى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى، قىزىقىشى، زوقى، مېڭىش-تۇرۇش، قول-بەدەن، قاش-كۆز ھەرىكەتلىرى، قايرىلىپ قاراش، ئۇدۇلدىن قاراش، ئارقىغا قاراش، ياندىن قاراش، ئولتۇرۇش-قوپۇش ھەرىكەتلىرى... قاتارلىقلارغىچە بولغان بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرنى بىرىلىپ ئۆگىنىش كېرەك. ئۇسسۇل ئىجادىيىتىلا ئەمەس، مېنىڭچە ھەرقانداق بىر خىل ئىجادىيەتنىڭ مەنبەئى خەلق تۇرمۇشىدۇر. خەلق تۇرمۇشىغا كۆپ ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلانغاندا، ئاندىن ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ.

بۇ مېنىڭ ئۇسسۇل ئىجادىيىتى جەريانىدىكى توپلىغان تەجرىبەم. مەن ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن كۈنۈمدىن باشلاپ بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم. تۆۋەنگە ئويۇن قويغىلى بارغىنىمدا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزىدا بولسا دېھقانلار، شەھەردە بولسا تىجارەتچىلەر، ئاشپەز، ناۋايلار، زاۋۇتتا بولسا ئىشچىلارغا قويۇق ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھەرىكەت قىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە دىققەت قىلدىم. ئۆزۈم مۇھىم دەپ قارىغانلىرىمنى مەخسۇس خاتىرىلىۋالدىم. مەسىلەن، مەن 1960 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى شىمىنگو توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بېرىپ، مەخسۇس توقۇمىچى قىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ باقتىم. مەن ئىلگىرى توقۇمىچى قىزلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئانچە پىششىق بىلمەيتتىم. بۇ قېتىم ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ توقۇمىچىلىق ماشىنىسى ئالدىدا گويا پەرۋانىلاردەك ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىشلىگەنلىكىنى دىمىقتا، ئىسسىقتا، قۇلاقنى يارغىدەك جارۇڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلار ئىچىدە زېرىكمەي - تېرىكمەي قاتتىق ئىشلىگەن كۆرۈنۈشىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلار ئازغىنا مائاشقا كۈندە سەككىز سائەت كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، بايرام، ھېيت ئايەم كۈنلىرى دېمەي قاتتىق ئىشلەيدىكەن، ئۆز كەسپىگە قاتتىق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قاراپ ئازراقمۇ بىخەستەلىك قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مۇنداق ھاردىم - تالدىم دېمەي جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان، جانلىق، جۇشقۇن، تېتىك روھىي ھالىتى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەن «فابرىكىدىكى ئاچا - سىڭىللار» ناملىق ئۇسسۇلنى ئىشلىدىم، بۇ ئۇسسۇل 1962 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر ئۇسسۇل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1965 - يىلى مەن يەنە دولان ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈ-



چۈن قەشقەرنىڭ مەكىت ناھىيىسى، ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كۇچا ناھىيىسىگە، قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە، لاپچۇق قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەندىم.

مەكىت، ئاۋات ناھىيىلىرى شىنجاڭدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنەم ئۇسسۇللىرى ئىچىدىكى دولان سەنىمىنىڭ ئانا ماكانى، ئۇ يەرلەردە ئاجايىپ كاتتا خەلق ئۇسسۇلچىلىرى بار ئىكەن. مەن مەكىتتە خەلق ئۇسسۇلچىسى ئىمىنىسائاخۇن ھاجىم، مامۇت شەيخ، تۇرداخۇن ئاكىلارنى مەخسۇس زىيارەت قىلدىم. ئۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇسسۇلچى بوۋاي، مومايلار، ياش قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۇسسۇل مەيداندىكى ئۇسسۇللىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي كۆزەتتىم. ئاندىن كېيىن بىز ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىگە كەلدۇق. ئۇ يەردە مەخسۇس ئۇسسۇلچىلارنى زىيارەت قىلالمىدۇق، ئەمما بىرنەچچە قېتىم مەشرەپلەرگە قاتنىشىپ ئاۋاتتىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆردۇق.

ئادەتتە دولان ئۇسسۇلى ئوينىلىش تەرتىپى جەھەتتىن ئالغاندا «چېكىتمە»، «سەنەم»، «سەلقە»، «سېرىلما» دىن ئىبارەت تۆت يۈرۈش ھەرىكەتتىن تەركىب تاپىدۇ. شۇ قېتىملىق كۆزىتىشتىن مەن مەكىتتىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئورۇندىلىش ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاقسۇ ئاۋاتتىكى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئورۇندىلىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتە، ئۇسسۇل ئورۇندىغۇچىلارنىڭ قىياپەت، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە ھەرىكەت قىلىش جەھەتتىمۇ مەلۇم پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. بۇنىڭدىكى ئاساسىي پەرق مۇنداق ئىكەن: مەكىتتىكى دولانلىقلار دولان ئۇسسۇلىنىڭ تۆت يۈرۈش ھەرىكىتىنى تولۇق ئورۇندايدىكەن، ئاۋاتتىكى دولان ئۇسسۇلىدا ئۇسسۇلنىڭ بىرىنچى ھەرىكىتى بول-

غان «چېكىتمە» ئاساسەن ئوينالمايدىكەن، چۈنكى مۇقەددىمە قىسمىدا كىشىلەر بىر-بىرىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ بولغۇچە مۇزىكىنىڭ چېكىتمە قىسمى تۈگەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇسسۇل ئىككىنچى قىسىم سەنەمدىن باشلاپ ئوينىلىدىكەن. ئۇسسۇلنىڭ ئۈچىنچى قىسمى بولغان سەلقە ھەرىكىتىمۇ مەكىتتە چوڭ دائىرىدە (چەمبەر شەكلىدە) ئوينالسا، ئاۋات ناھىيىسىدە بىرجۈپ - بىرجۈپتىن بۆلۈنۈپ ئايلىنىپ ئوينىلىدىكەن، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۇسسۇل ئويناش ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندىكى ھەرىكىتى خۇددى لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىدەك لەرزان، نەپىس ئىكەن. ئۇسسۇلنى ئەر - ئاياللار ئوينىسىمۇ، ئەمما ئاياللار ھەرگىزمۇ يەردىن ئۇستۇن قارىمايدىكەن (يەنى ئەرنىڭ چىرايىغا قاراپ ئويناشنى ياخشى ئەخلاق ئەمەس دەپ قارىشىدىكەن.)

مەكىت، ئاۋاتتىن كېيىن كۇچاغا باردۇق. كۇچادا مەشھۇر ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچى نىساخان، مەشھۇر ساما ئۇسسۇلچىسى تۇرداخۇنلارنى زىيارەت قىلدىم، كۇچادىكى نىساخان ئاچا، تۇرداخۇن ئاكىلارنىڭ ئۇسسۇلىمۇ ئاجايىپ نەپىس بولۇپ، مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، كېيىن يەنە قۇمۇلغا بېرىپ، قۇمۇلدىكى قارا دۆۋە، لاپچۇق قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، قۇمۇل خەلق ئۇسسۇلىنى كۆردۇق. قۇمۇلنىڭ ناخشا ئاھاڭى، ئۇسسۇل ئويناش ئالاھىدىلىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىكەن. مەكىت خەلقى ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ئالتىدىن سەككىزگىچە ئادەم ئوينايدۇ، ئاۋاتتا ئىككىدىن جۈپ بولۇپ ئوينايدۇ، قۇمۇلدا بولسا ھەممىلا ئادەم تەڭلا چۈشۈپ ئوتتۇرىدا قارىقويۇقلا ئوينايدىكەن. مەن قۇمۇلدا مەشھۇر خەلق سەنئەتچىسى ئاقپاشانى زىيارەت قىلىپ، قۇمۇل ئۇسسۇلىنىڭ بەزىبىر ئالاھىدىلىكىنى ئۆگەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ



كەلگەندىن كېيىن شۇ يەردە ئۆگەنگەنلىرىمگە ئاساسەن «باراڭ ئاستىدا»، «مەكىت ئۇسسۇلى»، «دولان سەنىمى» ۋە «سىيرىلما» قاتارلىق ئۇسسۇللىرىمنى ئىجاد قىلىپ چىقتىم. بۇ ئۇسسۇللارنى خەلق ئارىسىدىن ئېلىپ، خەلققە قايتۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىدىن مول مەنبەلەرنى قېزىش ئاساسىدا ئىجاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تاماشىبىنلار ئارىسىدىكى تەسىرى ئالاھىدە زور بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «دولان سەنىمى» 1979 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلاندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئويلىدىمكى ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە تۇرمۇش ئۆگىنىش ھەممىدىن مۇھىمكەن، خەلق ئاممىسىدىن خەلقنىڭ ئاجايىپ ياخشى ماھارەت، كامالەتلىرىنى ئۆگەنمەي، خەلق ئۇسسۇلىنى چۈشەنمەي، كۆرمەي، بىلمەي تۇرۇپ، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانسام، ئۇسسۇلدا شۆھرەت قازىنىمەن دېيىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسكەن.

ئۈچىنچىدىن، ئۇسسۇل ئويناش ماھارىتى ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن يەنە ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇلىنى، چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتى جەھەتتىكى، ئۇسسۇل ئىجادىيىتى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە بۇ ھەممىدىن مۇھىم. مېنىڭ مىللىتىم ئۆزبېك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم. بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئورۇنداش، ئىجاد قىلىش جەھەتتە ئىزدەندىم. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىدا ئاجايىپ مول بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۇسسۇلنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. نىقابلىق ئۇسسۇللاردىن «توخۇ ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «يولۋاس ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار بار. سەنەم ئۇسسۇللىرىنىڭمۇ تۈرى كۆپ بولۇپ ئۇلاردىن گەۋدىلىك بولغانلىرى «دولان سەنىمى»، «ئىلى

سەنەمى»، «قۇمۇل سەنەمى»، «كورلا سەنەمى»، «كۇچا سەنەمى»، «قەشقەر سەنەمى»، «يەكەن سەنەمى»، «خوتەن سەنەمى»، «قاغىلىق سەنەمى» قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «پىر ئۇسسۇلى»، «ساما ئۇسسۇلى»، «شادىيانە ئۇسسۇلى»، تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا «نازىركۇم ئۇسسۇلى» بار. ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە سايمان تۇتۇپ ئوينىلىدىغان ئۇسسۇللارمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، «چىنە — تەخسە ئۇسسۇلى»، «جوزا ئۇسسۇلى»، «پەتنۇس ئۇسسۇلى»، «پوتا ئۇسسۇلى»، «ساپايى ئۇسسۇلى»، «قوشۇق ئۇسسۇلى» ۋە «تاش ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

ئۇسسۇل ماھارىتى ۋە ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئەلۋەتتە مۇشۇ ئۇسسۇللار بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇشى، ئۇلارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ چىقىشى كېرەك. مەسىلەن، «چىنە — تەخسە ئۇسسۇلى» نى ئالىدىغان بولساق، بۇ مەخسۇس ئاياللارغا خاس ئۇسسۇل بولۇپ، ھەرىكەتلىرى كۆركەم، نەپىس ۋە چىرايلىق، ئۇيغۇرلار بۇ ئۇسسۇلنى مەشرەپلەردە ئوينىغاندىن باشقا يەنە ئاشخانا، ساماۋەرخانا، ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدىمۇ ئوينايدۇ. بۇ ئۇسسۇلنى ئوينىغۇچى بېشىغا بەش-ئالتە پىيالىنى دەستىلەپ قويۇپ قويىدۇ، ئىككى قولىغا بىردىن ئىككى كىچىك تەخسە ئېلىپ، ئوتتۇرا قولىغا مېتالدىن ئىشلەنگەن ئويماق ئۆتكۈزۈپ ياكى بىرتالدىن چوكا قىستۇرۇپ، مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ماسلاشتۇرۇپ، تەخسىگە چېكىپ تۇرۇپ ئوينايدۇ. چىنە — تەخسە ئۇسسۇلىنىڭ ھەرىكەتلىرى سالماق، سىلىق، نەپىس بولۇپ ئۇسسۇلچى ئىچكى ھېسسىياتىنى سىرتقى قىياپەت ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. پۇت ھەرىكىتى، قول ھەرىكىتى، تەخسە چېكىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ.



«جوزا ئۇسسۇلى» نى ئالساق، ئۇ بۇرۇن كۇچا تەرەپلەردە كۆپرەك ئوينالغان كلاسسىك ئۇسسۇللارنىڭ بىرى. بۇمۇ ئاياللارغا خاس ئۇسسۇل بولۇپ، ئۇسسۇلچى يۇمىلاق چاي جوزىسى ئۈستىگە چىقىپ، بېشىغا ئالتە پىيالە ئېلىپ، ئاغزىغا چوكىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئاغزىدىكى چوكىنى چىشى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېشىدىكى پىيالىگە ئۇرۇپ ئوينايدۇ. ئۇسسۇلچى چاي جوزىسىدىن ئىبارەت بۇ تار ھەم كىچىك سەھنىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ئۇسسۇلنىڭ ئورۇنداش ھەرىكىتىمۇ نەپىس ۋە جانلىق بولۇپ، ئۇنى ئورۇنداش جەھەتتىكى ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشىمۇ ھازىرقى ئۇسسۇل نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

«پەتنۇس ئۇسسۇلى»مۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئۇسسۇللىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل ئۇسسۇل كۆپىنچە بەزمە-مەشرەپلەردە ئوينىلىپ كەلگەن. ئۇسسۇلچى بېشىغا چوڭ بىر پەتنۇس قويۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دانە ساماۋەر ئالىدۇ. ساماۋەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا بىر دانە چەينەك قويۇلىدۇ، ساماۋەرنىڭ ئەتراپىغا چوڭ چىنە ۋە پىيالىلەر قويۇلىدۇ. ئۇسسۇلچى ئىككى قولىغا بىردىن ئىككى پىيالە، ئىككى جەينىكى ئۈستىگە بىردىن ئىككى پىيالە، ئىككى مۈرىسىگە بىردىن ئىككى پىيالە قويۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئارىسىدىكى مەيلى «چىنە — چەينەك ئۇسسۇلى» بولسۇن، مەيلى «تەخسە ئۇسسۇلى» بولسۇن، مەيلى «جوزا ئۇسسۇلى» ياكى «پوتا ئۇسۇلى» بولسۇن، ئۇلاردا سېرىك خاراكتېرى بار. ھەرىكەت ناھايىتى سالماق ۋە نەپىس، ئورۇنداش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى. شۇڭا ئۇسسۇل ئورۇنداش ماھارىتى ياكى ئۇسسۇل ئىجادىيىتىدە بولسۇن

يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇسسۇل ساھەسىدە
شۆھرەت قازىنىمەن دېگەن ھەرقانداق بىر كىشى چوقۇم ئۆز مىل-
لىتىنىڭ خەلق ئۇسسۇلىنى ياخشى تەتقىق قىلىشى كېرەك. خەلقتىن
ئېلىپ خەلققە قايتۇرۇش دېگەن ئەنە شۇ.

# ئاتاقلىق ماناسچى يۈسۈپ ماماي

توقتوبۈبۈ ئېساق قىزى

## تارىخىي ئېپوس «ماناس» ئۈستىدە قىسقىچە بايان

قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ماناس» — ئېپوس-
تىكى باش قەھرىمان ماناسنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئۇ
ئاغزاكىي كۆچۈپ يۈرگەن رىۋايەت خاراكتېرلىك قەھرىمانلىق
تارىخىي ئەسەر. «ماناس» ئېپوسىنىڭ قۇرۇلمىسى نەپىس، ۋە-
قەلىكى مۇرەككەپ، قىزىقارلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، مەركىزىي
ئىدىيىسى ئوچۇق، قەھرىمانلىرى ئىلاھ تۈسىگە كىرگەن، دەرى-
جىدىن تاشقىرى سۈرلۈك. ئۇنىڭ سيۇژىتى باشتىن-ئاخىر
تراگېدىيە بىلەن يۇغۇرۇلغان. بۇ ئەسەردە ماناس يېتەكچىلى-
كىدىكى سانسىزلىغان قەھرىمانلارنىڭ قىرغىز مىللىتىنىڭ بۈيۈك
ئەركىنلىكىنى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، خەلقىنىڭ
مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قانلىق كۆرەشلى-
رىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ. تاجاۋۇزچى، زوراۋان كۈچلەرنىڭ
قىرغىزلارغا قاراتقان چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم-كۈلپەتلىرى،
كۈچلۈك سىياسىي بېسىمى، ئەشەددىي جازالىرىغا قارشى كۆ-
رەشلەر تەسۋىرلىنىدۇ. قىرغىز خەلقىنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىككە
بەختلىك تۇرمۇشقا، گۈزەل كېلەچەككە بولغان كۈچلۈك ئارزۇ-
ئىنتىلىشلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

قىرغىز خەلقىنىڭ ئەسىرلەر-

دىن بىرى ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلىرى، قىرغىز
مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، شەكىللىنىشى، تارقىلىشى، تۇرمۇش
ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئېتنوگرافىيىسى، ئىدېئولوگىيىسى، جۇغرا-
پىيىسى، ياشاش شارائىتى، سىياسىي تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي
ئىگىلىكى، سودا-سېتىق ئىشلىرى، ئۆز مۇداپىئەسى، تىبابەت-
چىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىق جەمئىيەت
قاتلىمى ئېچىپ بېرىلىدۇ. قىرغىز مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ
شەكىللىنىشىدىن تەرەققىي قىلىپ، چوڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشقىچە
بولغان ئۇزاق تارىخىي باسقۇچلار ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلە-
نىدۇ. شۇڭا، «ماناس» ئېپوسىنى قىرغىز خەلق ئېنسىكلو-
پېدىيىسى، مەڭگۈلۈك تۈگىمەس سىمپونىيە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

تارىخىي ئېپوس «ماناس» — «ماناس»، «سەمەتەي»،
«سەيتەك»، «كەنەنىم»، «سەيىتىم»، «ئاسىلباچا-بەكباچا»،
«سومبىلەك»، «چىگىتەي» دىن ئىبارەت سەككىز ئەۋلاد سەككىز
بۆلەكنى بايان قىلىدۇ. كېيىنكى يەتتە ئەۋلاد بىرىنچى ئەۋلاد
ماناسنىڭ تارىخىي كۈرىشىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ
مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرى دەس تۇرۇپ، ئالدىنقى باتۇرنىڭ غەلىبە تۇغىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ، قەھرىمانلارچە ئۇرۇش قىلىپ، شەرەپ بىلەن قۇر-
بان بولىدۇ. بۇ ئېپوس قارىماققا ئەۋلادلار شەجەرىسىدەك كۆ-
رۈنسىمۇ ھەربىر ئەۋلاد قەھرىماننىڭ ياشىغان دەۋرى، ئېلىپ
بارغان كۈرەشلىرى، قەھرىمانلىق سالتەنىتى ئوخشاش بولماي-
دۇ. پەقەت قىرغىز مىللىتىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى ئۆز-
گەرتىش، قىرغىز مىللىتىنىڭ نىجات يۇلتۇزى بولغان ماناس
روھىنى قوغداشتەك ئۇلۇغ مەقسەت بىر مىللەتنىڭ نەچچە
ئەۋلاد بۈيۈك قەھرىمانلىرىنى قانلىق ئۇرۇش مەيدانىغا باشلاپ
كىرىدۇ. قىرغىز خەلقى ئۆزىنىڭ ماناستەك ئىلاھىي تۇسكە



ئىگە باتۇرى ئۆلگەندىن كېيىن، ھودۇقۇپ، قورقۇپ، تەمتىرەپ
يۈرمەستىن، ئۇنىڭ ئوغلى سەمەتەينى دادىسى ماناسقا ئوخشاش
ئەزىمەت قىلىپ تەربىيىلەپ، ماناسنىڭ غەلىبە تۇغىنى ئۇنىڭغا
تۇتقۇزىدۇ. مانا بۇ، قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخىي ئېپوسى
«ماناس» نىڭ تراگېدىيىلىك گۈزەللىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاتاقلىق ماناسچى يۈسۈپ ماماي ئېيتقان سەككىز
ئەۋلاد تارىخىي ئېپوس «ماناس» نىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى بۆلۈم «ماناس» تا ئاساسەن ماناس باتۇرنىڭ
تارقىلىپ يۈرگەن قىرغىز ئۇرۇق-قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر
يەرگە جەم قىلىپ، كۈچلۈك دۈشمەنىنىڭ بوسۇغىسىدا قول
بولۇۋاتقان باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە تاجاۋۇز
قىلىپ كەلگەن ئۆكتەملەرگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمان-
لىق ئىش-ئىزلىرى مەدھىيىلىنىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈم «سەمەتەي» دە ئاساسەن ماناس ئالەم-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى سەمەتەي ئاتىسىنىڭ ئىرادىسى-
گە ۋارىسلىق قىلىپ، تاجاۋۇزچى كۈچلەر بىلەن ئەيمەنمەس-
تىن قانلىق ئۇرۇش قىلغانلىقى ۋە قانچۇرۇنىڭ مىللەتكە ئا-
سىيلىق قىلىپ، سەمەتەي باتۇرنى ئۆلتۈرۈپ، قىرغىز مىللىتى-
نى يەنە ياتلارنىڭ قازىنىغا قارايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
قويۇشىدەك ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلۈم «سەيتەك» دە، ئۈچىنچى ئەۋلاد سەيتەك
باتۇرنىڭ خائىن قانچۇرۇنى ئۆلتۈرۈپ، تاشقى كۈچلەرنى بوي-
سۇندۇرۇپ، قىرغىز خەلقىنى يېڭىباشتىن ئەركىن ھاياتقا
ئېرىشتۈرگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

تۆتىنچى بۆلۈم «كەنەنىم» دە، باتۇر كەنەنىم توققۇز
ياشتا ئادەم يەيدىغان يالماۋۇزلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىدۇ.
ئۇ ئات كۆتۈرەلمىگۈدەك چوڭ ھەم كۈچلۈك بولغانلىقتىن،

ھەر قانداق دۈشمەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. كەنەنىم ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، زومىگەرلەرنى قاتتىق ئەدەبلەپ، قىرغىز خەلقىگە تىنچ، بەختىيار تۇرمۇش ئېلىپ كېلىدۇ.

بەشىنچى بۆلۈم «سەيىت» دە، كەنەنىمنىڭ بالىسى سەيىتنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى يوقىتىپ، خەلقىنى بالا - قازادىن ئامان ساقلاپ قالغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

ئالتىنچى بۆلۈم «ئاسىلباچا - بەكباچا» دا، سەيىتنىڭ قوشماق ئىككى ئوغلى ئاسىلباچا بىلەن بەكباچانىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ھەرىكەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئاسىلباچا ئۇرۇشتا بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەكباچا ئاتىسى ۋە ئاكىسىنىڭ كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشقانلىقىدەك ۋەقەلەر سۆزلىنىدۇ.

يەتتىنچى بۆلۈم «سومبىلەك» دە، بەكباچانىڭ ئوغلى سومبىلەك باتۇرنىڭ قىرغىزلارنىڭ يېرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خەلقىنى قۇل قىلىش ئويىدا بولغان قالماق، تاڭغۇت، ماڭغىتلارنىڭ زوراۋان كۈچلىرى بىلەن قانلىق ئۇرۇش قىلىپ، كۈچلۈك دۈشمەننى باتۇرلۇق بىلەن يەڭگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

سەككىزىنچى بۆلۈم «چىگىنتەي» دە، سومبىلەك ئۆلگەندىن كېيىن تاجاۋۇزچى كۈچلەر قايتا باش كۆتۈرۈپ، نۇرغۇن بىرلەشمە قوشۇن تۈپلەپ قىرغىز ۋە قازاقلارنىڭ زېمىنىغا بېسىپ كېلىدۇ، ئۇلارغا كۈن بەرمەيدۇ. چىگىنتەي ماناسنىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ قانچىلىغان يەكمۇيەك ئېلىشىشلاردا باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ. قىرغىز، قازاق خەلقلىرىنىڭ ھۆرلۈكى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، باتۇرلارچە قۇربان بولىدۇ. چىگىنتەي 24 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆيلەنمىگەچكە بالىسىمۇ بولمايدۇ.



ئېپوسنىڭ ھەربىر بۆلىكىنىڭ بايان قۇرۇلمىسى بېجىرىم بولۇپ، ئۇنى بۆلۈپ ئېيتقاندىمۇ ھەربىر ئەۋلاد بۆلىكى ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلىيالايدۇ. ئېپوسنىڭ ئىچىدە تۇرغاندا ھەربىر بۆلەكتىكى باش قەھرىمانلار بىلەن ۋەقەلىكلەر بىر-بىرى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، «ماناس» ئېپوسىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىدە، مۇكەممەللىكىدە بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ھالقىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماناس قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئېپوسلار كانىدۇر. ئۇنىڭدا ئېپوسلار ئىچىدە ئېپوس بار. ئۇ سىستېمىلاشقان ئېپوسلار توپى، قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. شۇڭا، «ماناس» ئېپوسىنى نۇرغۇن ئېپوسلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرغان ئېپوسلار خاقانى دەيمىز. ئۇ ئېپوسلارنىڭ جۇغلانمىسىدىن تۆرەلگەچكە شۇنچىلىك كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

قىرغىز خەلقى «ماناس» ئېپوسىنى ئېيتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا خەلق نامىدىن ماناسچى دېگەن ئۇلۇغ نامنى بەردى. ماناسچىلار خەلق سەنئەتكارى ھەم «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئىككىلەمچى ياراتقۇچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ئېپوس «ماناس» قىرغىز خەلق ماناسچىلىرى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەچكە، ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئەقىل - ئىدراكى سىڭىپ كەتكەن.

قاتلاممۇ قاتلام قۇرۇلمىلاردىن تۈزۈلگەن بۇنداق كەڭ ھەجىملىك خەلق قەھرىمانلىق ئېپوسى — قىرغىز مىللىتىنىڭ جەمئىيەت تارىخىنى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىزنىڭ بۈگۈنكى تارىخىي ئېپوس «ماناس» دەپ ئا-
تاۋاتقىنىمىز «ماناس» ئېپوسىنىڭ يۈسۈپ ماماي ئېيتقان
ۋارىيانتى بولۇپ، ئۇ «ماناس» نىڭ ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ
تولۇق ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ.

## يۈسۈپ مامايىنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى

يۈسۈپ ماماي 1918 - يىلى 4 - ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز
ئاپتونوم ئوبلاستى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قارابۇلاق يېزىسى
مەركەچ مەھەللىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.
ئۇ كىچىكىدىلا تېتىك، شوخ، زېرەك، ھەر قانداق ئىشقا ئېپى
بار بالا بولغانىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاتاقلىق ماناسچى بو-
لۇشى ئاسانغا چۈشمىدى. ھاياتىنىڭ ھەرقانداق مۇرەككەپ ئەل-
گەكلىرىدىن تاسقىلىپ ئۆتۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇق،
ياخشىلىق-يامانلىقلىرىنى كۆپ كۆرۈپ يۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈن-
گە يېتىشتى.

يۈسۈپ مامايىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى سۇنغان چارۋىدارلاردىن
بولۇپ، ئاتىسى ماماي دەۋرىگە كەلگەندە ئائىلىسىدە ھېچقان-
داق ئىقتىساد قالمىغان. شۇڭا، ماماي بالىلىق چېغىدىن تاكى
يۈسۈپ ماماي تۇغۇلغانغا قەدەر باشقىلارنىڭ قويىنى بېقىش
ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىغان. يۈسۈپ مامايىنىڭ ئاپىسى
ئۆز ئۆمرىدە 27 بالا تۇغقان. چوڭ ئوغلى، ئوتتۇرانچى
قىزى ۋە كەنجى ئوغلى يۈسۈپتىن باشقىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن.
ئاتىسى ماماي بىلىمگە ھېرىسمەن ئادەم بولۇپ، كىتاب يىغىش
ۋە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. موللىنىڭ دەرسىنى ئاڭ-
لاپ ئەرەب يېزىقىدا ساۋاتىنى چىقارغان. ئۇ ئۆز بالىلىرىنىڭ
بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى بەكمۇ ئارزۇ



قىلاتتى. ئۇ ھاردىم-تالدىم دېمەستىن ئەمگەك قىلىپ، ھالال
تەرى بىلەن مال بېقىپ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ،
يېزىدىكى ھاللىق بايلاردىن بولۇپ قالغان. ئۇ ئۈچ بالىسىنى
يېزىدىكى كۆپچىلىك ھۆرمەت قىلىدىغان چوڭ موللىلارنىڭ
قولىغا بېرىپ، ئۈچىلىسىنى تەڭ ساۋاتلىق قىلىپ چىققان.

يۈسۈپ ماماي ئاتا-ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەك-
تەپتە پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇ 1926 - يىلىنىڭ
بېشىغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چاقىرتىلغان ئۈچ داڭلىق
موللامنىڭ دەرسىنى ئاڭلايدۇ. قۇرئاننى يادقا ئوقۇغاندىن سىرت
ئەرەب يېزىقىدىكى ۋە قازان باسما نەشرىياتىدىن چىققان ئە-
دەبىي كىتابلارنى ئوقۇغان. موللاملارنىڭ ئوقۇش ۋە پىششىق
يادلاشتىن باشقا ھېچقانداق يېڭى ئىلىم، پەننىي ساۋات بەر-
مىگەنلىكى، ھېساب، چوت، خەت يېزىش دېگەنلەرنى ئۆگەت-
مىگەنلىكىنى بايقىغان ئاكىسى بالباي ئاتا-ئانىسىغا مەسلىھەت
بېرىپ يۈسۈپنى مەدرىستىن چىقىرىۋېلىشقا كېلىشىدۇ. يۈسۈپ
ماماي ئىككى يىل موللام قولىدا ئوقۇپ بېزار بولىسىمۇ، كۆزى
ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۆيگە قايتۇرۇپ چىقىلغاندىن كېيىن ئاتىسى
ۋە ئاكىسىنىڭ يېتەكلەپ ئۆگىتىشى بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگىنى-
دۇ. ئاكىسى ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشقا قىزىقىدىغانلىقىنى كۆرۈپ،
«ماناس»نىڭ بىرقانچە قوليازما خاتىرىلىرىنى ۋە باشقا نۇر-
غۇن ئەدەبىي خاتىرىلەرنى بېرىدۇ. يۈسۈپ بۇنچىۋالا كۆپ
خاتىرىنى كۆرگەندە، ئۇسساپ كېلى قۇرۇپ كەتكەن ئادەم
بۇلاق سۈيىنى كۆرگەندەك چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ كېتىدۇ.
ئۇ ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىپ، خاتىرىلەردە بايان قى-
لىنغان ئاجايىپ ۋەقەلەر، خىلمۇ خىل ئادەملەر، ئوخشىمىغان
يەر، سۇ، جان-جانىۋارلار، ئۆسۈملۈكلەر، مۇشۇلارنى سۆزلەپ
بېرىۋاتقان گۈزەل تىل ۋە تەسۋىرلەرگە بېرىلىپ كېتىدۇ.

ئۇ ئۆزى ئوقۇغان ئەسەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىشكە، مەزمۇنىنى چۈشىنىپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ، شۇ چاغدىلا «كىتاب مەستانىسى» بولۇپ كەتكەنىدى.

ئېدىرلار كەينىدە ئاق قارلىق ئېگىز-ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان، سۈيى ئۇلۇغ تاشقىن دەرياسى يانچە كېسىپ ئۆتكەن، ئۆيلەر تارقاق جايلاشقان، ئادىمى ئاز ئالقانىدەك مەركەچ مەھەللىسىدە يالغۇز بىر ئۆيدىلا ھەركۈنى تاڭ ئاتقۇچە چىراغ يورۇپ تۇرىدۇ. ئۆينى غۇۋا يورۇتقان جىن چىراغنىڭ چەكلىك نۇرى ئاستىدا سەككىز ياشلىق يۈسۈپ ماماي پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ چارچاپ، ئۇيقۇسىراپ كىرپىكىدىن-كىرپىكىنى ئاجرىتىپ ئالالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈچە ئورنىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى. ئۇ كۆپ چاغلاردا ماڭلىيىنى كىتاب ئۈستىگە ياققانچە ئۇخلاپ قالاتتى. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئۈستىگە چاپان يېپىپ قوياتتى. ئۇنىڭ يوتقان ئىچىگە كىرىپ، بېلىنى، پۇت-قولىنى سوزۇپ راھەتلىنىپ ئۇخلىغان كۈنلىرى ساناقلىق بولغان. كىچىككىنە يۈسۈپ ماماي شۇ چاغلاردىلا «ماناس» ئوقۇشنى باشلىغانىدى. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا كۈندە دېگۈدەك مۇنداق دەپ چېكىسىتتى: «بالام، كۆپ ئوقۇساڭ كۆپ بىلىسەن، كۆپ ئوقۇساڭ تېز ئوقۇيدىغان ھەتتا يادقا ئېيتالايدىغان بولىسەن. ئۆمرۈڭ بولسا، ئۇيقۇ دېگەن تېپىلىدۇ...» ئۇلار ھەر ۋاقىت يۈسۈپنى كىتاب ئوقۇشقا ئۈندەپ تۇراتتى. ئۆيدە ئادەم بولمىغان چاغلاردا ئاكىسى بالباي يۈسۈپتىن ئۆگەنگەن «ماناس»تىن ئۇزۇندىلىرىنى ئېيتقۇزۇپ سىناق ئالاتتى. يۈسۈپكە «ماناس»نى ئېيتىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتەتتى. مەسىلەن، باتۇرلارنىڭ قىلىچ بىلەن چېپىشقان چاغدىكى سۈرلۈك كۆرۈنۈشىنى سۈرلۈك ئاۋازدا قاپاقنى تۈرۈپ ئېيتىش، مەلۇم بىر-



سىگە ئەقىل-نەسىھەت ئۆگەتكەندە تەمسىل ئېيتىشماق، ماقال ۋە يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن ياخشى-يامان تەرىپىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ ئېيتىش، ئارمان، مۇڭ-زار كەلگەن يېرىدە مۇڭلۇق، قايغۇلۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتىش، باشتىن-ئاخىر ھەرىكەت، ھالەتلەردە مەزمۇنغا قاراپ ماسلىشىشچانلىق بىلەن ئېيتىش، ئاياللارنى سۈپەتلىگەن، تەسۋىرلىگەن سىيۇژېتلارغا كەلگەندە نازۇك، سىلىق، يۇمشاق تىل بىلەن ئېيتىش، ئاۋازمۇ ناھايىتى يېقىملىق، گۈزەل، ساز بولۇش، ھەرقانداق ئاڭلىغۇچى ئېيتىۋاتقان ئادەمگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىغا، تەسۋىرى تىلىغا قاراپ شۇ مەزمۇننى بىلەلىگۈدەك، چۈشىنەلىگۈدەك بولۇشى، بارلىق «ماناس» ئېيتقۇچىلار سۆزگە، ھەرىكەتكە، ئاۋازغا دىققەت قىلىش زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەپ بېرەتتى ھەم ئۆزى ھەر نۇقتىغا مىسال ئېلىپ يۈسۈپ مامايغا تەپسىلىي، ئوبرازلىق، ھەرىكەتچان قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆگىتەتتى. بالباي ئۆز زامانىدا قاقشال① بويىچە بىردىنبىر يۇقىرى بىلىملىك، ئىلغار قاراشتىكى، يىراقنى ئالدىن كۆرەلەيدىغان، ئەل ئىچىدە تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ يۈسۈپ مامايىنىڭ ئۆز ئاكىسى، ئۇستازى ھەم ئوقۇتقۇچىسى بولغان.

## ئىلغار ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بالباي ماماي

بالباي ماماي (1892 — 1937) ئۆز مەزگىلىدە ئىلغار ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان، قىرغىزلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئادەم. ئۇ 1932-يىلى ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدە «قىرغىز ئۇيۇشمىسى»نى قۇرۇپ، ئۇچتۇرپان ۋە

① قاقشال — ئاقچى ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى شۇنداق ئاتىلىدۇ.

ئاقچى خەلقلىرىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېڭى تىل-يېزىقتىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ساۋاتسىز قېلىۋاتقان مىڭلىغان خەلقنىڭ كۆزىنى يورۇتتى. ئۇلارغا جاھاندا بولۇۋاتقان ھەق-ناھەق، ياخشى-يامان ئىش-ھەرىكەتلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئەقىل-ئىدرىكىنى ئويغاتتى. 1934-يىلى مەركەچ مەھەللىسىدىمۇ يېڭى مەكتەپ قۇرۇلدى. يۇسۇپ مامايغا ئوخشىغان سەبىي باللار يېڭى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدى. چوڭلارمۇ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە ئۆز باللىرى بىلەن بىرگە مەكتەپتە ئوقۇدى. بۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بالبايغا ئوخشاش پېشقەدەم مەرىپەتچى كىشىلەر ۋە شۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

1934-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بالباي قارا بولغار خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەل بار ئىدى. بالباي خۇرجۇننى كاڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئاغزىنى ئاچتى. خۇرجۇننىڭ ئىككى تەرىپى كىتاب بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ كىتابلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

— مانا سەككىز ئەۋلاد «ماناس!» بۇنىڭدىن ئىلگىرى ساڭا بىردىن كىتاب بېرىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن. ياخشى ساقلا، ياخشى ئوقۇ. ياقۇپ (ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنى ئېيتماقچى) بۇ كىتابلارنى خۇراپاتلىق دەپ قەدىرلىمەيدۇ، ئوقۇشقىمۇ قىزىقمايدۇ، يېڭى ئوقۇشقا كۆڭۈل قويۇپ قالدى. ئۇ، شۇنى ئوقۇسۇن، ھازىرچە ئۇ بۇنىڭ قىممىتىنى بىلىپ يەتمەيدۇ، قېرىغاندا سەندىن سوراپ ئوقۇسا تاڭ. بايلىقنىڭ ساقلىغۇچىسى بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. بۇنىڭغا سەن ئىگە بولساڭ مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن. ئۇنى ياخشى ساقلا!



بالباي بولغار خۇرجۇننى يۇسۇپقا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇ ماتېرىياللارنى ھەر قانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ياخشى ساقلىشىنى قايتا-قايتا تاپشۇرىدۇ. شۇ كۈنى بالباي بۇ ماتېرىياللارنى نەدىن ۋە قانداق قىلىپ توپلاپ ساقلىغانلىقىنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ:

1916-يىلىنىڭ چىقىشى 1917-يىلىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. 24 ياشلارغا كىرىپ قالغان، جىگەرلىك، ۋۇجۇدىدىن پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بالباي قەھرىتان سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز قىزىق ئىشنى كۆرىدۇ: «چوڭ قاچقۇنلۇق» مەزگىلى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن بىر توپقا قېتىلىپ ئاتاقلىق ماناسچى ساغىمباي ئوزار بەگمۇ كەلگەنىدى. كۆپچىلىك ئاتايىن چېدىر تىكىپ، سويۇشقا مال تەييارلاپ، يەم-خەشەك، ئوت-چۆپ ۋە ئوتۇن-سۇنى تەقمۇ تەق قىلىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن «ماناس» ئاڭلاشقا ئالدىراپ تۇرىشىدۇ. «ماناس» ئېيتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئاتاقلىق ماناسچى ساغىمباي بىلەن قاقشاللىق ئاتاقلىق ماناسچى يۇسۇپ ئاخۇن ئىدى. باھالىغۇچىلار توپىدىن، يەرلىك ئاقساقاللاردىن ۋە ئۈچتۇرپان، ئاقچىدىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئادەملەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىنىدۇ. باھالىغۇچىلار بۇ ئىككى ماناسچىنىڭ ئېيتىدىغان مەزمۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئالدى بىلەن ساغىمبايىنى سەن: «يەتتە خاننى چاقىرىپ، ماناسنىڭ چوڭ غازاتقا يۈرۈش قىلىشى»نى ئېيت دېدى. ساغىمباي نامازدىگەردىن باشلاپ ئەتىسى كۈن چىققۇچە توختاپ ئېيتىپ:

قوشۇن ئالدى تابىلغىنىڭ① چوققىسىدا،
قوشۇن كەينى بۇرانانىڭ② ئويمانلىقىدا.

①، ② تابىلغى، بۇرانا — يەر ناملىرى.

دەپ توختايدۇ.

شۇ كۈنى دىگەردىن باشلاپ يۈسۈپ ئاخۇنغا ساغىمباي توختىغان يەردىن باشلاپ ئېيتىشنى بۇيرۇيدۇ. يۈسۈپ ئاخۇن ئەتىسى كۈن چىققۇچە بولغان ۋاقىتقىچە ئېيتىپ، ئالمابەت بىلەن سىرغاقنىڭ قارا قۇلغا يولۇقۇشىغا كېلىپ توختايدۇ. ئەتىسى بىر كۈن ماناسچىلارنى دەم ئالدۇرۇپ، ھاردۇق چىقارغۇزغاندىن كېيىن يۈسۈپ ئاخۇنغا ساغىمباي ئېيتقان يەردىن ئېيتقۇزىدۇ. يۈسۈپ ئاخۇن قوشۇننىڭ ھەممىسىنى كەلتۈرۈپ بولۇپ، «قانىكەينىڭ ئارمانى»غا كېلىپ توختايدۇ. ساغىمباي يۈسۈپ ئاخۇن ئېيتقان يەرنى ئېيتىپ بېيجىڭنىڭ شەھىرىگە قوشۇننى كىرگۈزۈپ توختايدۇ. ئاڭلاپ ئولتۇرغان كۆپچىلىك گۈلدۈراس ئالقىشلارنى ياڭرىتىپ ئىككى ماناسچىنىڭ قالتىس ھۈنىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. باھالىغۇچىلار بۇ ئىككىسىنىڭ باشلاشتىن تارتىپ ئاخىرلاشتۇرغانغىچە بولغان جەريان، مەزمۇن، ئۇسلۇب، ئاھاڭى قاتارلىقلارغا قاراپ، سېلىشتۇرۇپ باھالاپ يۈسۈپ ئاخۇننى ساغىمبايدىن ئۈستۈن ماناسچى دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. توپ ئىچىدە تۇرغان بالباي نەق مەيدان «ماناس» ئېيتىشتەك تەنتەنىلىك پائالىيەتتىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. ساغىمباي بىلەن يۈسۈپ ئاخۇن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا مۇنداق بىر سۆزنى ئېيتىدۇ: بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز «ماناس»، «سەمەتەي»، «سەيتەك». ئاڭلىساق «سەيتەك» دىن كېيىن «كەنەنىم» دېگەن بار دەيدۇ. ئۇنىڭدا بىر ئادەمنىڭ جەسىتىنى يۇدۇپ كېۋەز تاغقا① چىقىپ كەتكەن قىزىقارلىق ۋەقەلەر بار ئىكەن. بىز ئۇنى بىلمەيدىكەنمىز، دېيىشىدۇ. كىشىلەر ئاغزىنى ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا سورۇندىكىلەرگە ئوت قالاپ يۈرگەن ئىبراھىم ئاخۇن دېگەن

① كېۋەزتاغ — قارا قۇرۇم تېغىنى كۆرسىتىدۇ.



كىشى بالباينى: «جىيەن ئۇكام بېرى كەل» دەپ چاقىرىدۇ. بالباي توپنى يېرىپ ئۆتۈپ تاغىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ. ئىبراھىم مەنىستىمىگەن تەلەپپۇز بىلەن:

— مۇشۇلارنى «ئاتاقلىق ماناسچى» دېيىشىدۇ تېخى. «ماناس» ئېيتىشىدۇ دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئاتبېشى، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردىن ئالايىتەن ئادەم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىغا قارا، «سەيتەك» تىن كېيىن «كەنەنىم» بار دېيىشىدۇ، يەنە ئۇنى بىلمەيدىكەنمىز ... دەيدۇ. «كەنەنىم»دىن كېيىن باتۇرلارنىڭ سانى تۆت-بەشكە يېتىدۇ. «ماناس»نى قوشقاندا تولۇق سەككىز ئەۋلاد تۇرسا، ئاتاقلىق ماناسچىلار قانداقسىگە بۇلارنى بىلمەي قالغاندۇ؟ — دەيدۇ.

بالباي قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ. ئۇ تاغىسىنىڭ خاسىيەتلىك سېھرىنى ئاشكارىلىغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولىدۇ. ئۇ ئالدىراپ كېتىدۇ:

— تاغا، سىز ئېيتىڭ، — دەيدۇ.

ئىبراھىم باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بالباينىڭ قولىنى قاتتىق سىققىنىچە: «شۈك» دەيدۇ.

— مەن بۇلارنىڭ ئالدىدا ئېيتىشنى خالىمايمەن، — دەيدۇ ئىبراھىم ماناسچىلارغا قاراپ قويۇپ.

— ماڭا ئېيتىپ بېرىڭا، مەن يېزىۋالاي، — دەيدۇ بالباي يالۋۇرۇپ.

ئىبراھىم تاغا بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— ئادەم يوق يەردە يازىمەن دېسەڭ ئېيتىپ بېرىمەن، — دەيدۇ.

شۇ كۈننىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ بالباي پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن «ماناس» يېزىشقا ۋە «ماناس»نىڭ قول يازما خاتىرىسىنى ھەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشىر قىلىنغان نۇسخىسى قاتارلىق ماتېرىياللارنى يىغىشقا باشلايدۇ.

«چوڭ قاچقۇن» چىلىقتا كەلگەنلەردىن سوراپ ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ، كىم قانچىلىك بىلسە، شۇنچىلىكىنى خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. بەزىلەردە قول يازما بولۇپ، مەلۇم ھەق بىلەن سېتىۋالدى. چويوكە، شاپاق، تابالدى، دېغانباي، بالىق، نايمانباي ئاتا-بالا، مامىرقان موللام قاتارلىق ئادەملەر ئەينى چاغدا بالباينى «ماناس»نىڭ قول يازما خاتىرىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن ۋە ئۆزلىرى بىلگەن ۋە «ماناس» دىن ئۆزۈندە ئېيتىپ بەرگەنلەر ئىدى. بۇ ئادەملەر ئېيتقان «ماناس» نىڭ چوڭ-چوڭ ۋەقەلىكلىرى مەزمۇن جەھەتتە ئاساسەن ئوخشاش ئىدى.

نېنبەك (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ بۇرۇن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئاتاقلىق ماناسچىلاردىن بىرى) نىڭ «سەمەتەي» ۋارىيانتى شۇ چاغلاردا نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلىپ بولغان بولۇپ، نېنبەكنىڭ بالىسىدىن «سەمەتەي» دېگەن كىتابىنى ئالدى. نېنبەكنىڭ «سەمەتەي» ۋارىيانتىدا سەمەتەينىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرىگە ئائىت كۆپ مەزمۇنلارنىڭ يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ، ماناسچى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرۈپ، تولۇق ئېيتقۇزۇپ خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. ئۇنى «سەمەتەي» گە ناھايىتى چىۋەرلىك بىلەن قوشتى. ھازىرقى يۈسۈپ ماماينىڭ «سەمەتەي» ۋارىيانتى — بالباينىڭ ئەينى چاغدا نېنبەك ۋارىيانتىغا قاقشاللىق ماناسچى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ ۋارىيانتىنى قوشۇپ، رەتلەپ، كىرىشتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈككە كەلتۈرگەن، سىستېمىلاشقان نۇسخىسىدۇر.

بالباي يەنە ساغىمباينىڭ ۋارىيانتى بويىچە ئالمابەتنىڭ كۆكچىدىن چىقىپ، ماناسقا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى سيۇژىتىنى، ئاقموللا ئىبراينىڭ خاتىرىگە ئالغان ماتېرىيالىنى چالباي دېگەن ئادەم ئارقىلىق ئاتبېشىدىن ئالدۇرۇپ كېلىدۇ.



بالباي كېچە-كۈندۈز ماناسچى يۈسۈپ ئاخۇننىڭ يېنىدىن بىر قەدەم نېرى ئايرىلماي، ئاغزىدىن گەپ ئېلىپ، «ماناس»، «سەمەتەي»، «سەيتەك» دىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد داستانىنى تولۇق خاتىرىسىگە يېزىۋالدى. شۇنداقلا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ماتېرىياللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بىر-بىرىگە ئۇلاپ، بىر-بىرىگە يۇغۇرۇپ سىڭدۈرۈپ، كىرىشتۈرۈپ، ئېپىزوتلارنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ، ئەسلى ھالىتىدەك مۇكەممەللىككە كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىكى يەر ناملىرى، مەزمۇنى، باتۇرلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، خەلقنىڭ كونا تىلى قاتارلىقلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەستىن، ۋەقەلىكلىرىنى باشتىن-ئاخىر رەتلەيدۇ.

بالباي يۈسۈپ ئاخۇن ماناسچىدىن ماتېرىيال يىغىۋېلىپ، ئۇنى بىر قۇر قولدىن چىقارغاندىن كېيىن ئىبراھىم تاغىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ ئادەم ئائىلىسىدە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ، ئېيتىپ بېرىشكە ئۇنىمايدۇ. بالباي ئۇنىڭغا نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ، شۇ يەرلەردە يېڭىلا باشلانغان تېرىقچىلىقنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن سىرت كېيىك، بۇغا-ماراللارنى كۆرسىتىش، چوڭ-چوڭ يايلاقلاردىن بىر نەچچىسىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغانلىقى قاتارلىق ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇنى تاغدىن ئېلىپ چۈشىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ مىجەزىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىدىن بىر ئېغىزنى ئىككىيلەن ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىپ، «ماناس» ئېيتقۇزۇپ، ئۇنى خاتىرىلەشكە باشلايدۇ. ئۇ ئىككىسى كۈندۈزلىرىمۇ «ئۆيدە ئادەم يوق» دېگۈزۈپ قويۇپ، «ماناس» يازىدۇ. ئىبراھىم تاغىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى ۋە بالباينىڭ يازغىنى — «ماناس» ئېپوسىنىڭ كېيىنكى بەش

ئەۋلاد يەنى «كەنەنىم»، «سەيىتىم»، «ئاسىلباچا ـ بەكباچا»،
«سومبىلەك»، «چىگىتەي» دېگەن ئىبارەت ئىدى.

تارىخىي ئېپوس «ماناس» نىڭ سەككىز ئەۋلاد ماتېر-
يال مەنبەسىنىڭ كېلىش جەريانى مۇشۇنداق بولغان.

بالباي بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ قارا بۇلغار خۇرجۇنىنىڭ
ئاغزىنى ئېتىپ يۈسۈپ مامايغا بېرىدۇ ھەمدە:

— سەن ئون ياشقا كىرگەندە ئاران يېزىپ بولغانىدىم.
ئىبراھىم تاغام بەكمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەن ۋە «ما-
ناس»نى ماڭا ئېيتىپ بەرگىنىدە يېرىمىنى نەسىر شەكلىدە،
يېرىمىنى نەزمە شەكلىدە ئېيتقان. مەن ئۇنى قايتا كۆ-
چۈرگەندە نەسرىي قىسمىنىمۇ شېئىرغا ئايلاندۇردۇم. سۆزدىن-
سۆز تۇغۇلۇپ ئۇنىڭ ھەجمى چوڭقۇرلاپ كەتتى، — دېدى.

«ماناس» ھەقىقەتەنمۇ ھەجمى چوڭ، بىباھا گۆھەر
ئىدى. بالباي «ماناس»نى توپلاش، ئۇنى خاتىرىلەش، ئەتى-
ۋارلاپ ساقلاشتا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ «ماناس» نىڭ
قەدىر ـ قىممىتىنى ئەينى ۋاقىتتىلا تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا،
ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئەمگىكى ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئورۇن ئېلىشقا
مۇناسىپ. ئۇ قانچىلىك بەدەل تۆلىشىدىن، قانچىلىك ۋاقىت،
قانچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋەت سەرپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تېپىل-
غان ماتېريال بولسۇن، ئۇچراتقان ماناسچى بولسۇن ئۇلار-
نى قەدىرلىگەن، ئۇلۇغ بىلگەن ھەمدە «ماناس» نى ئۆز قولى
بىلەن توپلاشقا، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كۈچ قوشقان.

بالباي ئۇلۇغ خەلق سەنئەتكارى، ئىلغار ئىجتىمائىي
پائالىيەتچى، شۇنداقلا ماناسچى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن
بېرى يىغىپ، خاتىرىلەپ، توپلاپ كەلگەن «ماناس» نى ۋە نۇر-
غۇن خەلق ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا
يۈسۈپ مامايغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئالدىراش ئىكەنلى-



كىنى، ئىشلەيدىغان زور-زور ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىنى، چوڭ ـ چوڭ
ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدە تۇرغانلىقىنى ئېيت-
تىپ، ئائىلىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ شۇ كەت-
كەنچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ خى-
يالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. 1937 ـ يىلى «قىرغىز ئۇيۇشمىسى»
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىپ،
ئۇنىڭ ئەزالىرى بىرىنمۇ قالماي قولغا ئېلىنىدۇ. بالباي بۇ
تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قەشقەرگە يالاپ
ئېلىپ كېتىدۇ. تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى
زىيالىيلار، مەرىپەتچىلەر، ئىلغار قاراشتىكى ئىنقىلابچىلار بولۇپ، بۇ
مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىنى تېررورلۇق قاپلىغا-
نىدى. بالباي قولغا ئېلىنىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈرمىدە
ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كېلىدۇ. بالباي قەھرىمانلار-
چە قۇربان بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى قەلبىدە ساقلاپ، مەڭگۈ
ھاياتتەك چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەپ كەلدى. بالباي
ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا 44 ياش ئىدى.

## يۈسۈپ مامايىنىڭ ياشلىق دەۋرى

يۈسۈپ ماماي سەككىز ياش ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ-
دىن ئىككى ياش چوڭ سەلىيقان ئىسىملىك قىزنى ئۇنىڭ-
غا نىكاھ ئوقۇتۇپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ، يۈسۈپ ماماي ئۆسمۈر چېغىدىلا ئۆيلۈك ـ ئوچاق-
لىق بولىدۇ. يۈسۈپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۆلىتىدە جاھاندىكى
قالايمىقانچىلىقلارغا قىلچە پىسەنت قىلماي، باش چۆكۈرۈپ
«ماناس»نى ئوقۇش ۋە «ماناس»نى قايتىدىن كۆچۈرۈپ يېزىش
بىلەن بەنت بولىدى. ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئاققان سۇدەك

تېز ھەم تىنچ ئۆتۈپ كەتتى. 1938 - يىلى 10 - ئايدا يېزىـ
لىق ھۆكۈمەت مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يۈـ
سۈپ ماماينى شۇ يىلى تۇنجى قېتىم ئېچىلغان «جۇڭگو سوـ
ۋېت بەدەل تاشيولى»نى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە كاتىپ بوـ
لۇپ ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇزاققا بارماي جۇڭگو مىقياسىدا
ئىچكى ئۇرۇش ئەۋج ئېلىپ، 1940 - يىلغا كەلگەندە بۇ تاشـ
يول تاقىۋېتىلىدۇ. 1942 - يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت يۈسۈپنى
يېزا مەھەللىلەردىن تۇياق بېجى يىغىش گۇرۇپپىسىغا قوشۇپ
قويىدۇ. بەش ئادەمدىن ئىككى گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، تاشقىن
دەرياسىنىڭ كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرىپىدىن تۇياق بېجى
يىغىشقا باشلايدۇ. يۈسۈپ ماماي ئەسلىدىنلا كۈنچىقىش قىرـ
غاقتىكى ئاتاقلىق بايلارنىڭ بىرى بولغان ئاپتىجاپپارنىڭ
چوڭ قىزى بىلەن ئىزدىشىپ تۇراتتى. يۈسۈپنىڭ شۇ قىزغا
كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ قىز ئۆز ئۆيىدىكى مالاي
يىگىتكە ياتلىق بولۇپ بولغانىدى. يۈسۈپ نۇرغۇن تالاش ـ
تارتىشلاردىن كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلىنىدۇ. بۇ قىز تۇغما
گاس ۋە تىلسىز ئىدى. ئەمما ئىنتايىن گۈزەل ئىدى.

يۈسۈپ ئىككى ئايال بىلەن ئوخشاشلا ئىناق، خۇشال ـ
خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. چوڭ ئايالى يۈسۈپكە بۇدرۇقتىنا
بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ. ئىككى ئايال ھەدە ـ سىڭىلدەك
جاپا ـ مۇشەققەتتە بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىپ، بىر ـ بىرىنىڭ
ھاجىتىدىن چىقىدۇ. 1951 - يىلى جۇڭگودا يەر ئىسلاھات ھەـ
رىكىتى يۈرگۈزۈلدى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئۆلكىسى ئاللىقاچان
ئازاد بولۇپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قورسىقى تويۇپ، كۆڭلى
كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. 1954 - يىلى يەر ئىسلاھاتى دولقۇـ
نىنىڭ قەدىمي قارابۇلاق، مەركەچ مەھەللىلىرىگىچە يېتىپ
باردى. يېڭىدىن ئورۇن ئالماشقان يېزىلىق ھۆكۈمەت مالـ



مۈلۈك، تېرىلغۇ يەرلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش
توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەلۋەتتە يېرى كەڭ، چارۋىـ
لىرى كۆپ، مال ـ دۇنياسى زىيادە بولغانلار، ئالدى ئۈچ خوـ
تۇن، كەينى ئىككىدىن خوتۇن ئالغانىدى. بۇ يېزىدا 23 ئادەم
بايلار، بەگلەر، مۈلۈكدارلار ھېسابلىنىپ تىزىمغا ئېلىنىدى.
يۈسۈپمۇ شۇ قاتاردا سانغا ئېلىنىدى. ھۆكۈمەت ئۇلارغا يېڭى
جۇڭگونىڭ نىكاھ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، يېڭى
نىكاھ قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق
بولۇش، بىردىن ئايالنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىـ
رىنى تېگىشلىك بولغان ئۆي، جاي، مال ـ مۈلۈك، يەر، چارـ
ۋىلىرى بېرىپ، ئۆز گۈنىنى ئۆزى ئېلىشقا قويۇپ بېرىشنى
بۇيرۇيدۇ. 23 ئادەم شەرتسىز بويسۇنىدۇ. شۇ چاغدا يۈسۈپـ
نىڭ چوڭ ئايالىدىن بولغان ئىككىنچى ئوغلى يېشىغا توشمىغاـ
نىدى. يەرلىك سوت ئىدارىسى ئوچۇق سوت ئېچىپ، ھۆكۈم
ئېلان قىلىدۇ. تۇغماس، قۇلىقى ئاڭلىماس، تىلى سۆزلىمەس
ئىككىنچى ئايالى ئايتىبۇبۇ بىلەن يۈسۈپنى مەڭگۈ بىر جۈپ
بولۇپ ئۆتۈشكە، يېشىغا يەتمىگەن ئىككىنچى ئوغلىنى ئانىسى
بىلەن بىللە يۈسۈپنىڭ ئازغىنا يېرى ۋە ئۆي مۈلكىگە ئىگە
قىلىپ، چوڭ خوتۇننىڭ بۇ ئائىلە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى
ئۈزدۈرىدۇ.

يۈسۈپ ھالال ئەمگەك قىلىپ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. ئۇ
تىرىكچىلىك سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەدەپ
ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت مەركەچتە
«ساۋاتسىزلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش» كۇرسى ئېچىپ، يۈسۈپـ
نى دەرس ئۆتۈشكە چاقىرتىدۇ. يۈسۈپ بىر مەزگىل ئىشلەپ
بېرىدۇ. كېيىن ئەسلىدىكى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى يېتىشـ
مىگەنلىكتىن، مەكتەپتە رەسمىي ئوقۇتقۇچى بولۇشقا تەكلىپ

قىلىنىدۇ. يۈسۈپ ماماي ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ بىلگەنلىرىنى
قايتا باشتىن تەكرارلايدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگەنسە، يەنە بىر
تەرەپتىن ئۆگىتەتتى. يۈسۈپ ماماي يېقىندىن قۇرۇلغان مەك-
تەپتە مەركەچىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد باللىرىغا يېڭى ئوقۇشلۇقتىن
دەرس ئۆتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا «ماناس»نى ھې-
كايە قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى. بەزىدە ئۆز ئاھاڭى بىلەن
ئېيتىپ باللارغا ناخشا قىلىپ ئۆگىتىپ قوياتتى. ئۆزى قەت-
ئىي بوشاشماي ئاكىسى قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلارنى ئو-
قۇش، يادلاش ۋە قايتا كۆچۈرۈپ، ئوقۇشقا تېگىشلىك يەر-
لىرىگە قوشۇش بىلەن بەنت بولاتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ-
چىقىرىشقا قاتنىشاتتى. مەكتەپكە بېرىپ باللارغا دەرس ئۆتەت-
تى، ئۆيگە كېلىپ «ماناس»نى ئىشلەيتتى. «ماناس» ئۇنىڭ
قان - قېنىغا، جان - جېنىغا سىڭىپ بولغانىدى.

## ئۈنجى قېتىم ماناسچى بولۇپ تونۇلۇشى

1960 - يىلى 10 - ئايدا ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر گۇرۇپپا تەھرىر
ۋە ئەزالىرى قەشقەر، قىزىلسۇ، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەرگە بې-
رىپ، شۇ يەرلەردە يازغۇچىلارنى ئويۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئە-
سەرلىرىنى تەھرىرلەپ، قەشقەردە ژۇرنال چىقىرىشقا يېتەك-
چىلىك قىلىدۇ. شۇ رايونلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تەك-
شۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئەدەبىيات خەزىنىلىرىنى قازىدۇ
ھەم ئۆز نۆۋىتىدە رەتلەش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە
شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىن بولغان
«تارىم» (ئۇيغۇرچە)، «تەڭرىتاغ» (خەنزۇچە) لارغا مۇشتىرى
قوبۇل قىلىش ھەم ئەسەر يىغىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.



شۇ چاغدا بۇ گۇرۇپپىدىكىلەر ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە تۆمۈر
ماناسچىغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭ «سەمەتەي» ۋارىيانتىدىن ئۈزۈندە
يېزىۋالىدۇ (شۇ يىلقى «تارىم» نىڭ بىر سان ژۇرنىلىدا ئۇنى
ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان). ئۇلار «ئاقچىدا ئۈچ
كېچە - كۈندۈز «ماناس» ئېيتىدىغان بىر ئادەم بار» دېگەن
گەپنى ئاڭلايدۇ. ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى، ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقى
تۈپەيلى گۇرۇپپىدىكىلەر ئاقچىغا بارالماي قىزىلسۇدىن ئۈرۈم-
چىگە قايتىدۇ. ئۇلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ ئەھۋاللارنى
رەھبەرلىككە دوكلات قىلىدۇ. رەھبەرلىك بۇ ئەھۋالغا دىققەت
قىلىدۇ ھەمدە تېزدىن مەركەزگە ئەينەن ئەھۋالنى يەتكۈزۈپ،
بۇ ئىشنى مۇھىم ۋەزىپىلەر قاتارىغا قويۇپ چىڭ تۇتۇپ ئىش-
لەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە يوليورۇق سورايدۇ.

1961 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-
سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يولداش لىيۇشاۋۋۇ
يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن لىيۇ فاجۇن، تەبە (موڭغۇل)،
لىيۇ چەنمىڭ قاتارلىق يولداشلارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا قىزىلسۇ،
قاقشال تەرەپلەرگە بېرىپ، قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى
توپلاش، قىرغىز خەلق ئېتنوگرافىيىسىنى تەكشۈرۈش، بولۇپمۇ
«ماناس» نى قېزىپ چىقىش، ئۇنىڭ تەسىرى، تارقىلىش
دائىرىسى ۋە تارىخىنى قالدۇرماي تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت
مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرىدۇ.

يولداش لىيۇفاجۇن ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەگرى-
بۈگرى تاغلىق يوللارنى كېزىپ، ئاتۇش ناھىيىسىگە كېلى-
دۇ، ئوبلاست رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزلىرىنىڭ نىيە
ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئادەم كۈچى جەھەت-
تە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەل-
گەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ قىرغىز تىل سىنىپى ئوقۇ-

غۇچىلىرى ئاتۇش، ئۇلۇغچات، ئاقتۇ قاتارلىق جايلاردا قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يىغىش پراكتىكىسى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. قىرغىز تىلى سىنىپىنىڭ قايتىش ۋاقتى بۇلارنىڭ يېڭى كېلىش ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالىدۇ. ئىككى گۇرۇپپا ئەزالىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ خىزمەتنى بىرلىكتە تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش قارارىغا كېلىدۇ ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىش توغرىسىدا مەركەزگە ئىلتىماس سۇنىدۇ. ئىلتىماس تەستىقلىنىپ كېلىدۇ. قىرغىز تىلى سىنىپىدىكىلەردە ئىككى ئوقۇتقۇچى، ئون ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ئوبلاستتىن كەلگەن ساكەن ئۆمەر، ھۈسەيىن ھاجى، توختاسىن، ئالتۇن قاتارلىق يولداشلار بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇ يىگىرمىگە يېقىن ئادەم ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. لىيۇ فاجۇن ئاقچى ناھىيىسىگە كېلىدۇ. يەرلىك ئورۇننىڭ يېتەكچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ناھىيىدە چوڭ يىغىن ئاچىدۇ. شۇ يىغىندا كىشىلەر بىردەك يۇسۇپ مامايىنى ئېغىزغا ئالىدۇ. ئەينى چاغدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز «ماناس» ئېيتىدىغان ئادەم يۇسۇپ ماماي بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن قوشاقچى، چۆچەكچى، تارىخچى، لەتىپىچى ھەم ماناسچىلار تىزىمغا ئېلىنىدۇ. لىيۇ فاجۇن بۇنچىلىك نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ تەرجىمانلىققا ماتىنى، كاتىپلىققا مەمەتقازى مانىكەنى تاللىۋېلىپ، ئاقچىدىن قارا بۇلاققا يۇسۇپ مامايىنى ئىزدەپ ماڭىدۇ. ئۇلار يۇسۇپنى ئېتىزلىقتا قىغ توكۇۋاتقان يېرىدىن تاپىدۇ. ئەسلىدە يۇسۇپ ماماي 1958-يىلى جۇڭگو بويىچە ئەۋج ئالغان «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى»دە تارتىپ چىقىرىلىپ، «ئوڭچى» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ قىش-ياز، ئىسسىق-سوغۇقلارغا بەرداشلىق بېرىپ،



ئېغىر ئەمگەك قىلىپ كەلدى. لىيۇ فاجۇن يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى قارابۇلاق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلىغا كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يۇسۇپنى يېرىم كۈن ئېتىزدا ئىشلەشكە، يېرىم كۈن «ماناس» ئېيتىپ بېرىشكە ئاران قوشۇلىدۇ. يۇسۇپ ماماي ئېيتقان «ماناس» بۇلارنى ھەيران قالدۇردى. خەلقنىڭ كۆزى ھەقىقەتەن ئوچۇق بولۇپ، ئۇلار تەمىنلىگەن بۇ يىپ ئۇچى — گۆھەرنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. يۇسۇپ ماماي يالغۇز «ماناس» ئېيتىپلا قالماي، نۇرغۇن خەلق داستانلىرى، شېئىرلار، قوشاقلارنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار يۇسۇپنى ئاتۇشقا ئېلىپ بېرىپ شۇ يەردە ئېيتقۇزۇپ خاتىرىلىمەكچى بولىدۇ. رېجىمغا تاپشۇرۇلغان يۇسۇپ ماماي ئىشلىمىسە نان يوق ئىدى. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى: «يۇسۇپ ئىشلىمىسە ھەق بېرىلمەيدۇ، يىل ئاخىرىدا تەقسىمات يوق بولىدۇ. ئائىلىسى ۋە ئۆزى قانداق كۈن كەچۈرىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى سىلەر ئوبدان ئويلاڭلار» دەيدۇ. خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر مۇزاكىرىلىشىپ، يۇسۇپنىڭ يېمەك-ئىچمەك چىقىمىنى كۆتۈرگەندىن سىرت، ئايدا ئائىلە راسخوتى ئۈچۈن 40 يۈەندىن بېرىدۇ. يۇسۇپ ماماي قىزىلسۇغا بارغاندىن كېيىن «ماناس» ئېيتىشنى باشلايدۇ. يۇسۇپ ماماي تولۇپ-تاشقان ھېسسىياتى بىلەن تارىخىي ئېپوس «ماناس»نىڭ ئالدىنقى بەش بۆلىكى، يەنى «ماناس» دىن 38 مىڭ مىسرا، «سەمەتەي» دىن 27 مىڭ مىسرا، «سەيتەك» تىن 19 مىڭ مىسرا، «كەنەنىم» دىن 16 مىڭ مىسرا، «سەيىتىم» دىن 2800 مىسرا، جەمئىي 110 مىڭ مىسرا ئېيتىپ تولۇق خاتىرىگە ئېلىنىدۇ.

شۇ چاغدا خەلق ئەدەبىياتى توپلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يۇسۇپ مامايدىن باشقا ئەشمات، تۆمۈر قاتارلىق 20 دەك

ماناسچىنى ئىنقىلاپ چىقىدۇ ھەممە ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىنىمۇ قەغەز يۈزىگە يازغۇزۇپ يىغىۋالىدۇ. بۇ ماناسچىلارنىڭ ئېيتقانلىرى «ماناس» ئېپوسىنىڭ 1-، 2-، 3- بۆلەكلىرىدىكى چوڭ-چوڭ ئېپىزوتلار بولۇپ، 40 نەچچە پارچىدەك ماتېرىيال توپلانغانىدى. بۇ ماتېرىياللاردىكى مەزمۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى «كۆكتەيىنىڭ نەزرى»، «چوڭ غازات»، «ئالمامبەتنىڭ ئارمىنى»، «سەمەتەي بىلەن ئايچۈرەك»، «باتۇرنىڭ تۇغۇلۇشى» دېگەنلەردىن ئىبارەت جەمئىي 150 مىڭ مىسرا بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تەكشۈرۈش، توپلاش، خاتىرىلەش خىزمىتىنى توختىتىپ، ئادەم كۈچىنى پۈتۈنلەي يۈسۈپ مامايى ئېيتىپ بەرگەن «ماناس»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشقا قارىتىدۇ. كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق شۇ قېتىمقى يىغىۋېلىنغان ماتېرىيالنى تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بۇ گۇرۇپپا ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنداپ، ھەرقايسىلىرى ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىغا تارقاپ كېتىدۇ. تەرجىمە قىلىنغان بابلاردىن «كۆكتەيىنىڭ نەزرى» ھەمدە 5- بۆلەك «كەنەنىم»دىن ئۈزۈندە ئايرىم-ئايرىم ھالدا «شىنجاڭ گېزىتى»، «خەلق ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنىدۇ.

1964- يىلى 6- ئايدىن 1966- يىلى 7- ئايغىچە بولغان ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە ئىككىنچى قېتىملىق «ماناس»نى توپلاش، قىرغىز خەلق فولكلورىنى تەكشۈرۈش، تولۇقلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ گۇرۇپپىنى جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق پارتكوم بىرلىشىپ قۇرىدۇ. گۇرۇپپا باشلىقى توياڭ، لىيۇ فاجۇن بولىدۇ. ئەزالىرى ساكەن ئۆمەر (قىرغىز، تىلشۇناس)، ھۈسەيىن ھاجى (قىرغىز، تارىخچى،



قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)، ئالتۇن (ئايال، ياردەمچى خىزمەتچى)، پازىل (قىرغىز، تەرجىمان)، ئابدۇ قادىر (قىرغىز، تىلشۇناس)، جاۋزىدى (خەنزۇ، ئوبلاستلىق پارتكوم سېكرېتارى)، ھۈسەنالى (قىرغىز، ياردەمچى كاتىپ)، شاڭ شىجىن (ئايال، خەنزۇ، تەرجىمان)، لاڭ يىڭ (ئايال، خەنزۇ، تەرجىمان)، خېي زەيلى (تەرجىمان) قاتارلىقلار ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئەمەلىي كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. بۇ گۇرۇپپىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئىككى تەرەپلىمە بولۇپ، يۈسۈپ مامايىنىڭ «ماناس» ۋارىيانتىنى تولۇقلاپ خاتىرىگە ئېلىش، باشقا ماناسچىلارنىڭ ۋارىيانتىنى يىغىش، نەسرىي شەكىلدىكى قول يازما ماتېرىيالى ۋە قەدىمدىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن قول يازما ماتېرىياللىرى بولسا قالدۇرماي يىغىۋېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن، «ماناس» ئېپوسىنى چۆرىدىگەن ھالدا قىرغىزلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى، قەبىلە-ئۇرۇقلار تارىخىنى، ياشاش ئۆرپ-ئادەتلىرى، تارىختىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن تىل-يېزىقلىرى ۋە دىنىي ئېتىقادلىرى قاتارلىقلارنىمۇ تەكشۈرۈپ، بۇ ھەقتە ماتېرىيال توپلاپ، رەتلەپ، تەرجىمە قىلىپ «ماناس»نى تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىش ئىدى. بۇ مەقسەت ئۇتۇقلۇق رېئاللىققا ئايلاندى.

يۈسۈپ مامايى بۇ قېتىم «ماناس» ئېپوسىنى ئېيتقاندا، ئالدىنقى بۆلەكلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ ئېيتىدۇ ھەمدە ئالتىنچى بۆلەك «ئاسىلباچا-بەكباچا»نى يېڭىدىن ئېيتىپ، 45 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ماتېرىيال يېزىۋېلىنىدۇ. بۇ نۆۋەت ئېيتقان «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئالتە بۆلىكىنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغىنى جەمئىي 196 مىڭ 500 مىسرا بولغان. يۈسۈپ مامايى «ماناس»نى ئېيتقاندىن باشقا يەنە قىرغىز خەلق داستانلىرىدىن «قۇرمانبەك»، «ئەر تۆشتۈك»، «مامەكە-شوپۇق»، «تۇتان»، «كۆبۇن»، «جاڭىل

مىرزا» قاتارلىقلارنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ يىللار يۇسۇپ ما -
ماينىڭ ماناسچىلىق ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ جانلىنىش بولغان
يىللار بولدى. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش زاماندash ماناسچىلار بىلەن
تونۇشتى. شۇ چاغدا 30 دەك ماناسچى تىزىمغا ئېلىنغانىدى.
بۇ ماناسچىلار ئۆزلىرى بىلىدىغان «ماناس» ۋارىيانتلىرىنى
سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىق - كەمتۈكلەرنى كۆرسىتىش -
تى. كىمدىن ئۆگەنگەنلىكى ۋە قانداق ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىشتى.
كىمنىڭ «ماناس»، كىمنىڭ «سەمەتەي»، كىمنىڭ «سەيتەك»
ئېيتالايدىغانلىقى، كىمنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئېيتالايدىغانلى -
قىنى، كىمنىڭ كېچە - كۈندۈز توختىماي سۈدەك ياتقا
ئېيتالايدىغانلىقى، كىمنىڭ سەنئەتلىك، چىرايلىق ئاھاڭغا
چۈشۈرۈپ ئېيتالايدىغانلىقى، كىمنىڭ ھېكايىدەك سۆزلەي -
دىغانلىقى، كىمنىڭ قوشاقلار شەكلىدە ئېيتالايدىغانلىقى...
قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەر كىم ئۆز بىلگىنى بويىچە
ئوچۇق - يورۇق بايان قىلىشتى. بۇ گۈزەل ھۈنەرنىڭ پىرى
بولۇشقا يۇسۇپ لايىق كەلدى. جامائەتچىلىك يۇسۇپ ماماي -
نىڭ «ماناس» ئېپوسىنى ئەڭ مۇكەممەل، تولۇق، ياخشى
ئېيتالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدى. ئۇلار يۇسۇپ مامايىنىڭ
بەدىئىي تالانتىغا، ئېگىلمەس غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى.
شۇنىڭدىن باشلاپ يۇسۇپ ماماي خەلق ئارىسىدا ماناسچى
بولۇپ تونۇلۇشقا باشلىدى. «ماناس» ئېيتىش سورۇنلىرىدا
ئۇ ھېچقاچان ئويلىنىپ تۇرماستىن، «ماناس» ئېپوسىنىڭ باش -
قىلار ئېيتىمىغان ياكى ئېيتالمايدىغان بۆلەكلەردىن ئەڭ
ياخشى، ئەڭ قىزىقارلىق مەزمۇنلارنى تاللاپ، جاراڭلىق، ئاڭ -
لىغان ئادەمنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان دەرىجىدىكى
يېقىملىق ئاۋازدا، بىر مەزمۇن باشلىنىپ ئاخىرلاشقىچە
سۈدەك تېز، ھەسەلدەك تاتلىق ئېيتىپ بەردى. ئاڭلىغان



ئادەم يۇسۇپنىڭ ھەقىقەتەن تالانتلىق ماناسچى ئىكەنلىكىگە
ئىشەنمەي قالمايتتى.

يۇسۇپ ماماي ئاكىسى بالباي ماماي ۋارىيانتىنى ئۆگى -
نىش، يادلاش داۋامىدا ئۆزى ئۇچراتقان ماناسچىلارنىڭ ۋارى -
يانتىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلانغان، ئۇلاردىن ئۈلگە ئال -
غان، قايتا - قايتا كۆچۈرۈپ يازغاندا نەسرىي قىسىملارنى
شېئىرغا ئايلاندۇرغان. مەزمۇنىنى بېيىتىپ، بەدىئىي تىلىنى
گۈزەللەشتۈرگەن، ئەسلى ۋارىيانتىغا نىسبەتەن رەتلەش ئېلىپ
بېرىپ، شەكلى جەھەتتىن باشتىن - ئاخىر نەزمە شەكلىگە كەل -
تۈرگەن. مەزمۇن جەھەتتىن مۇكەممەل، تولۇق بولۇشقا، چوڭ -
قۇر بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ ئارقىلىق نەچچە ئەسىر -
لەردىن بېرى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، قولدىن - قولغا
ئۆتۈپ، غەلۋىردىن ئەلگەككە تاسقىلىپ يۇغۇرۇپ ساپلىشىپ،
ئېنىقلىنىپ، ئۇنىڭدىن تولۇقلىنىپ كېلىۋاتقان «ماناس» ئېپو -
سىنى يۇسۇپ قايتا ئېيتىش جەريانىدا تېخىمۇ پىششىقلاپ،
تولۇقلاپ، قايتا تاسقاپ، ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈپ، ئادەمنىڭ كۆزى قاماشقۇدەك دەرىجىدىكى ئۆزىگە
خاس بىردىنبىر ۋارىيانت قىلىپ ۋۇجۇدقا چىقاردى. يۇسۇپ
قىرغىز خەلقىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلاد مىراس قىلىپ ساقلاپ
كەلگەن بۇ گۆھىرىگە چەكسىز ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلىدى.
«ماناس» ئېپوسىنىڭ يۇسۇپ ماماي ۋارىيانتى قىرغىز خەل -
قىنىڭ سەنئەت گۈلتاجىسى بولغان «ماناس» ئەتراپلىق تەكشۈ -
رۈپ رەتلەنگەن تولۇق نۇسخىسىدۇر.

1964 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا
جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا يېڭى سەۋىيە يارىتىلدى. جۇڭگو
فولكلورچىلىق تېئورىيىسىدا «ئېپوس» ئۇقۇمى ئاپىئاق تۇراتتى.
شۇ كەمگىچە بىرەر خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى ئوتتۇرىغا

چىقىپ ئېپوسنى قېزىپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ كۆرمىگەن بولۇپ،
1950 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇ مەسىلە يېشىلىشكە
باشلاپ قىرغىزلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى «ماناس»، موڭغۇللار-
نىڭ تارىخىي ئېپوسى «جاڭغىر»، زاڭزۇلارنىڭ تارىخىي ئېپو-
سى «گېسار» كەينى - كەينىدىن تېپىلدى. بۇ ئۈچ چوڭ گۆ-
ھەر تېپىلىپ جۇڭگوغا چەكسىز شان - شەرەپ كەلتۈردى.
جۇڭگودا ئېپوس يوق دېگەن ئۇقۇمغا خاتىمە بېرىلىپ،
دۇنيا خەلق ئەدەبىيات مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبا-
نى ئۆزىگە تارتتى.

بۇ يىللار قىرغىز خەلق فولكلورچىلىقى ئۈچۈنمۇ ئېيت-
قۇسىز خۇش بولارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلگەن يىل بولدى.
يۈسۈپ ماماي ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ بىلىم ئىگىلىرىگە
قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا ئەقىل خەزىنىسىدىكى دۇردانىلەرنى
قالدۇرماي بېرىشكە تەييار تۇردى. ھاردىم - تالدىم دېمىدى،
بىلگىنى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئېيتىپ بەردى. شۇ چاغدا
يۈسۈپ مامايدىن باشقا يەنە 30 دىن ئارتۇق ماناسچى، شەجە-
رىچى، قوشاقچىلار تېپىلىپ ئۇلارنىڭ ماتېرىياللى دەسلەپكى
قەدەمدە قولغا ئېلىنىپ ئىشلەندى. ئۇلارنىڭ ئارخىپى تۈنجى
قېتىم تۇرغۇزۇلدى. ئۇرغۇنلىغان قىممەتلىك قول يازمىلار يىغى-
ۋېلىندى. قىرغىز مىللىتىنىڭ تارىخى، كلاسسىك مەدەنىيىتى
ۋە ئەدەبىياتىغا ئائىت بىباھا ماتېرىياللار كەينى - كەينىدىن
تېپىلىپ، قىرغىز مىللىتىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى
تېخىمۇ ئاشتى.

1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «مەدەنىيەت ئىنقىلا-
بى» نىڭ تەتۈر شامىلى بۇ چەت رايونلاردا قاتتىق بورانغا
ئايلاندى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زەھەرلىك چاڭگىلى
«ماناس» ئېپوسىنى بوغۇشقا باشلىدى. يۈسۈپ ماماي «ما-



ناس» ئېپوسىنى، خەلق داستانلىرىنى ئېيتىپ بەرگىنى ئۈچۈن
«گۇمانلىق» دەپ قارىلىنىپ، قاتتىق سوراقتا، تاياقتا تۇتۇپ
بېرىلدى. ئۇنىڭغا ئادەم ئاڭلاپ چىدىغۇسىز بوھتانلار چاپ-
لاندى. يۈسۈپ ماماي ئۆزىدە ھېچقانداق «گۇناھ» يوقلۇقىغا
قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ «ماناس» ئېيتالايدىغانلىقى،
بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توختىماي ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ،
مۇشتۇمزورلارنىڭ دەككىسىنى بەردى. قاتتىق تاياق، ئېغىر
ئەمگەك، ھاقارەتلىك سۆزلەر، ئۈستى - ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن
قالپاقلار، كەمسىتىشلەر يۈسۈپ مامايىنى تىز پۈكتۈرەلمىدى.
ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ تاۋلاپ، چېنىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ روھىنى
تېخىمۇ چىڭىتتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قولچوماقلىرى
بىلەن قاتتىق كۆرەش قىلىپ جاھاندا بولۇۋاتقان ھەق - نا-
ھەقچىلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭ
پۇت - قولىدىكى ماغدۇرىنى يەپ كەتكەنىدى. يۈسۈپ بەش
يىلدەك پالەچ كېسىلى بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدۇ. ئۇ
قاتتىق ئاغرىق ئازابىدا كۈن - تۈن ئاچچىق ئىڭراپ تولغىنىپ
ياتاتتى. بىرەر ئادەم بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنىڭ ئۆزىمۇ نەزەر-
بەنت ئاستىدا بولاتتى. يۈسۈپ ماماي ئون يىلنى ئەنە شۇنداق
قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ ئۆتكۈزدى.

**1978** - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو تارىخىدىكى «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى» نىڭ زەھىرىنى تازىلاش ھەرىكىتى قارا-
بۇلاق يېزىسىدىمۇ قوزغالدى. ئورۇنسىز «قالپاق» كىيگەنلەرنىڭ
قالپىقى ئېلىندى. يۈسۈپ مامايىنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقلار
ئېلىپ تاشلاندى. يۈسۈپ ماماي ئائىلىسى بويىچە ئۈستىدىكى
ئېغىر تاشنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلەپ قالدى. شۇ چاغ-
دىكى يۈسۈپ مامايىنى كۆرىدىغان بولسىڭىز بىر تېرە، بىر
ئۈستىخان بولۇپ قالغان تىرىك ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت جىسمانىي ئاجىزلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجىز ئايالى بىللە بولۇپ، يۈسۈپ تارتقان دەرد-ئەلەمنى تەڭ تارتتى، كېچە-كۈندۈز يۈسۈپكە ھەمراھ بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاپ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىنى دەل ۋاقتىدا چاقىرىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ پارلاق يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. قىرغىز خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ساپ ھاۋادىن ئەركىن نەپەس ئالدى. ھايات نەقەدەر گۈزەل-ھە! 1978-يىلىنىڭ ئاخىرى يۈسۈپ ماماينى قىرغىز خەلق ئەدەبىياتى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بېيجىڭغا ئېلىپ باردى. يۈسۈپ ماماي قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ئىدى. يۈسۈپ ماماينى بېيجىڭغا چاقىرتىشتىكى مەقسەت: ئۇنى بىۋاسىتە «ماناس» خىزمىتىگە ئارىلاشتۇرۇپ، «ماناس» ئېپوسىنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلغان ھالدا قىرغىز خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يۈسۈپ مامايدىكى تەبىئىي تالانتنى جارىي قىلدۇرۇش ئىدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى يۈسۈپ ماماينى قىزغىن قارشى ئېلىپ، كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋالدى. يۈسۈپ ماماي بۇرۇندىن ئۆزى بىلەن ئۇچراشقان، كۆپ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاياجانلانغان ھالدا: «قايتا كۆرۈشۈش بىزگە نېسىپ بولدى، ھەممىڭلار سالامەت بار ئىكەنسىلەر» دېدى.

يۈسۈپ ماماي بۇ سۆزنى بەكمۇ توغرا ئېيتقانىدى. ئاشۇ مالىمانچىلىقتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياشاشقا تېگىشلىك يېشىغا يەتمەستىن، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولسا نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش بولار ئىدى! بۇلارنىڭ ھايات قالغانلىقى ئۆزلىرى



ئۈچۈن ۋە قىرغىز خەلقى ئۈچۈن ئەڭ زور بەخت بولدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 1960-يىللاردا قايىنام-تاشقىنلىق بىلەن يىغىپ توپلىغان «ماناس» ئېپوسىنىڭ يازما خاتىرىلىرى ۋە ماناسچىلارنىڭ ئارخىپى، قىرغىز خەلق ئەدەبىياتى، تارىخىي تىلغا ئائىت يازما ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ساقلىنىپ قالغانىدى. بۇنداق كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە كۆپچىلىك ناھايىتى خاپا بولدى. يۈسۈپ مامايىنىڭ ھايات قېلىشى تەڭرىنىڭ قىرغىزلارغا ئوڭ كۆزى بىلەن يەنە بىر باققىنىدەك ئىش بولدى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىن ئايرىم ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئۆيلەردە بۇلار زور غەيرەت بىلەن «ماناس» ئېپوسىنى قايتىدىن قولغائالدى. يۈسۈپ ماماي قىلچە ئىككىلەنمەستىن، «ماناس» ئېپوسىنى يېڭىباشتىن قايتا ئېيتىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلمىگەنلىكى، بېيجىڭنىڭ ھاۋا شەرت-شارائىتىغا كۆنەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن 1979-يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. 1980-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئېچىلىدۇ. يۈسۈپ ماماي يىغىنغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ. يىغىندا يۈسۈپ ماماي ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ. يۈسۈپ ماماي پارتىيە، ھۆكۈمەت، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدە ئۆزىگە ئورۇن بارلىقىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغانلىقىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى يولداش ۋاڭ يۈخۇ يۈسۈپ ماماينى ئۆز ئىشخانىسىغا باشلاپ، ئۇنىڭغا ئائىلىسى بىلەن

ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، بىرلەشمىنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىپ، خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنىشىشقا تەكلىپ بېرىدۇ. يۈسۈپ ماماي بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇ چاغدا جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىدە «ماناس» ئېپوسىنى تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بىر قىسىم يارامىلىق كەسىپ ئىگىلىرى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغانىدى. يۈسۈپ ماماي 80 - يىللارنىڭ تۆھپىكارلىرى قاتارىدا «ماناس» ئېپوسى ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم يېڭى سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا بىر تەرەپتىن، «ماناس» ئېپوسىنى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى باشلىۋەتتى.

## خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ئاتاقلىق ماناسچى بولۇش

كۆركەم بىنالار ياخشى لايىھىلىگۈچى ئىنژېنېرنىڭ ۋە ئۇستىلارنىڭ قولىدا قەد كۆتۈرگەندەك، «ماناس» ئېپوسىمۇ يۈسۈپ مامايىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مېڭە قاتلىمىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ساقلىنىپ، ئاخىرى ئۆز رىتىمى بىلەن قەغەز يۈزىگە چۈشتى. دۇنيا خەلقى ھەقىقىي گۆھەر ھېسابلىغان بۇ قىممەتلىك مىراسنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. يۈسۈپ مامايدا خاسىيەتلىك بىر كۈچ يەنى باشقا نورمال ئادەملەردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدىغان ئەستە قالدۇرۇش كۈچى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ 20 يىل بۇرۇن ئېيتقان «ماناس» ئېپوسىنى قايتا ئېيتقاندا، شۇنداق راۋان، شۇنداق تەسىرلىك ھەم شۇنداق تولۇق ئېيتتى. يۈسۈپ ماماي ئالدىنقى ئېيتىپ بولغان ئالتە ئەۋلاد بۆلەكنى قايتىدىن تولۇقلاپ ئېيتقاندىن باشقا،



كېيىنكى ئىككى ئەۋلاد «سومبىلەك» تىن 12 مىڭ مىسرا بىلەن «چىگىتەي» دىن 12 مىڭ 300 مىسرانى يېڭىدىن قوشۇپ ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ۋارىيانتى ھېسابلانغان «ماناس» ئېپوسىنى يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ. سەككىز ئەۋلاد «ماناس» ئېپوسىنىڭ شۇ چاغدىكى خاتىرىگە ئېلىنغىنى جەمئىي 220 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بولغان. بۇ دۇنيادا تېپىلغان «ماناس» ئېپوسىنىڭ ۋارىيانتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ مۇكەممەل بىردىنبىر ۋارىيانت ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ ماماي ئۆز ۋارىيانتىنى 1983 - يىلىغىچە تولۇق ئېيتىپ پۈتتۈرىدۇ، «ماناس» تەققىقات ئىشخانىسى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ مامايىنىڭ ئاغزىدىن خاتىرىگە يازسا، بىر تەرەپتىن رەتلەشكە كىرىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، تەرجىمە قىلىپ خىزمەتنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى كۈنسېرى ئاشۇردى. «ماناس» ئېپوسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى ئەقىل كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قىرغىز خەلقىنىڭ تارىخىي ئېپوسىنى باشقا مىللەت، باشقا مەملىكەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق «ماناس» ئېپوسى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى كېڭەيتىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. «ماناس» ئېپوسىنىڭ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنىشى بىلەن تەسىر دائىرىسى كۈنسايىن كېڭىيىشكە باشلىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن، ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن خەلق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئاتايىن يۈسۈپ مامايىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. يۈسۈپ ماماي ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا، بىلمەكچى بولغان مەسىلىلىرىگە ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى. «ماناس» ئېپوسىنى دۇنيا خەلقى بالدۇرراق بىلىشى،

بالدۇرراق تونۇشى كېرەك ئىدى. بۇنى پەقەت «ماناس» ئېپوسىنىڭ تەتقىقات تەرەققىياتى بەلگىلەيتتى. 1984 - يىلى يۈسۈپ مامايىنىڭ ۋارىيانتى بويىچە «ماناس» ئېپوسىنىڭ 1 - ئەۋلاد «ماناس» دىن بىر كىتاب، ئىككىنچى ئەۋلاد «سەمەتەي» دىن بىر كىتاب نەشىردىن چىقتى (قىرغىزچە نۇسخىسى). كەڭ خەلق ئاممىسى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك «ماناس» ئېپوسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇ چاغدا قايسىبىر قىرغىزنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز ۋە خەت تونۇيدىغان قىرغىزنى كۆرسىڭىز قولىدىن «ماناس» نى كۆرمەي قالمايتتىڭىز. ئۇزاق يول يۈرگەن يولۇچى سۇغا تەشنا بولغىنىدەك، ئۇزاق تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەن قىرغىز خەلقى «ماناس» ئېپوسىغا تەشنا ئىدى. يۈسۈپ مامايىنىڭ خەت ساندۇقى ھەر كۈنى كېلىۋاتقان سالام خەت، تەبرىك خەت ۋە ئۈمىد خەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، كىتابىنىڭ نەشىر قىلىنىشى يۈسۈپ مامايىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى، «ماناس» ئېپوسىغا ۋە «ماناس» ئېپوسىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. يۈسۈپنىڭ ئىدىيىسىدە تېخىمۇ يۈكسەك غايىلەرنىڭ بىخلىرى ئۈنۈپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل دۇنياسىدىكى خەلققە مەنسۇپ بايلىقلارنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، قىرغىز خەلق ئېپوسلار سىستېمىسىدىكى يەنە بىر چوڭ ئېپوسلار توپىدىن بىرىنچى ئەۋلاد «باغىش» بىلەن ئىككىنچى ئەۋلاد «تولتوي» نى تولۇق ئېيتىپ بەردى.

1986 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى يۈسۈپ مامايىنى ئەرەب دۆلەتلىرىنى ساياھەت قىلىغاچ ھاجى بولۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى، يۈسۈپ ماماي بۇنداق ئامەتنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولۇپ قالارىنى كۈتمىگەنىدى. ئۇنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىدا مەدرىستە



ئۆگەنگەنلىرى مانا ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. يۈسۈپ ئەرەب دۆلەتلىرىدىن قايتىپ كېلىپلا، ئۈرۈمچىدە ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك «ماناس» ئېپوسى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى، گەرچە بۇ يىغىننىڭ دائىرىسى كىچىك (شىنجاڭ بويىچە)، يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى بولمىغان بولسىمۇ، «ماناس» ئېپوسىنىڭ كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرى، تەشۋىق قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساس بولۇپ قالدى. «ماناس» ئېپوسىنى ئېيتقان ماناسچىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ، «ماناس» تەتقىقاتچىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا بىرگە بولۇشى ھەممىدىن ياخشى ئەھۋال ئىدى. يۈسۈپ ماماي 1988 - يىلى 6 - ئايدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چىڭغىز ئايماتوۋنىڭ ئۆز نامىدا چاقىرتىشى بىلەن ئۇن كۈنلۈك قىرغىزىستاندا زىيارەتتە بولدۇ. يۈسۈپ ماماي بۇ ئۇن كۈندە بۇرۇنقى ماناسچىلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى يوقلىدى. ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى. تالاس ئوبلاستىغا بېرىپ ماناسنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى. ئۇ يەردىكى «ماناس» ئېپوسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ۋە نۇرغۇن ئىلمىي سۆھبەتلىرىگە قاتناشتى. مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى. يۈسۈپ ماماي ئەھمىيەتلىك ئۇن كۈنلۈك زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. يۈسۈپ ماماي ۋەتەن ۋە خەلقىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى بىلەتتى. ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي دائىم دېگۈدەك قىرغىزچە، قازاقچە، ئۇيغۇرچە يېڭى چىققان ئەدەبىي كىتاب، ژۇرناللارنى، نەزەرىيىۋى كىتابلارنى قالدۇرماي ناھايىتى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىدۇ، كەسپداشلىرى بىنەن كىتاب، ژۇر-

نالاردىكى بەزى مەسىلىلەر، كۆز قاراشلار ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشىدۇ. گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتىرى بولۇشنى ناھايىتى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويىدۇ. ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرگە كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ دائىم: «مېنىڭ بىلگىنىمدىن بىلمىگىنىم ناھايىتى كۆپكەن. مەن ھەممىنى باشتىن ئۆگەنگۈم كېلىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئوقۇغۇچىلارغا: «ياشلار ئۆگىنىشكە خۇمار بولۇڭلار. سىلەر بەختىيار زاماندا ياشاۋاتىسىلەر. ئۆگىنىشتىن باشقا نېمە غەم سىلەردە؟ كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمنى پۇختا مېڭىش كېرەك» دەيدۇ. ئۇ قەدىمكى زاماندا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى، ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارقىلىشى، ھازىرقى ھالىتى قاتارلىقلارنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ: «يەنە، يەنە» دەپ تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. يۈسۈپ مامىنىڭ بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى قانداق بىلىۋالغانلىقى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر سىر.

1988-يىلى يۈسۈپ ماماي كىتاب ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ تىزىۋېتىپ، تويۇقسىز بىر نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك تېپىرلاپ ئۆزىگە-ئۆزى كايىپ كېتىدۇ. ئەسلىدە ئۇ 80-يىلى «ماناس» ئېپوسىنى قايتا باشتىن ئېيتقان چاغدا 5-ئەۋلاد «سەيتەك»نىڭ تەڭدىن كۆپرەكىنى ئېيتماي قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالىدۇ. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش ئىشخانىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن قازاق خەلق قەھرىمانلىق ئېپوسى **«يەتتە خان داستانى»**نى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇمۇ بىر كەڭ ھەجىملىك ئېپوس بولغانلىقتىن، 1-ئەۋلاد «تۆك تاپان»نى ئېيتىپ بولدى. ئاخىرىنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملاشتۇرماقتا. 1990-يىلى مەملىكەت بويىچە



«ماناس» ئېپوسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئېچىلىدۇ. يىغىنغا ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشتى. 30 پارچە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالە يىغىندا تاللاپ ئوقۇلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىلمىي ماقالە يىغىندا تاللاپ ئوقۇلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئىلمىي تەتقىقاتچىلار بۇ يىغىنغا باشتىن-ئاخىر ئاكتىپ قاتناشتى. ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئۆز قولى بىلەن يۈسۈپ مامايغا «ئالىي تەتقىقاتچى» ئىلمىي ئۇنۋانىنى بەردى. كۆپچىلىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇزاققىچە قاتتىق چاۋاك چېلىپ، يۈسۈپ ماماينى قىزغىن تەبرىكلىدى. بۇ شان-شەرەپ يۈسۈپ مامايغا مەنسۇپ ئىدى! ئۇ، مۇشۇ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانغا لايىق ئۇلۇغ ئادەم ئىدى!

يۈسۈپ ماماي يىغىنغا قۇرۇق كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىزدىنىپ، باش قاتۇرۇپ ئىلمىي پاكىتلار بىلەن شەرھلەپ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى كىشىلەر بىلىشكە قىزىقىپ كېلىۋاتقان سىرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان «مەن ماناسنى قانداق ئېيتىپ قالدىم؟» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى يىغىنغا سۇندى ۋە ئۆزى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇپ بەردى. يۈسۈپ ماماي ئۆز ماقالىسىدە ئاكىسى بالبايىنىڭ «ماناس» ئېپوسىنى توپلاش، ئۇنى ساقلاشتىكى جاپالىق ئەمگىكىنى نەق پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە ئۆزىنىڭ ئاكىسى قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسلارنى قانداق ساقلاپ، قانداق ئۆگەنگەنلىكى ھەمدە ئۇنىڭغا قانچىلىك ئەجىر قوشقانلىقىنى ئىلمىي ھالدا بايان قىلدى، ھەر مىللەتتىن بولغان خەلق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىدى. يۈسۈپنى كۆرگەنلەردىن، كۆرمەي ئىسمىنى يادقا بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ

ئىدى. ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭغا ئۆز ئېتىقادىنى بىلدۈرگىسى، ياخشى تىلەكلىرىنى دەۋالغۇسى، ئۇنىڭ دىدارىنى بىر كۆرۈۋالغۇسى كېلەتتى. بېشىدىن ئاپئاق قالپىقىنى چۈشۈرمەي كىيىپ يۈرىدىغان، تەكشى يېيىلغان ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان، ئادەتتىنكىچە كىيىنگەن، ناھايىتى خۇش پېئىل يۈسۈپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىگە بولغان چەكسىز ھۆرمەت، قېرىنداشلىق مېھرى - مۇھەببەت، تولۇق ئىشەنچىنى كۆردى. ئۇ ئۆمەرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلق ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلىشنى، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئۈرنەك قالدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەندى. 1991 - يىلىنىڭ يىل بېشىدىن باشلاپ يۈسۈپ ماماي قولىدىكى قەلەمنى ئىشقا سالدى. ئۇ 18 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن قىرغىزلارنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قۇربان بولغان باتۇر ئاجىبەكنىڭ قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى بايان قىلىنغان «ئاجىبەك باتۇر» دېگەن داستانىنى يېزىپ چىقتى. سارى باغىش قەبىلىسى بىلەن بۇغا قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە زىددىيەت ئېچىپ بېرىلگەن «تىلەكماتنىڭ بايانى» ناملىق شەجەرىنى باشقىلارنىڭ خاتىرىلىشىگە ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ ھەجىملىك «قىز سايقال» (ماناس بىلەن بىر دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن ئايال باتۇر) داستانىنى ئېيتىپ بەردي، بۇ داستان جەمئىي ئون مىڭ مىسرادىن ئارتۇق، بۇ، ئۈچ ئەسەر نەشر قىلىنسا، قېلىن ئۈچ كىتاب بولىدۇ.

«ماناس» ئېپوسى بىلەن يۈسۈپ ماماي 30 يىل قەھرىتان قىشنى، تومۇز ئىسسىقلارنى باشتىن بىللە كەچۈردى. ئىككىسى مەڭگۈگە تەقدىرداش ئىدى. 1991 - يىل ئەتىياز پەسلىدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقى بىلەن مەملىكەتنىڭ جاي - جايلىرىدىن سىياسىي كېڭەش ۋەكىللىرى ۋە خەلق



قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بېيجىڭغا قاراپ يول ئالدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتى «ماناس» تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى يولداشلار جىددىي، پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ «30 يىللىق ماناس ئېپوسى خىزمەت نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى» نى بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭدى. «ماناس» ئېپوسىنىڭ خەنزۇچە، قىرغىزچە بىرىنچى ئەۋلاد «ماناس» بۆلىكىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى چاقىردى. بۇنىڭدىن مەقسەت: قۇرۇلتايغا قاتناشقان نەچچە مىڭلىغان ھەر مىللەت ۋەكىللىرىگە «ماناس» ئېپوسىنى تونۇتۇش، ئېپوسىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىش، 30 يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن ئاز بولمىغان خىزمەت نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ قىرغىز مىللىتىنى چۈشىنىشىنى، «ماناس» ئېپوسىنى چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، قىرغىز مىللىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ «ماناس» ئېپوسىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى، كۆڭۈل بۆلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى. لېنتا كېسىش مۇراسىمىغا ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەمەت، ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. ھەر مىللەت قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بەس - بەس بىلەن كۆرگەزمىگە كېلىپ، 30 يىللىق «ماناس» ئېپوسى خىزمەت نەتىجىلىرىنى زوق - شوق بىلەن كۆردى. كىشىلەر جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ گۆھەرنىڭ بىرى قىرغىز مىللىتىنىڭ ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە قىرغىز مىللىتى ئۈستىدە يېڭى بىر چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. يۈسۈپ مامايىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، تېخى

شۇنداق ساغلام تۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىرىدە بۇ مۇيسىپىتقا
چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن سالام بېرىشتى. ئۇنىڭغا
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەشتى. يۈسۈپ ماماي دەم ئېلىشنى ئۇنتۇپ،
ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلەرنى قىزغىن قارشى ئالدى.
ئۇلارغا «ماناس» ئېپوسىنى، قىرغىز مىللىتىنى تونۇشتۇردى.
ئارىلىق شۇنچە يىراق بولسىمۇ، كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ
خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى فۇيۈ ناھىيىسىگە باردى. ئۇ يەردە
ئۇزۇندىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان 60 ئۆيلۈك قىرغىز
ياشاۋاتاتتى. يۈسۈپ ماماي ۋە شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائى-
مىي كومىتېتىنىڭ جۇرنى شارشىبېك سىدىق پۈتۈن شىنجاڭ
قىرغىزلىرىغا ۋەكالىتەن ئۇلارنى يوقلاش، ئۇلار بىلەن تونۇ-
شۇش ئۈچۈن باردۇ. فۇيۈ ناھىيىسىدىكى قىرغىزلار بۇ ئەزىز
مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدۇ. ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى.
يۈسۈپ ماماي ئۇلاردا ماناسچى ۋە «ماناس» ئېپوسىنىڭ ۋا-
رىيانتى بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاپ سورىدى. ئۇلار بىلەن تەپ-
سىلىي ئەھۋاللىشىپ شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى زىيارەت قىلغاچ
نەچچە كۈنلۈك سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كەلدى. شىن-
جاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتى پۈتۈن شىنجاڭ خەل-
قىگە ۋەكالىتەن ماناسچى يۈسۈپ ماماي ۋە ماناسچى ساتىبال-
دىنىڭ بۇ قىممەتلىك سەپىرىدىن ھال سوراش يۈزىسىدىن ئاد-
دىي زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋالدۇ. يولداش-
لار ئارا قىزغىن سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدۇ.

1992 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى «ماناس» ئېپوسى-
ئۈچۈن، قىرغىز خەلقى ئۈچۈن چوڭ تويى بولدى. بۇ توي
يۈسۈپ مامايىنىڭ ئانا يۇرتى ئاقچى ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن
پۈتۈن شىنجاڭدىكى ماناسچىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك «ماناس
ئېيتىش چوڭ يىغىنى» ئىدى. ئالقاندەك ئاقچى ناھىيىسىگە



20 مىڭدەك تاماشىبىن يىغىلغان بولۇپ، ھەممىلا ئادەم تويى
بولغان قىز - يىگىتتەك يېڭى ھەم چىرايلىق مىللىي پاسوندىكى
كىيىملەرنى كىيىشكەنىدى. ئاقچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغا-
نىدى. يىغىننىڭ خاراكتېرىنى چۈشەنسۇن - چۈشەنمىسۇن ھەم-
مىلا ئادەم «ماناس» نىڭ تويى بولۇۋاتسا، باشقا ئىشلارنى
ئويلىغۇسى كەلمەيدىكەن دېيىشەتتى. يۈسۈپ ماماي ئۇلارنىڭ
ئېغىزلىرىدىن زادىلا چۈشمەيتتى. «يۈسۈپ ماماي قانداق
ئادەمدۇ، بىر كۆرۈپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق» دەپ يۈرگەنلەر
بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى ھەرگىز قولدىن بەرمەي پىيادە بول-
سىمۇ ئۈلگۈرۈپ كەلگەنىدى. يىغىن قىرغىز خەلقىگە زور بەخت
ئاتا قىلدى. بۇنداق كەڭ كۆلەملىك، تەشكىللىك ۋە ئۆزگىچ-
چىلىككە ئىگە «ماناس» ئېيتىش يىغىنى جۇڭگو قىرغىزلىرى
تارىخىدا تېخى تۇنجى نۆۋەتلىك بولۇۋاتقان چوڭ ئىش ئىدى.
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى 60 قا
يېقىن ماناسچى بەلگىلەپ بېرىلگەن ۋاقىتنى ناھايىتى چىڭ
تۇتۇپ فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھېسسىياتى بىلەن
«ماناس» ئېيتتى. قايسى مىللەتتىن بولسۇن، قايسى جىنستىن
بولسۇن نەق مەيداندا ئولتۇرغان ئاڭلىغۇچىلار قاتتىق ھايا-
جانلاندى، تەسىرلەندى، تەبىئىي ھالدا ماناسچىلارغا مەدەت
بەرگۈسى، ئۇلارغا جور بولغۇسى كەلدى. شۇ چاغدا ھەممە
ئادەمنىڭ ئاغزىدىن: «ماناس» تا ھەقىقىي سېھرىي كۈچ بار
ئىكەن! دېگەن سۆزنى ئاڭلايتتىڭىز. يۈسۈپ ماماي مىڭلىغان
قوللارنىڭ ياڭراق چاۋاك ساداسى ئىچىدە ماناسچىلارغا «ماناس»
نى باشلاپ بەردى. ئۇ ئەينى چاغدا ئۆز ۋارىيانتىنى تولۇقلاپ
ئېيتىپ بەرگىنىدە مۇقەددىمە قىسمىنى ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن
باشلاپ ئۆز ۋارىيانتىنىڭ يۈز ئاچقۇچىسىنى تۇرغۇزغانىدى.
يۈسۈپ ماماي «ماناس» ئېپوسىنىڭ سەككىز ئەۋلاد قىسمىنى

تولۇق ئېيتىپ بولۇپ، ئېپوسقا ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق
خاتىمە بېرىپ ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ۋارىيانتىدىكى ئەڭ
روشەن ئۆزگىچىلىكلەردىن بىرى، مۇقەددىمە قىسمى ۋە خاتىمە
قىسمىنىڭ «ماناس» ئېپوسىغا خوپ ياراشقانلىقىدا. يۈسۈپ
مامايىنىڭ ماناسچىلىق ھۈنىرىدىكى كۈچ - قۇدرىتى مۇقەددىمە-
دىن باشلىنىپ خاتىمە بىلەن ئاخىرلاشقىچە ئىزچىل نامايان
بولۇپ تۇرىدۇ. يۈسۈپ ماماي ئەنە شۇ مۇقەددىمىسىنى سەھنىدە
تەمكىن ئولتۇرۇپ راۋان ئېيتىشقا باشلىدى. گەرچە سالامەت-
لىكى ئانچە ياخشى بولماي يىغىنغا باشتىن - ئاخىر قاتنىشال-
مىغان بولسىمۇ، ۋەكىللەرنىڭ، ماناسچىلارنىڭ، مېھمانلار قىر-
غىز خەلقىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلاش، ئۇلارنىڭ
ئوتتەك ئىسسىق كۆڭلىنى سوۋۇتماسلىق ئۈچۈن، يۈسۈپ ما-
ماي بار كۈچىنى يىغىپ «ماناس» ئېپوسىنىڭ يۈزىنى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك ئېچىپ، ماناسچىلارنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ تارىخىنى
جانلىق ئېيتىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈردى. يەتتە ياشلىق
ئاقلاي يۈسۈپ مامايىنىڭ نەۋرە قىزى بولۇپ، ئۇمۇ ماناسچى-
لار ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ تەمتىرىمەستىن مىكروفوننىڭ ئال-
دىغا كېلىپ بوۋىسى يۈسۈپ ماماي باشلاپ بەرگەن «ماناس»
ئېپوسىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېيتتى. بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش
كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
جاراڭلىق ئاۋازدا «ماناس، ماناس، ماناس» دەپ توۋلىغان
شوئارلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە دولقۇن ھاسىل قىلدى. بەش
كۈن داۋام قىلغان «ماناس» ئېيتىش يىغىنى ماناسچىلارنىڭ
ماناسچىلىق ھاياتىدا بولسۇن، قىرغىزلارنىڭ يېڭى مەدەنى-
يەت تۇرمۇشىدا بولسۇن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قىر-
غىز مىللىتىنى تونۇشىدا، چۈشىنىشىدە بولسۇن، «ماناس»
ئېپوسىنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىدا بولسۇن تىل بىلەن ئىپادىلەش



قىيىن بولغان زور ئەھمىيەتكە ئىگە چوڭ ئىش بولدى. «ما-
ناس» ئېپوسى قىرغىز خەلقى بىلەن بىللە ئەۋلادتىن - ئەۋ-
لادقىچە ياشاپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەبەدىي ياشايدۇ.

ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئىگىسى ئەلۋەتتە ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك
ئىنساندۇر. يۈسۈپ ماماي ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا
تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق شەخسلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا
مۇناسىپ. ئۇ تارىخىي ئېپوس «ماناس» نىڭ ئىككىلەمچى
ياراتقۇچىسى سۈپىتىدە قىرغىز خەلقىنىڭ ئاتا مىراسىنى ئۆز
خەلقىگە يەتكۈزدى. ئۇ قىرغىز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا
شانلىق تۆھپە قوشتى. يۈسۈپ ماماي ئۆزىدىكى ئالاھىدە
ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، تەۋرەنمەس تىرىشچانلىقى، يۈكسەك
بەدىئىي تالانتى بىلەن تارىخىي ئېپوس «ماناس»نى دۇنيا-
دىكى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئېپوسلىرى قاتارىغا قوشتى. ئۇ ھەقى-
قەتەن ئاتاقلىق ماناسچى ئىدى. گۆھەر ھېسابلانغان «ماناس»
ئېپوسىغا ئوخشاشلا يۈسۈپ مامايمۇ گۆھەردۇر.

يۈسۈپ مامايىنىڭ تالانتى ۋە نەتىجىلىرى دۆلەت ئىچىدە
ۋە سىرتىدا روشەن تونۇلغان. 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو خەلق
ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يولداش جۇڭ جىڭۋېن
ئەپەندى يۈسۈپ مامايىنىڭ يىغىنغا قاتناشقىلى كەلگەنلىكىدىن
ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كەڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەت
ۋەكىللىرىگە مۇنداق دېدۇ: «بىز مەملىكىتىمىزدە مۇشۇنداق
بىر ئۇلۇغ ماناسچىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىمىز». گېر-
مانىيىلىك ئالىم لەشر يۈسۈپ مامايىنى زىيارەت قىلغاندىن
كېيىن ھەم خۇش بولدۇ، ھەم ھەيران قالدۇ. ئۇ ئامېرىكىدا
ئېچىلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان چاغدا، يۈسۈپ
مامايىنىڭ نەتىجىلىرىدىن دوكلات بېرىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر-

دىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. يىـ
غىنغا قاتناشقانلار يۈسۈپ مامايغا «ھايات گۆھىرى»، «كەمدىن
كەم تېپىلىدىغان خەلق سەنئەتكارى» دەپ باھا بېرىشىدۇ.

سوۋېت قىرغىزىستان قىرغىزلىرى يۈسۈپ مامايغا چوڭـ
قۇر ئېتىقاد قىلىدۇ. چىن قەلبلىرىدىن ماختايدۇ. سوۋېت
قىرغىز يازغۇچىسى ئايتماتوۋ يۈسۈپ مامايغا يۇقىرى باھا
بەردى ھەمدە چوڭقۇر ھۆرمىتىنىڭ بەلگىسى ئۈچۈن ئۆز قولى
بىلەن يۈسۈپ مامايغا كىمخاب تون ياپتى.

يۈسۈپ ماماي ساقلاپ كەلگەن ۋە ئېيتىپ بەرگەن قەھـ
رىمانلىق ئېپوسى «ماناس» قىرغىز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى
مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئۆلمەس ھەسسە
قوشتى. خەلق يۈسۈپ مامايىنى «ماناس» ئېپوسى بىلەن بىللە
مەڭگۈگە ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

# ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرى

## ئىمىنجان ئەخمىدى

ئەل ئەدەبىياتى ۋە ئەل سەنئىتى ئىنسانلارنىڭ ئىپتىـ
دائىي جەمئىيەت دەۋرىدىلا پەيدا بولغان ۋە مۇستەھكەم بىرـ
لىك ھاسىل قىلغانىدى. باشقا مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا،
ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى
جەريانىدا مول مەزمۇن، باي تەسەۋۋۇر ۋە خىلمۇ خىل ئىپاـ
دىلەش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولغان ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى
ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي
جەمئىيەت دەۋرىدىلا ئەمگەك رىتىمى، ئىپتىدائىي ئۇسسۇل، مۇـ
زىكىلار بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا بارلىققا كەلتۈرگەن قوشاقـ
لاردىن مىق، ئەپسانە، رىۋايەت، داستان، قىسسە، چۆچەك،
مەسەل، لەتىپە، چاقچاق، تېپىشماق ۋە ماقال ـ تەمسىل قاتارـ
لىق كۆپلىگەن ژانىرلارغا تەرەققىي قىلدى.

قوشاق ئېيتىش ــ غەزەلخانلىقنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئەڭ
دەسلەپكى غەزەلخانلىق بىر خىل كوللېكتىپ ھالدا ئىجرا
قىلىنىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيىتى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
مەشرەپ پائالىيىتى بۇ ئەنئەنىنى ئۆزىدە ھازىرغىچە ساقلاپ
كەلمەكتە. غەزەلخانلىق ئادىتى ئەڭ دەسلەپكى ئاساسىي مەزـ
مۇنى بولغان ئەمگەكتىن پەيدىن پەي تۇرمۇشنىڭ ھەممە
ساھەلىرىگە سىڭىپ كىردى ۋە
زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى.

**تارىخىي شەخسلەر**

مەدداھلىق — بايان تىلىنى قوللىنىدىغان ئاغزاكى تىل ئادەتلىرىدىكى ئەنئەنىۋى شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدىكى مىف، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك، مەسەل، لەتىپە، چاقچاق قاتارلىق ژانىرلارنى پەيدا قىلدى ۋە ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇردى.

ئۇيغۇر خەلقى قوشاقچىلىقنى ئاساس قىلغان غەزەلخانلىقنى داستان، قىسسە ۋە جەڭنامىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەدداھلىق - غەزەلخانلىقتىن ئىبارەت بىر خىل ئالاھىدە ئەل ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى تۈرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مەدداھ - غەزەلخانلىق پائالىيىتى ھەم ناخشا ئېيتىلىدىغان ھەم ھېكايە سۆزلىنىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ پائالىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەدداھ - غەزەلخانلاردىن تىل، مۇزىكا سەنئىتى، ھەرىكەت — ئورۇنداش سەنئىتىگە ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەدداھ - غەزەلخانلار ئۆز نۆۋىتىدە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە، سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن ماھارەتلىك شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار خەلق قوشاقلىرى (ناخشا، بېيىتلىرى)، داستان، قىسسىلىرىنى ئەستايىدىل ئىگىلەپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، ئىجادىي راۋاجلاندۇرىدۇ، يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىدۇ، تىل سەنئىتى، مۇزىكا سەنئىتى ۋە ھەرىكەت - ئورۇنداش سەنئىتى ئارقىلىق ئۇنى باشقىلارغا ناھايىتى تەسىرلىك، ئوبرازلىق يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، مەدداھ - غەزەلخانلار ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز غەزەلخانلىرىنى، مەدداھلىرىنى، مەدداھ — غەزەلخانلىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ خىل خەلق سەنئەتكارلىرى مەخسۇس شاگىرت قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەيدۇ. ئارقىسىغا سېلىپ پائالىيەت سورۇنلىرى، توي - تۆكۈن،



مەشرەپلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شاگىرتلار ئۇستازىنىڭ ئىزىنى باسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتى بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۆتكەن غەزەلخانلىرى، مەدداھلىرى، مەدداھ - غەزەلخانلىرى بىزگە ئانچە مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان، ئىجاد قىلىنغان، ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇلغان ئەل ئەدەبىيات مىراسلىرى ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈش، خاتىرىلىنىش، يازغۇچىلار تەرىپىدىن ئىجادىي ئىشلىنىش ياكى قايتا ئىجاد قىلىنىشتەك ئۇسۇل، جەريانلار ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. خەلق غەزەلخانلىرى (قوشاقچىلىرى) دىن بىزگە مەلۇملىرى يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۆتكەن سادىر پالۋان، نۇزۇگۇم، موللا بىلال، سېيىت نوچى، ئېلاخۇن كۆككۆز، ئايۇپ سامساق، مۇھەممەت ناپىر، ئىسمايىل كاككۇك، شامەمەت پاسار، ئىسمايىل تاپقۇر، خەيرىنىسا توختى، موللا تۇردى، شاد ئېلى، تۇرغۇن موللا ئوسمان، نىساخان ئاچا، ھېيىت نەغمىچى، مۇھەممەت ھەسەن، مەتروزى توختى، ئىمىر ھېزىم، ئىسمايىل سەيپۇللا، شازادىخان، ئابدۇرېشىت موللا، مىرسالى سېيىت، مۇھەممەت ھەسەن، سىدىق راشىت، سايىت تىلىپ، مۇھەممەت يۈسۈپ، ھېيىت قوشاق، غوجىدۇل خوجا، ئالماس ئابدۇللايوپ، تۇردىخان ئىسلام، روزىكام، تۇردى ئىسمايىل، تۇرغۇن مۆمىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مەدداھلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان لەتىپە ئېيتىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى نەسىردىن ئەپەندى نامى بىلەن

باغلىق ھالدا ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئىپتىلىپ كەلگەنىدى. XIX ئەسىردىن باشلاپ بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان، موللا زەيدىن، موللا مەتيار خەلپىتىم، شىرىن دورغا، موللا غازى قاتارلىق لەتىپىچىلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان ھالدا تېخىمۇ بېيىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر لەتىپىچىلىرىدىن ياقۇپبەگ پوچى، روزى قارىم، سەلەي توختى، موللىباقى، ئىشقىيار، ئىسكەندەر ھەققۇلى، ئەمەت ئۆمەر، ئىبراھىم سايىت، چىمىت ئاكا، بارات زەپە، باۋۇدۇن يۇسۇپ، قاسىم قىزىق، ئۇستا رازى، كېرەم ئەلى، تاتلىق كاسا، نىزا قوشاق، نىياز باقى، بەرزۇ، تۇرسۇن قارى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

چاقچاق ۋە لاپلار — ئۇيغۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان، لەتىپە بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئەل ئەدەبىيات ژانىرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا قىزىقچىلىق بىلەن كۈلكە پەيدا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. چاقچاقچى، لاپچىلارمۇ لەتىپىچىلەرگە ئوخشاش ئەل ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى — سۆز ئۇستىلىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇرۇن ئاتلىق چاقچاقچىلاردىن نىياز دۇتارچى، ئەمىردىن ھاپىز، نادىر بەگ موزدوز، ئاق تېۋىپ، مەكسۇر ئاقساقال، جامى يولداشوۋ، زوردۇن شۋە، باۋخان كور قاتارلىقلار ئۆتكەنىدى. كېيىن ئۇلارنىڭ ئىزىنى غوپۇر (دىڭغۇلۇ)، ئىبراھىم سايىت، ئىشقىيار، ھېسام قۇربان قاتارلىقلار باستى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى لاپلار ئازنىباقى، ياقۇپبەگ پوچى، ئوسمان بۆرى، ساۋۇت لاپچى بىلەن ئاۋۇت لاپچى نامىدا تارالغان.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەل ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى 1990-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەسەرلىرى ۋە نامى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلۈپ تونۇلغانلار بولۇپ، ئەمەل-



يەتتە، ئۇلار ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۆتكەن (ئۆتۈۋاتقان) ئەل ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ تولۇق بولمىغان بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشلىنىۋاتقان ئەل ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش خىزمىتى داۋامىدا ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەر زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مەيدانغا چىقاردى.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تۆۋەندە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

سادىر پالۋان: تەخمىنەن 1798-يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ناھىيىسى موللاتوختى يۈزى يېزىسىدا خۇشئەھمەد ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1871-يىلى 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. سادىر 15 يېشىدىن باشلاپلا زۇلۇمغا قارشى باتۇر سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان، 18 يېشىدا سەرگەردان، قاچقۇن دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە قوشۇن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى پاراكەندە قىلىپ ئالاھىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى زۇلۇمغا قارشى كۈرەش ئىچىدە، تۈرمە ۋە سۈرگۈن ئىچىدە ئۆتكەن، نۇرغۇن قېتىم تۈرمە ۋە سۈرگۈندىن قېچىپ، كۈرەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. سادىر تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن 1864-يىلى ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ۋە خەلق قەھرىمانىدۇر. ئۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىدا باتۇرلۇق ۋە مەردلىكى بىلەن «سادىر پالۋان» («پالۋان» — ئۇيغۇرلاردىكى «پالگان» يەنى «مەرگەن» دېگەن ئىسىمدىن كەلگەن) دېگەن شۆھرەتلىك نامغا ئىگە بولغان. سادىر پالۋاننىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا ئۆز

ئىپادىسىنى تاپقان. «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» دەپ ئاتالغان
بۇ قوشاقلاردا سادىرنىڭ زالىملارغا بولغان ئۆچمەنلىكى،
قەھرىمانلىقى، باتۇرلۇقى، زېرەكلىكى، خەلققە، ئۆز يۇرتىغا
بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئەتكەن شۇنداقلا، بۇ
قوشاقلاردا چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئەمەلدارلىرى كۈچلۈك
ھەجۋىي ئاستىغا ئېلىنغان. «سادىر پالۋان قوشاقلىرى» دەپ
ئاتىلىپ ھازىرغىچە خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ كېلىنۋاتقان (بۇ
قوشاقلارنىڭ خېلى بىر قىسمى خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ
كەتكەن) بۇ قوشاقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى سادىر ئۆزى توقۇغان
بولسىمۇ، بىر قىسمى خەلق تەرىپىدىن سادىرنىڭ نامىدا توقۇلغان. بۇنىڭدىن خەلقنىڭ سادىر پالۋانغا بولغان مۇھەببىتى
ۋە ھۆرمىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

نوزۇگۇم: خەلق قەھرىمانى ۋە قوشاقچىسى. تەخمىنەن
1810 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، زېرەك ۋە ئىرادىلىك قىز بولۇپ ئۆسكەن،
ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك
بولۇپ يېتىشكەن. ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال نازىمى (1825 —
1900 - يىللار) ئۆزىنىڭ «نوزۇگۇم» ناملىق قىسسىسىدە: «...
بۇ نوزۇگۇم ئۆزى موللا ئايال ئىدى، ئۆزى ئىلباغدەك ئۆڭلۈك، قارا كۆز، قارا قاش، نازۇك بەدەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن
قەشقەر خەلقى ‹نوزۇگۇم› دەپ ئات قويغاندى» دەپ
يازغان. نوزۇگۇم 1826 - يىلىدىكى قەشقەر خەلقىنىڭ چىڭ
خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلىڭىغا
قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار ناخشا - قوشاقلىرى ئارقىلىق
قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. قوزغىلاڭ
باستۇرۇلغاندىن كېيىن نوزۇگۇم ئەسىر قىلىنىپ، ئۆزىگە ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان گۇناھسىز قېرىنداشلىرى قاتارى ئىلىغا



سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇ سۈرگۈن سەپىرى جەريانىدا ئۈچ ئايدىن
كۆپرەك پىيادە يول يۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ
قان تېمىپ تۇرغان قىلىچى ئاستىدا مىسلىسىز جەۋرى - جاپالارنى، ئادەم بالىسى كۆرمىگەن خورلۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن. يولتوزغا يەتكەندە ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە تۇتقۇن قىلىنغان ئاكىسى ئابدۇللانىڭ ياردىمى بىلەن غۇلجا تەرەپكە قاراپ
قاچقان. قومۇشلۇق ۋە ئورمانلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ 12
كۈندىن كېيىن يەنە چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىنىڭ قولىغا
چۈشكەن ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر ئەمەلدارىغا خوتۇنلۇققا
بېرىلگەن. ئۆزىنىڭ پاك ۋىجدانى، ئىنسانىي غۇرۇرى، ئىپپەت - نومۇسىنى ئەلا بىلگەن نوزۇگۇم توي كۈنى كېچىسى
ئۆزى يوشۇرۇن ساقلىغان خەنجەر بىلەن ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە قېچىپ كەتكەن. ئۇ شۇ قاچقانچە ئالتە ئاي جاڭگال
ۋە قومۇشلۇقلاردا مۆكۈپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزگەن. نوزۇگۇمنى
كېچە - كۈندۈز ئاختۇرۇپ يۈرگەن چېرىكلەر ئاخىرى ئۇنى
تۇتۇۋالغان ۋە پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ تۈرمىگە تاشلىغان.
بىرنەچچە ئايدىن كېيىن بېيجىڭدىن كەلگەن خان يارلىقى
بىلەن غۇلجىدا چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن. نوزۇگۇم ئۆزىنىڭ مۇشۇ
بىر قاتار كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىدە كۆپلىگەن قوشاقلارنى
توقۇپ، ئۆز ئىرادىسى، ئارزۇ - ئۈمىدى، قايغۇ - ئەلەملىرىنى
ئىپادىلىگەن، بۇ قوشاقلار «نوزۇگۇم قوشاقلىرى» نامى بىلەن
كەڭ تارقالغان ۋە ئۇ نوزۇگۇم ھەققىدىكى خەلق ھېكايىلىرى بىلەن بىرلىك ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال نازىمى خەلق ئىچىگە تارقالغان نوزۇگۇم ھەققىدىكى خەلق ھېكايىلىرى ۋە نوزۇگۇم
قوشاقلىرىنى توپلاپ - رەتلەش ۋە ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن
ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «نوزۇگۇم» قىسسىسىنى يېزىپ،

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ساپ ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق قەھرىمان قىزى، غەزەلخانى نۇزۇگۇمنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلمەس ئوبرازىنى تىكلەپ چىقتى. نۇزۇگۇم قوشاقلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» نامىدا توملامدا بېرىلدى.

موللا زەيدىن: 1815 - يىلى پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق لۈكچۈندىكى باغدا يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەھەللىدىكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپتە ۋە مەدرىستە ئوقۇپ، «موللا زەيدىن» دەپ ئاتالغان، ئۇ ئېيىتقان قوشاق، بېيىت - نەزمىلەر، ھەجۋىي - كۈلكىلىك پاراڭلار مەھەللىدىن - مەھەللىگە، يۇرتتىن - يۇرتقا تاراپ ئۇنىڭ نامىنى مەشھۇر قىلغان. موللا زەيدىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت، تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز لەتىپىلىرىگە سىڭدۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ لەتىپىلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىككە، چوڭ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن تارتىپ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرگىچە ئۆز ئىچىگە ئېلىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى، تۇرپان ۋاڭى بۇ مەشھۇر خەلق قىزىقچىسىنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىغان، بېيجىڭغا بارغاندىمۇ، كېيىن قەشقەردە ۋاڭ بولغاندىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن. موللا زەيدىن 1860 - يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋە 1880 - يىللىرى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىل 1 - سانىدا ۋە «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ناملىق توپلامنىڭ (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985) 1 - كىتابىدا بېرىلدى.

تۆۋەندە موللا زەيدىن لەتىپىلىرىدىن بىرىنى كەلتۈرىمىز:

«يېزا ئىمامى جامائەتكە قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىشنىڭ ساۋابلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈۋېتىپ:



— قۇربانلىق قىلغانلار تاڭلا قىيامەتتە قۇربانلىق قىلغان قويغا مىنىپ پىلسىرات كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بېھىشكە كىرىدۇ، — دەپتۇ. بىرمۇنچە كەمبەغەللەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قايغۇرۇپ:

— بىزگە ئوخشاش قۇربانلىق قىلالماي پوشكال سېلىپ ھېيت قىلىدىغان كەمبەغەللەر قانداق قىلارمىز؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئىمام بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي دۇدۇقلاپ تامىقىنى قىرىپ تۇرغاندا موللا زەيدىن:

— غەم قىلماڭلار، بىزگە ئوخشاش قۇربانلىق قىلالماي پوشكال سېلىپ ھېيت قىلىدىغانلار جۇۋازچىغا ھاپاش بولۇپ ئۆتۈپ كېتىمىز» — دەپتۇ.

سەلەي چاققان: ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت سالىھ ئوغلى بولۇپ، ئادەتتە مەت سەلەي دەپمۇ ئاتالغان. 1816 - يىلى قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى سەلەينىڭ چېچەن، ئەقىل - ئىدراكلىق بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇ تۇرمۇش ئېھتىياجى يۈزىسىدىن خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەدداھ - غەزەلخانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئۇ داڭلىق غەزەلخانلار، چاقچاقچى - قىزىقچىلار، مەدداھلار بىلەن تونۇشۇپ ئۇلاردىن ئۆگەنگەن ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ نامى قەشقەر ۋە باشقا ۋىلايەتلەرگە تارالغان. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئاساسەن خان، بەگ، باي، ئەمەلدارلارنى مەسخىرە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىر جاۋابلىقى، تاپقۇرلۇقى، سۆزگە چېچەنلىكى، يۇمۇرلۇقلۇقى بىلەن تونۇلغان.

مەسىلەن: سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) بىر چوڭ ئولتۇرۇشتا:

— سەلەي ئاخۇن، كۆردۈڭمۇ؟ مېنىڭ زامانىمدا قوينىڭ دۈمبىسىگە تورغايلار ئۇۋۇلايدىغان بولدى، — دېگەن ئىكەن. سەلەي چاققان دەرھال:

— راست ئېيتتىلا تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدە تورغايلار ئۇۋۇلاشقا قوينىڭ دۈمبىسىلا قالدى، — دەپتۇ.

سەلەي كېيىنكى ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى قەشقەر كونىشەھەردە، ئاتا كەسپى ناۋايلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، 54 – 55 ياشلىرىدا، يەنى 1871-، 1872-يىللىرى ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ئەڭ دەسلەپ 1957 - يىلى «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ «مەشرەپ» سەھىپىسىدە بېرىلدى. 1982 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى ئايرىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدى.

موللا مەتيار خەلپىتىم: ئۇيغۇر خەلق لەتىپىچىسى. تەخمىنەن XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاخىرقى ئۆمرى ئىلىدا ئۆتكەن. موللا مەتيار خەلپىتىم خۇددي نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىنلەرگە ئوخشاشلا ئۆز زامانىسىدا خەلق ئىچىدە تونۇلغان بولۇپ، بىر قىسىم لەتىپە، چاقچاقلىرى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

شىرىن دورغا: XIX ئەسىردە كىرىيە ناھىيىسىنىڭ ئويتوغراق كەنتىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر لەتىپىچىسى. ئۇ ناھايىتى خۇشچاقچاق، سۆزمەن كىشى بولۇپ، زوراۋانلىققا ۋە مۇتەئەسسىپلىككە قارشى ئېيتقان قىزىق چاقچاق، لەتىپىلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

ياقۇپبەگ پوچى: ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۆتكەن داڭلىق لاپچىلاردىن بىرى. تەرجىمىھالىغا دائىر ئېنىق مەلۇماتلار يوق



بولۇپ، پەقەت XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى غۇلجىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىلا مەلۇم. ئۇنىڭ لاپلىرى ئەينى مەزگىلدە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، كېيىنكى يىللاردا ئۇنتۇلۇپ، ياكى باشقىلارنىڭ نامىغا تەئەللۇق بولۇپ كەتكەن. ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم لاپلىرى 1969 - يىلى ئالمۇتىدا رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ھەجۋىيلىرى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن.

روزى قارىم: 1861 - يىلى توخسۇن ناھىيىسىنىڭ توتەي رايونى بۇلاق بېشى مەھەللىسىدە سەپەر ئىسىملىك بىر بۆزچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئەقىل - پاراستى، سۆزگە چېچەنلىكى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق ۋە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، توخسۇندا كەڭ تارقالغان. روزى قارىم 1966-يىلى ۋاپات بولغان.

سېيىت نوچى: خەلق غەزەلخانى، باتۇرى، شەپقەتچىسى. سېيىت نوچى 1875 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىدىكى كوزىچى يار بېشى مەھەللىسىدە نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى تولىمۇ قىيىنچىلىق، ئاچ - زارلىقتا ئۆتكەن. بۇ خىل تۇرمۇش ئۇنىڭدا ئەمەلدار-بايلارغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك، كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەكەندىن چىققان مەشھۇر گېلاۋخۇيچى (گېلاۋخۇي — قېرىنداشلار جەمئىيىتى) ھاشىمنى ئۆزىگە ئۇستاز ۋە دوست تۇتۇپ، تەڭسىزلىك، زۇلۇمغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان، كەمبەغەللەرگە باشپاناھ بولۇپ، باي - ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «سېيىت گاڭگۇڭ» نامى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا

تونۇلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارى ماپۇشىڭ (ماتىتەي) گېلاۋخۇيچىلارنى باستۇرۇپ، ھاشىم گېلاۋخۇينى زىنداندا ئۆلتۈرگەن، سېيىت نوچىنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، سېيىت نوچى قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر، غۇلجا قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ. ئاخىرى، ئۆزىگە ئوخشاش بىر قىسىم نامراتلار بىلەن بىللە، 1920 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. سېيىت نوچى 1924 - يىلى ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئۆز ئېلىگە قايتىدۇ. ئۇ ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق ۋەتەنداشلىرىغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا كۆرگەنلىرى ۋە لېنىن ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدۇ، 1925 - يىلىدىكى ئۇچتۇرپان خەلق قوزغىلىڭىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇچتۇرپان ئامبىلى ماشاۋۇنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك، قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىغا ئالدىنىپ، خەنزۇچە يېزىلغان بۇيرۇقنامىنى ئېلىپ قەشقەر دوتيىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بۇ بۇيرۇقنامە ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆلۈم خېتى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن سېيىت نوچى 1925 - يىلى 50 يېشىدا قەشقەردە ئۆلتۈرۈلىدۇ. خەلق نادانلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك، باتۇر پەرزەنتىنى ئۇنتۇمىدى، ئۇنىڭ قوشاقلىرى ۋە جەسۇر ئوبرازى خەلق قەلبىدە ساقلىنىپ كەلدى. خەلق مەدداھ - غەزەلخانلىرى «سېيىت نوچى» داستانىنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭ قوشاقلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىشىپ ۋە سۆزلىشىپ كەلدى.

مۇھەممەت ھەسەن: خەلق قوشاقچىسى. 1885 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ چوڭكۆل يېزىسىغا قاراشلىق قاقشالئېرىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى زۇلۇم ۋە زۇلمەت قاپلىغان دەۋردە ئۆتكەچكە،



قوشاقلىرىدا ئەل - يۇرتقا كۆيۈنۈپ، زالىملارغا نەپرەت بىلدۈرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ قوشاقلىرىدا يېڭى دەۋرنى، بەختلىك ھاياتنى كۈيلىدى. 1980 - يىلى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان بولسىمۇ، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن قاتنىشالمىدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي، 1981 - يىلى ۋاپات بولدى.

ئىسمايىل كاككۇك: خەلق غەزەلخانى. ئىسمايىل كاككۇك 1890 - يىلى ئىلىدا خاڭ ئىشچىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە ئاتىسىدىن يېتىم قېلىپ، 12 يېشىدا خاڭدا ئىشلەشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ھېكايە - چۆچەك، لەتىپىلەرنى سۆزلەشكە، خەلق قوشاق-ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا ماھىرلىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا «ئىسمائىل كاككۇك» دەپ نام ئالغان. ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسمايىل كاككۇك خاڭنى تاشلاپ، غۇلجا ناھىيىسى ئەتراپىدىكى يېزىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. ئۇ بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قوشاقلىرى ئارقىلىق ئادالەتسىز - تەڭسىز زامانىنى، باي - پومېشچىكلار، خاڭ بوتۇڭلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى پاش قىلغان ۋە مەسخىرە قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىسمايىل كاككۇك ئازاد زامانىنى، يېڭى ھاياتنى قىزغىن كۈيلىدى. ئۇنىڭ قوشاقلىرى 1950-، 1960 - يىللاردا نەشر قىلىنغان شېئىر - قوشاقلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئىسمايىل كاككۇك 1966 - يىلى ۋاپات بولدى.

سەلەي توختى: 1890 - يىلى يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ تىگىن دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى توختاخۇن تونۇلغان خەلق مەدداھ - غەزەلخانى بولۇپ، سەلەي توختى كىچىكىدىنلا دادىسىغا ئەگىشىپ مەدداھ-

غەزەلخانلىقتا يېتىلگەن، چاقچاق، لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىغا تارقالغان. سەلەي توختى 1981 - يىلى ۋاپات بولدى.

قاسىم قىزىق: 1890 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسى راھەتباغ يېزىسىنىڭ قارىتال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى قاسىم گاسىل بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «قاسىم سوق» دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن. قاسىم ياشلىق مەزگىللىرىدىلا غەزەلخانلىق، مەدداھلىققا قىزىققان، قۇمۇل مۇقامىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئېيتالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان، چاقچاق، لەتىپە ئېيتىش، قىزىقچىلىق بىلەن داڭق چىقىرىپ، ئالاھىدە تونۇلغان. قاسىم قىزىق 1918 - يىلدىن باشلاپ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلىگەن، كېيىن سودىگەرلەر بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان. 1930 - يىلدىن كېيىن ئۆز كەنتىگە قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، توي - تۆكۈن، مەشرەپ - كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى قىزىتىپ غەزەلخان - ھاپىزلىق قىلغان، لەتىپە، چاقچاق ئېيتقان. ئۇنىڭ لەتىپە، چاقچاقلىرى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا - قىشلاقلىرىغا كەڭ تارقالغان. 1953 - يىلى ئۆز كەنتىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇرغۇن موللا ئوسمان: 1890 - يىلى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ ئېتىم چاقىرى يېزىسىدا بىر نامرات دېھقان (يىللىقچى) ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بالا چاغلىرىدىن باشلاپلا پادىچى چاكارغا ئايلانغان. كېيىن پومېشچىكنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ ھەمىشە دېگۈدەك توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە دۇتار چېلىش ئارقىلىق ئۆزى توقۇغان قوشاقلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، خەلقنىڭ ھال - مۇڭىغا يەتكەنلىكى ئۈچۈن، خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىپ «تۇرغۇن موللا» دەپ ئاتالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ يېڭى جەمئىيەتنى، خەلق-



نىڭ يېڭى ھاياتىنى ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى قىزغىن كۈيلەپ نۇرغۇن قوشاق توقۇدى. ئۇنىڭ بۇ قوشاقلىرى ۋە قوشاق شەكلىدىكى «قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» ناملىق داستانى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. تۇرغۇن موللا ئوسمان 1964 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، پايتەخت سەھنىلىرىدە دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىپ، پايتەخت ئاممىسى ۋە گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. تۇرغۇن موللا ئوسمان 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۇ جۇڭگو ئەل ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

ئىشقىيار: خەلق لەتىپە - چاقچاقچىسى ئىشقىيار 1891 - يىلى پەيزىئاۋات ناھىيىسىنىڭ قىزىلبۇيى يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ، 1981 - يىلى 11 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئىشقىيار لەتىپە - چاقچاقلىرى قويۇق ھەجۋىي پۇراققا ئىگە بولۇپ، ئېلى رايونىدا كەڭ تارقالغان.

موللا تۇردى شاد ئېلى: 1892 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزا ئاقبۇيا كەنتىدە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تۇقسۇ، كۇچالاردا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. كېيىن قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئۆز شېئىر - قوشاقلىرى بىلەن جامائەت ئىچىدە تونۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ھەرخىل تېمىلاردا كۆپلىگەن شېئىر - قوشاقلارنى توقۇدى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. موللا تۇردى شاد ئېلى 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبى-

سىگە ئەزا بولدى. 1970 - يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

نىساخان ئاچا: 1903 - يىلى كۇچا ناھىيە بازىرىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى پاتىمىخان دۇتار، تەمبۇر ئۇستىسى بولۇپ، ئەل ئىچىدە تونۇلغان غەزەلخان، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئون ياشقا كىرگەندە دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان نىساخان ئانىسىغا ئەگىشىپ، ئىنىسى، سىڭلىسى بىلەن بىللە سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئانىسى بىلەن بىللە دۇتار، تەمبۇر چېلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۆز ناخشا-قوشاقلىرىدا ئىپادە قىلغان، خەلق داستانلىرىنى ئېيتقان. بولۇپمۇ ئۇ داپ، دۇتار چېلىپ تۇرۇپ كىچىككىنە جوزا ئۈستىدە ئوينىغان «جوزا ئۇسسۇلى» بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇنىڭ ئۆتمۈش ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئېيتقان «كارىز ناخشىسى»، «مەقسەتكە يەتكۈزگىن مېنى»، «يۈرىكىم چاك-چاك بولدى» قاتارلىق ناخشىلىرى خەلق ئىچىگە تارقالغان. بولۇپمۇ، 200 يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە بولغان «مەرەمخان» داستانى ئۇنىڭ دۇتارىدا تېخىمۇ كامالىغا يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن نىساخان ئاچا خەلق سەنئەتكارى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىپ، سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ، ئەل-نەغمىچىلىك، ياش خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەربىيىلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ «چىككىڭىزدە جۈيخۇا گۈل»، «ئويناڭ دەردى بار باللا»، «ئالتۇن بالىخان»، «ئازادلىق ئارمىيە شەنىگە» قاتارلىق قوشاقلىرى خەلق ئىچىگە ناخشا بولۇپ كەڭ تارقالدى. ئۇ كۆپ قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا، سەنئەت كۆرەكلىرىگە قاتنىشىپ نۇرغۇن قېتىم ماختاش ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. نىساخان ئاچا 1987 - يىلى ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۇ جۇڭگو



مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئەل ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى.

ھېيت نەغمىچى: خەلق غەزەلخانى ھېيت نەغمىچى 1906 - يىلى كورلا ناھىيىسىنىڭ شاھ قەلەندەر مەھەللىسى (ھازىرقى ئاۋات يېزا ئاۋات كەنت) دە غەزەلخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىن دادىسىغا ئەگىشىپ غەزەلخانلىق بىلەن شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دېموكراتىك ئىسلاھاتنى، ئازاد زاماننى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن قوشاق ئىجاد قىلغان. 1953 - يىلى ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر كۆرىكىگە قاتناشقان ۋە مۇكاپاتلانغان. 1959 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋە جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەزا بولغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم قوشاقلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدى ۋە كوللېكتىپ قوشاقلار توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بىرقانچە مۇقام، 35 خىلدىن ئارتۇق سەنەم ئاھاڭلىرى، 400 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشىقىنى تەقدىم قىلدى.

ئايۇپ سامساق: خەلق قوشاقچىسى ئايۇپ سامساق 1908-يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسى گەزلىك يېزىسى گەزلىك كەنتىدە كەمبەغەل كۆنچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ماھىر قوشاقچى بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ بىر تەرەپتىن ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كۆنچىلىك ۋە قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاتىسىغا ئەگىشىپ مەشرەپلەرگە بېرىپ قوشاقچىلىقنى ئۆگەنـ

گەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا-بارا بىر تالانتلىق ماھىر قوشاقچى سۈپىتىدە تونۇلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئايۇپ سامساق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چاقىرىقى، ئەمىر-پەرمانلىرىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئازاد زامانىنى، بەختلىك ھاياتنى، دېموكراتىك ئىسلاھاتلارنى ۋە خەلقنىڭ غەيرەت-شىجائىتىنى كۈيلەپ نۇرغۇن قوشاق توقۇغان. بۇ قوشاقلار خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1953-يىلى ئۇ شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ ئالاھىدە تونۇلغان. ئايۇپ سامساق 1956-يىلى 7-ئايدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى خۇددى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەزىيە نامىسىدە ئېيتىلغىنىدەك: «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات-سەنئەت سېپى ئۈچۈن بىر چوڭ يوقىتىش بولدى»، ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى كۆپ قېتىم كوللېكتىپ شېئىر، قوشاقلار توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1957-يىلى «قوشاقلار» نامىدا ئۇنىڭ بىرقەدەر تولۇق بولغان قوشاقلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

مۇھەممەت ناپىر: خەلق قوشاقچىسى مۇھەممەت ناپىر 1910-يىلى ئاتۇش ناھىيە ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ قايراق كەنتىدە ياللانما دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1928-يىلدىن باشلاپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن دادىسى بىلەن بىللە باي-پومېشچىكلارغا ياللىنىپ ئىشلەپ، مەدىكارچىلىق، تامچىلىق قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى ھاياتقا ئىگە بولغان مۇھەممەت ناپىر 1951-يىلى «غەللە-پاراق» ناملىق قوشىقى بىلەن خەلق قوشاقچىلىرى (غەزەلخانلىرى) سېپىگە كىرگەن ۋە ھەر خىل مەزمۇنلاردا نۇرغۇن قوشاق ئىجاد



قىلغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىنىپ تۇرغان. 1957-يىلى مۇھەممەت ناپىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنى قۇرۇش يىغىنىغا خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە قاتناشقان. 1958-يىلى «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا، 1960-يىلى مەملىكەتلىك 3-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى 1950-، 1960-يىللاردا نەشر قىلىنغان كوللېكتىپ قوشاقلار توپلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان. 1959-يىلى شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى «ئۆملۈك ۋە يەككىلىك توغرىسىدا» ناملىق توپلام قىلىپ (ئىسمايىل سەيپۇللا قوشاقلىرى بىلەن بىللە) نەشر قىلدى. مۇھەممەت ناپىر 1975-يىلى ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن كېيىن بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى «مۇھەممەت ناپىر شېئىر-قوشاقلىرى» نامىدا مەخسۇس توپلام قىلىپ نەشر قىلدى (1982-يىل).

ئابلەت قادىر (ئاقپاشا): تونۇلغان خەلق غەزەلخانى، مۇقامچىسى ئابلەت قادىر (ئاقپاشا) 1915-يىلى قۇمۇل كوناشەھەر ئىچى ئەزىز بازار مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىككىدىن تارتىپ ئۆزىنى ئەل ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا ئاتىغان ئاقپاشا قۇمۇلنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك پۇراققا ئىگە مۇقاملىرى، ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئۆگىنىش، توپلاش، رەتلەش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان خەلق سەنئەتكارىدۇر. ئۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل سازەندە — ھاپىز بولۇپ ئۆزىنىڭ خەلق ناخشىلىرى، داستانلىرى، قۇمۇل مۇقامىنى ئورۇنداش-ئېيتىشتىكى ماھارىتى بىلەن داڭق چىقارغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئۆز

ناخشا-مۇزىكىلىرى بىلەن خەلقنىڭ يېڭى ھايات قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرى، قۇمۇل مۇقامىنىڭ لېنتىغا ئېلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تونۇلۇشىغا زور ھەسسە قوشقان. 1954-يىلى ئۇ ئېيتقان «شەرۋانوم» ناملىق ناخشا لېنتىغا ئېلىنىپ پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان، 1963-يىلى قۇمۇل 12 مۇقامى تۇنجى قېتىم لېنتىغا ئېلىنغاندا ئۇ ئاساسلىق ئېيتقۇچى بولغان. 1975-يىلى ۋە 1982-يىللىرى قۇمۇل 12 مۇقامى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم لېنتىغا ئېلىنغاندىمۇ ئۇ يەنىلا ئاساسلىق ئېيتقۇچى بولغان. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يەنە قۇمۇلدىكى بەش شەھەر، 12 تاغنىڭ ھەممىلا يېرىدە چوڭقۇر تەسىرىنى قالدۇرۇپ، نۇرغۇن ئىز باسار-شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئابلەت قادىر (ئاقپاشا) 1989-يىلى 11-ئاينىڭ 28-كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ھايات مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەل ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلانغانىدى.

شامەممەت پاسار: 1916-يىلى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا رايونىدىكى دەرۋىش دېگەن كەنتتە ئەل نەغمىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىن راۋاب چېلىشنى ئۆگىنىپ، خەلق ناخشا-قوشاق، داستانلىرىنى ئېيتىپ، 16 يېشىدىلا جامائەتچىلىككە تونۇلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شامەممەت پاسار تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ھارماس كۆيۈچىسىگە ئاي-



لاندى. ئۇ ئىجاد قىلىپ ئېيتقان قوشاقلار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالدى، گېزىت-ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالدى. 1979-يىلى ئۆكتەبىردە ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق مەرىكىسىگە قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئەمەت ئۆمەر: ئۇيغۇر خەلق سەنئەتكارى، يېڭى مەدەنىيەت-تىياتىرچىلىق سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئەمەت ئۆمەر 1916-يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ مەھەللىسىدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1933-يىلى يېڭىچە مەكتەپكە كىرىپ ئۈچ يىل ئوقۇپ، 1936-يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا چىققان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى قاينىمىغا ئېتىپ، 1937-يىلىدىن ئېتىبارەن دارىلمۇئەللىمىندىكى سەنئەت كۇرژىكىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. 1939-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەنگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ خوتەنگە بېرىپلا سەنئەت ئۆمىكى (سانائىنەپىسە) تەشكىل قىلىپ، ئۆزى ئەسەر يېزىپ، رېژىسسورلۇق قىلىپ ۋە رولغا چىقىپ، بىرمۇنچە سەھنە ئەسەرلىرىنى مەيدانغا ئېلىپ چىققان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان، 1944-يىلى تەكلىپ بويىچە گۇما ناھىيىسىگە بېرىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكىنى ئۆتىگەن، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، كۇلۇب قۇرغان. «پارىخور ھاكىم»غا ئوخشاش دراما، كومېدىيە، كونسېرت نومۇرلىرىنى يېزىپ تەييارلاپ، ئاممىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش، ناچار ئىللەتلەرنى، فېئودال مۇتەئەسسىپلىكنى، چىرىكلىكنى قامچىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرگەن. بۇ جەرياندا ئۇ بىرقانچە قېتىم تەقىپ

ئاستىغا ئېلىنغان. چەت جايلارغا پالانغان، تۈرمىگە سېلىنغان، لېكىن ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. 1946 - يىلى ئۇ خوتەندىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قارىمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىگەن ۋە 1947 - يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ياتقان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەمەت ئۆمەر 1950 - يىلى ئازادلىق ئارمىيە سېپىگە كىرىپ 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلى بولدى. 1953 - يىل كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئاۋۋال شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىكىدە، كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇن درامىلارغا رېژىسسورلۇق قىلدى، رول ئالدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ئۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، پالەچ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولدى. كېيىن گەرچە ئۇ سەھنىگە چىقالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ «پەرھاد - شېرىن»، «قانلىق تىلخەت» قاتارلىق ئوپېرا، درامىلىرىنى قايتا ئىشلىدى، «تاشۋاي» ئوچېركىنى يازدى. ئۆتكۈر لەتىپە ۋە چاقچاقلىرى خەلق ئىچىدە ھۆرمەتلىنىپ كەلدى. 1979-يىلى مەملىكەتلىك 4-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا، 160-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىلى ئۇنىڭ دراما، ئوچېرك ۋە چاقچاقلىرىدىن تۈزۈلگەن «ئەمەت ئۆمەر ئەسەرلىرى» نى نەشر قىلدى. ئەسەرگە ئۇنىڭ 25 چاقچىقى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئەمەت ئۆمەر 1987 - يىل ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

مۇللىباقى: بۇ خەلق لەتىپىچىسىنىڭ تارىختا ئۆتكەن -



ئۆتمىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. لېكىن، خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئېيتىلىپ يۈرگەن لەتىپىلەر خېلى كۆپ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى» ناملىق توپلامنىڭ 2 - ۋە 3 - كىتابىدا ئاتۇش تەۋەسىدە تارقالغان مۇللىباقى لەتىپىلىرىدىن بىر قىسمى ئېلان قىلىندى.

ئىسكەندەر ھەققۇلى: 1918 - يىلى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ گەزلىك يېزىسىدا تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىدە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، كېيىن ئوقۇتقۇچى بولغان. 1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىك سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، بەزى پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ پارتىيىگە زىچ ئەگىشىپ، ئەل ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆز نەتىجىلىرى بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئىخچام، ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق بولۇپ، كۈلكە پەيدا قىلىش ۋە تەربىيىۋى رولى زور بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇڭا ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ۋە چاقچاقلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان. يېقىنقى يىللاردا ئۇنىڭ بىر قىسىم لەتىپە - چاقچاقلىرى توپلاندى ۋە ئېلان قىلىندى.

خەيرىنىسا توختى: 1925 - يىلى قەشقەر شەھىرى قوغان يېزا خوجىدار مەھەللىسىدە بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك چېغىدا كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىنالماي، ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان. ئۇ ئانىسى بىلەن بىللە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا دۇتار چېلىپ ھال - مۇڭىنى، زاماننىڭ تەڭسىز - رەھىمسىزلىكىنى ئۆز قوشاقلىرىدا ئىپادىلىگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۇ يېڭى ھاياتقا ئىگە بولدى، تۇرمۇشى كاپالەتلەندۈرۈلدى. 1953 - يىلى ئۇ خەلق سەنئەتكارى سۈپىتىدە ئۆلكىلىك ئەل ئەدە-

بىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىپ، ئالقىش، مۇكاپاتقا سازاۋەر بولدى. 1956 - يىل ئۆتكۈزۈلگەن 2 - قېتىملىق كۆرەكتىمۇ بىرىنچىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەر مىللەت ئەل ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلاندى. جۇڭگو ئەل ئەدەبىيات - سەنئىتى تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولدى.

مەتروزى توختى: 1926 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دامىكو يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە توغۇلغان. 16 يېشىدىن باشلاپ راۋاب چېلىپ خەلق قوشاقلىرىنى ۋە ئۆزى ئىجاد قىلغان قوشاقلارنى ئېيتىش ئارقىلىق جامائەتچىلىك ئىچىدە تونۇلغان. يېڭى جۇڭگو قورۇلغاندىن كېيىن ئۇ ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلاردا ئاكتىپ رول ئوينىغان، دېھقانلار جەمئىيىتىدە، يېزىلىق ھۆكۈمەتتە، 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە چىرىيە ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. كېيىن خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلۈپ يېزىدا دېھقان بولغان. ئۇ باشتىن - ئاخىر قولىدىن راۋابىنى چۈشۈرمەي قوشاق ئېتىپ، چىرىيە ناھىيىسى بويىچە داڭلىق خەلق قوشاقچىسى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىر قىسمى گېزىت - ژۇرناللاردا، كوللېكتىپ قوشاقلار توپلاملىرىدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1980 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشقان ۋە جۇڭگو ئەل ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

ھىسام قۇربان: زامانىمىزدىكى تونۇلغان خەلق چاقچاقچىسى، «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» نامىنى ئالغان ھىسام قۇربان 1927 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۇششاق تىجارەتچى



ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى قۇربان ئۆز ۋاقتىدا تونۇلغان چاقچاقچى بولۇپ، ھىسام دادىسىنىڭ تەسىرىدە 11 - 12 ياش چاغلىرىدىلا چاقچاقچىلار قاتارىغا كىرگەن. ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ بۇ لەتىپىلەرنىڭ كۈلكە پەيدا قىلغۇچى كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆز چاقچاقلىرى ئۈچۈن ئىجادىي خىزمەت قىلدۇرغان. ھىسام قۇربان ئۆز چاقچاقلىرىنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك زىددىيەتلىك تەرەپلىرى بىلەن زىچ باغلاپ، ئۇنى چوڭقۇرلۇق، جانلىقلىق ۋە كۈچلۈك جەلپ قىلارلىقتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان. ھىسام قۇربان ھازىر جۇڭگو ئەل ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ھازىرغىچە ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن ئۈچ توپلام نەشر قىلدى. بۇ توپلاملارنىڭ بىرىنچىسىگە ئۇنىڭ 122 چاقچىقى، ئىككىنچىسىگە 132 چاقچىقى، ئۈچىنچىسىگە 146 چاقچىقى كىرگۈزۈلدى. تۆۋەندە، ھىسام قۇربان چاقچاقلىرىدىن بىرقانچىسىنى كىتابخانلار ھۇزۇرىغا سۇنىمىز.

## تىل تەگمىسۇن دەپ

بىر مەشرەپتە باشتىن - ئايىغىچە كۆك كىيىم كىيگەن سالاپەتلىك بىر كىشى ھىسامدىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپتۇ:

— ھەي ھىسام، قېنى گەپچى بولساڭ مېنى بىر كەلتۈرۈپ باقە!

— سىزگە تىل تەگكۈزۈشكە بولماسمىكىن، ئاكا، — دەپتۇ ھىسامدىن كىچىك پىئىللىق بىلەن.

— نېمىشقا؟

— نېمىشقا دېسىڭىز، خەقنىڭ تىلى تەگمىسۇن دەپ ھەد-

مىز سىزنى سېنىڭغا سېلىپ ئەۋەتىپتۇ ئەمەسمۇ!

## سۇپۇرگە بوغۇش

بىر مەشرەپتە ھىسامنىڭ چاقچىقىغا چىدىمىغان بىر يىگىت ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن ھىسام دەررۇ سوراپتۇ:

— بۇرادەر، مۇشۇ بوغۇشىڭدا مەن نەچچە سۇپۇرگە چىقارمەن؟

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

دائىم ھىسامنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ يۈرگەن بىر كىشى چوڭ سورۇندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ھىسامىدىن، سىزنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدۇق، قاچان قويۇپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھىسام ھايالىسىز جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— سېنى قويۇپ بەرگەن كۈنىڭ ئەتىسىلا مېنى قويۇپ بەردى.

ئېمىر ھېزىم: دېھقان قوشاقچى ئېمىر ھېزىم 1927 - يىلى كۇچا ناھىيىسىنىڭ قوشئاۋات يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1953 - يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ قوشاقلىرى مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلۈپ، خەلق قوشاقچىسى سۈپىتىدە تونۇلغان. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى «ئۆچمەس تىلەكلەر» نامىدا مەخسۇس توپلام قىلىپ نەشر قىلدى. ئېمىر ھېزىم ھازىر جۇڭگو ئەل ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.



ئىسمايىل سەيپۇللا: 1930 - يىلى تۇرپان شەھەر ئىچىدە تۇغۇلغان. بالا چاغلىرىدىن باشلاپ ئاۋۋال تۇرپاندا، كېيىن ئۈرۈمچىدە بايلارغا چاكار بولۇپ ئىشلىگەن، ساتىراچقا شاگىرتلىققا كىرگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ ساتىراچلىق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللاندى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ساز چېلىپ ناخشا - قوشاق ئېيتتى. ئۇ قوشاق ۋە ناخشا تېكىستى ئىجادىيىتىدە تونۇلغان بولۇپ، ئەسەرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئۈزۈلمەي بېسىلىپ تۇردى. شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى 1959 - يىلى ئۇنىڭ قوشاقلىرى بىلەن مۇھەممەت ناپىر قوشاقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئۆملۈك ۋە يەككىلىك توغرىسىدا» دېگەن نام بىلەن ئايرىم توپلام قىلىپ نەشر قىلدى.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى)

# نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامىنى ئەسلەيمەن

**ئەرشىدىن تاتلىق**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، پېشقەدەم ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئەرمىيا ئېلى 1906 - يىلى باھاردا باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق «تېزەك قاغا» كەنتىدىكى ئېلى ئاخۇن ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ بوۋىسى سامساق موللىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ، نامرات دېھقان دەپ ئاتالسىمۇ يۇرت ئىچىدە راستچىل، سەممىيلىكى بىلەن خېلىلا ئابرويلۇق كىشى ئىدى. دادىسى ئېلى ئاخۇننىڭ زىكرىيا، ئەرمىيا، ئابدۇجامال، ئابدۇقادىر ئىسىملىك تۆت ئوغۇل، پاتىمخان قاتارلىق قىزلىرى بولغان.

ئېلى ئاخۇن پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەرمىيا بىلەن ئابدۇقادىرنىلا ئوقۇتالىغان. ئابدۇقادىر ئېلى جاللات شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى دەۋردە ئوقۇپ ئۆلگىلىك مائارىپچى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگە ئۆتەر كېچىسى ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، مۇنىردىن خوجىلار

**تارىخىي شەخسلەر**



بىلەن بىر قاتاردا قولغا ئېلىنىپ، گومىنداڭچىلارنىڭ جادۇسىدا تۇغرالغان.

ئەرمىيا ئېلى دەسلەپكى خەت ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ چىقارغان. ئۇ، شۇ چاغلاردا مەكتەپكە بىللە بېرىپ ئوقۇيدىغان بىر دېھقاننىڭ قىزى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقان. شۇ كۈنلەردە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەرمىيا ئېلىنىڭ ئائىلىسىنى نامرات كۆرۈپ، ئۇنى باشقا بىر ھاللىق ئائىلىگە ياتلىق قىلىدۇ. شائىر ئائىلىسىنىڭ قولىنىڭ قىسقىلىقى ئۇنى دەسلەپكى مۇھەببىتىدىن جۇدا قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرمىيا ئېلى يۇرتىدىن ئايرىلىپ باي ناھىيە بازار ئىچىدىكى مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1924 - يىلدىن 1928 - يىلىغىچە باي ناھىيىسىدىكى مەدرىسىدىن چىقىپ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ ساقساقتىكى مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ.

شۇ يىللىرى ئۇنىڭ «بازار ۋە مازار» ناملىق خەلق قوشاقلىرىدىن تۈزۈلگەن تۇنجى شېئىرلار توپلىمى ئۆزى ۋە خەتتات دوستلىرىنىڭ قەلىمى بىلەن كۆپەيتىپ كۆچۈرۈلۈپ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە تارقىلىدۇ. بۇنىڭدا شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، بوغۇلغان نىكاھ ئەركىنلىكى، مىللىي زۇلۇم قاتارلىق بىر قاتار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقان، يار - بۇرادەرلىرىنىڭ راسلاپ بەرگەن خىراجىتى بىلەن بىلىم ئىزدەپ قەشقەرگە بارىدۇ. ئۇ يەردە بىلىم ئۆگىنىدۇ ۋە بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ.

شائىر ئۇلارنىڭ سەممىي ياردىمى، رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن شۇ يىللاردىكى بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەردىكى ئاتاقلىق «خانلىق مەدرىس» گە ئوقۇتۇشقا كىرىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇ يەرگە رايونىمىزنىڭ ھەرقايىسى ۋىلايەت، ناھى-
يىلىرىدىن بىلىم ئېلىشقا بارغان تالىپلارنىڭ سانى 100 دىن
ئاشاتتى.

ئۇ، بۇ يەردە پۈتۈن زېھنى بىلەن تىرىشىپ ئوقۇيدۇ.
ساۋاقداشلىرى بىلەن تېزلا چىقىشىپ كېتىدۇ. بەزىلىرىگە يار-
دەم قىلسا، بەزىلىرىدىن ئۆگىنىدۇ. دەم ئېلىش پەيتلىرىدە
شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شائىرنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقى، قابىلىيەت - ئىقتىدا-
رى ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا پات - پاتلا تىلى-
غا ئېلىنىپ، يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قوللاشقا سازاۋەر بولىدۇ.

شۇ كۈنلەردە قەشقەردە شىۋېد ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرى
جىلك شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىدىن پايدىلىنىپ، خرىس-
تىئان دىنىنىڭ «بوخمانىزم» مەزھىپىنى تەرغىپ قىلىۋاتات-
تى. قەشقەرنىڭ ئالىملىرى، زىيالىيلىرى، ۋەتەنپەرۋەر زات-
لىرى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئوچۇق -
ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئەيمىنىدۇ.
بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تاپقان شائىر ئەرمىيا ئېلى «خانىلىق
مەدرىس» نىڭ تالىپلىرىنى تەشكىللەپ نامايىشقا چىقىدۇ.
بۇلار ئېنگلىز كونسۇلخانىسى ۋە شىۋېد دوختۇرخانىسىنىڭ ئال-
دىغا چىقىپ، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ پائالىيىتىنى توسۇش ھەق-
قىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى قويىدۇ. قەشقەر خەل-
قى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بۇلارغا مەدەت بېرىدۇ. ناما-
يىش 3 - قېتىمغا بارغاندا بۇ ئىككى كونسۇلخانىدىكىلەر ئۆز-
لىرىنىڭ شەرمەندە بولۇشىدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنى يىغىشتۇ-
رۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ نامى كەڭ
جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ
شائىردا تۇرلۇك ئىجتىمائىي تېمىدا جۇملىدىن جەمئىيەتتىكى



نادانلىق، پارىخورلۇق، خۇراپاتلىق، مىللىي ئىناقسىزلىق
قاتارلىقلار ھەققىدە ھەجۋىي شېئىرلار يېزىش ھەۋىسى
قوزغىلىدۇ.

بۇ ھەۋەس دەۋر تەرەققىياتى، تەلىپىگە ماسلىشىپ
كۈندىن - كۈنگە ئۇلغىيىپ ھەسسىلەپ كۆچىيىپ بارىدۇ. نە-
تىجىدە ئۇ «مادارا ئەئىزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق
پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي شېئىرلار توپلىمىنى كۆپەيتىپ
كۆچۈرۈپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ.

بۇ توپلام تېزلا جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قوللاپ قارشى
ئېلىشىغا نائىل بولۇپ، كۆپچىلىك ئارىسىدا كۈندىلىك سۆھ-
بەتلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

شائىر شۇنىڭغا ئۇلاپ «ئەنۋارىل ھۇدا» (ھىدايەت نۇر-
لىرى) ناملىق ئىشىق قەسىدىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. شا-
ئىر بۇنىڭدا پاك مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى
ھەققىدە قەسىدە ئوقۇيدۇ. بۇ ئىككى توپلامنىڭ ھەجمى 100
بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، شەكلى
مىللىي، تىلى، ئوخشىتىشلىرى جانلىق، پىكىرلىرى ئوبراز-
لىق بولغاچقا، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىنىڭ قوماندانى
توخسۇنلۇق تۆمۈر سىجاڭ جىلك شۇرېننىڭ قورچاق قورال-
لىق كۈچلىرى قولىدىن قەشقەر كوناشەھەرنى قورال كۈچى
بىلەن تارتىۋالىدۇ. ئۇ، شەھەرنى قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ
تەسىرىدىن تازىلىغاندىن كېيىن، ئۆزى بىۋاسىتە قەشقەر
«خانىلىق مەدرىسى» نىڭ مۇدەررىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈ-
شۈپ، ئۇ كىشىنى قەشقەر كوناشەھەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەكلىپ
قىلىدۇ.

مۇدەررىس تۆمۈر سىجاڭغا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئۆزرە سۈپىتىدە ئېيتىپ، ئورنىغا باشقا بىر ئادالەتپەرۋەر كىشىنى قويۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ بۇ ئۆزرىنى قوبۇل قىلىپ، ئورنىغا كىشى كۆرسىتىپ بېرىشنى قايتا تەكلىپ قىلىدۇ. مۇدەررىس بۇ تەلەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرسخانىغا چىقىپ تالىپلار ئارىسىدىن ئەرمىيا ئېلىنى يېتىلەپ ئېلىپ كىرىپ:

— ئەگەر مەن ئۆز ئورنۇمغا لايىق كىشى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولسام، بۇ ئىشقا مېنىڭ مۇشۇ شاگىرتىم تازا باب. ئۇ يېقىندىن بېرى چەت ئەلدىن تاراتقۇچىلىرىنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئارقا تېرەكلىرىنىڭ ئەدىبىنى بەردى. بەرگەنىدىمۇ تازا كېلىشتۈرۈپ بەردى. بۇ يىگىت بىلىملىك، قەلىمى كۈچلۈك، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئۆتكۈر، يۈرەكلىك، جامائەت ئارىسىدا ئابرويى بار، ئۆزى شائىر. ئىسمى ئەرمىيا، دادىسىنىڭ ئىسمى ئېلى، — دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

تۆمۈر سىجاڭ مۇدەررىس بىلەن خوشلىشىدۇ. ئەرمىيا ئېلىنى ئېلىپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن قەشقەر كوناشەھەرنىڭ سېپىلىگە چىقىپ، يېڭىشەھەر تەرەپكە قاراشلىق دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى نۇقتىغا كېلىپ توختايدۇ. ئۇ، يېڭىشەھەرگە قاراپ بىر مەھەل تۇرغاندىن كېيىن، ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئەرمىيا ئېلىگە قاراپ:

— ئىنىم ئەرمىيا ئېلى، ھازىر قەشقەر يېڭىشەھىرى قالانىيەت ما خۇسەنىنىڭ بىر بۆلۈم قاراقچىلىرى بىلەن لىق تولدى. ئېلىنغان ئېنىق خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇلار يېقىندا كوناشەھەرگە باستۇرۇپ كىرمەكچى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، شەھەرنى خالىغىنىچە ئاياغ-ئاستى قىلىشتۇر. مەن سىزگە بىر بۆلۈم ئىشەنچلىك كىشىلەرنى



بېرەي، شۇلار بىلەن بېرىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇپ، شەھەرنى تەرتىپكە سېلىڭ. سىزگە يەنە قورال-ياراقمۇ ئەۋەتىپ بېرەي، شەھەرنى قوغداشقا پىداكار كىشىلەردىن قوشۇن تەييارلاڭ. بۇ ئىش قانچە تېز ئىشلەنسە شۇنچە ياخشى! — دەيدۇ. كېيىن، ئۇ، ئەرمىيا ئېلى بىلەن خوشلىشىپ سېپىلدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەرمىيا ئېلى ھاكىم بولۇپ 9-كۈنى ئاۋۋال ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن سىجاڭنىڭ شتابىدىن، كېيىن چارلىغۇچىلاردىن كەلگەن خەۋەرچىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ: «يېڭىشەھەردىكى چېرىكلەر كوناشەھەرگە باستۇرۇپ كېلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيلى يامان. تۆمۈر سىجاڭ سىلىنى دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىسۇن دەيدۇ،» — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

شۇ گەپ بىلەن ئەرمىيا ئېلى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان قوشۇننى باشلاپ جەڭگە چىقىدۇ. جەڭ شىددەتلىك بولىدۇ. دۈشمەن كۈچلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىدۇ. پۈتۈن سەپ بويىچە ئۇلارنى قوغلاپ يوقىتىش باشلىنىدۇ. بۇ ئىشنى شائىر ئەرمىيا ئېلى «تۆمۈر خاتىرەمدىن پارچە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق ئەسلەيدۇ:

بىر مىڭ ئۈچيۈز ئەللىككە①،
قوشتۇق يەنە ئىككىنى.
بۇ يىل يۇرتىمىزدا،
چوڭ پۈتمەس بالا بولدى.
......

① بۇ ھىجرىيە يىل ھېسابى بولۇپ، مىلادى 1933-يىلنىڭ ئاخىرىدا توغرا كېلىدۇ.

سوقۇش بولدى ئون ھەپتە
قانلار ئاقتى ھەر سەپتە.
مەن ئالدىدا ئوڭ سەپتە،
ئەسكەردىن جۇدا بولدى.
......

پەيشەنبە كۈنى كەچتە،
سائەتمۇ ئىدى بەشتە.
ساراڭ لەڭزى① گە ئەگىشتە،
دۈشمىنىم ئاتا بولدى.

يەتمىش كۈنگە سوزۇلغان ئۇرۇشتا شائىر ئەرمىيا ئېلى ئۆزى تەشكىل قىلغان پىدائىيلار بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، قەشقەر كوناشەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ.

يەتمىشىنچى كۈنى كوناشەھەرگە يەنە غالجىرلىق بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن ما خۇسەننىڭ چېرىكلىرىنى تۆمۈر سىجاڭ ھەم ئەرمىيا ئېلىنىڭ پىداكار قوشۇنلىرى چېكىندۇرۇپ سۈرۈپ- توقاي قىلىپ قوغلاپ ماڭىدۇ. ئۇ، شۇ چاغدا سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ ئەسكەرلىرىنىڭ كەينىدە قالغانلىقىنى سېزىدۇ.

ئىككى قولىغا ئىككى تاپانچا ئېلىۋالغان ئەرمىيا ئېلى ئارقىسىغا قاراپ ئەسكەرلىرىنى ئالغا ئۈندەۋاتقان چېغىدا قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەن چېرىكلىرىدىن بىرسى ئۇنى نىشانلاپ ئاتىدۇ. ئوق ئەرمىيا ئېلىنىڭ گەجگىسىگە تېگىپ ئېگى-

① چېرىكلەر تۇرىدىغان جاينىڭ ئىسمى، قەشقەر كونا شەھەر بىلەن يېڭى شەھەر ھەر ئارىلىقىدا.



كىنى چېقىپ توققۇز چىشىنى يۇلۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەر تېزدىنلا ئۇنىڭ سەپداشلىرى، دوستلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇلار ئەرمىيا ئېلىنى زەمبىلگە سېلىپ قەشقەر كوناشەھەردىكى شىۋىد دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ يەردىكىلەر ئەرمىيا ئېلىنى كۆرۈپلا دەرھال تونۇيدۇ. شۇڭا ئۇنى داۋالاشنى رەت قىلىپ قارغاپ قايتۇرىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوۋېت قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىنىڭ خادىملىرى ئۇنى تونۇپ زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ شىپاخانىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ زەخىملەنگەن ئورنىنى داۋالاپ تىكىپ ئۇنى نەيچە بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئەرمىيا ئېلى بۇ ھالەتنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ.

شۇ ئارىدا بىر دوختۇر،
كۆپ جىددىي جەھەت ئەيلەپ.
ماشىنىغا سۈت ئېلىپ،
كانايغا قۇيا بولدى.
......

كۆپ ئاقتى مېنىڭ قانىم،
چىقىپ كەتتى يېرىم جانىم.
ئەمدى «نىمشېھىت①» نامىم،
تارىختا قالا بولدى.

كۈنلەرمۇ ئۆتتۈۋەردى،
ھەپتىلەر پۈتتۈۋەردى.

① «نىمشېھىت» — يېرىم جان دېگەن مەنىدە. بۇ ئەدەبىي تەخەللۇس مانا شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ (ئاپتور).

مەن دوختۇردا ياتقانغا،
ئىككى ئاي راسا بولدى.

نىمشېھىت ئىككى ئايدىن سەل ئاشقاندا دوختۇرخانىدىن
چىقىدۇ. ئۇ، سالامەتلىكىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھارۋا كىرا
قىلىپ بايغا قايتىپ كېلىدۇ.

1934 - يىلى بايدا بىرىنچى نۆۋەتلىك قىسقا مۇددەت-
لىك ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىدۇ. نىم-
شېھىت شۇ كۇرسقا كىرىپ ئوقۇيدۇ. بۇ كۇرسنىڭ مۇدىرى ۋە
ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ھاجى ياقۇپ، توختى ئەپەندىلەر نىمشې-
ھىتنىڭ شۇ كۇرستىكى ھەر خىل پائالىيىتىنى ئەسلەپ: «45
نەپەر كۇرسانت ئىچىدە نىمشېھىت ئەڭ ئىجتىھاتلىق، تىرىش-
چان، زېرەك ياش ئىدى. ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا خېلى ئەت-
راپلىق بىلىم ھەم سىياسىي سەۋىيىگە ئىگە، ئۈمىدلىك، ئىق-
تىدارلىق ئىدى...» دەيدۇ.

نىمشېھىت بۇ كۇرسنىمۇ ئەلا تۈگىتىپ ئۆزىنىڭ تەلىپى
بىلەن باي ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى
تەرىپىدىن ئېچىلغان ناھىيىدىن ئەڭ يىراق تاغلىق كەنت
«قىزىلىيە»دىكى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇپ
چىقىدۇ. ئۇ، بۇ يەردە بىر تەرەپتىن بالىلارغا دەرس بەرسە،
يەنە بىر تەرەپتىن «نىمشېھىت» تەخەللۇسى بىلەن «باي
ناھىيىسىنىڭ ھەسرەتلىك ساداسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يا-
زىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ
ئۈچۈرى» ناملىق گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەت
ئىچىدە غۇلغۇلا قوزغايدۇ.

1936 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقار-
تىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئالىم، جامائەت ئەربابى، ۋىلا-



يەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگىنى «ئاقسۇ ئۈچۈرى» گې-
زىتىنىڭ باشلىقى، «شىنجاڭدىكى پەلسەپىۋى ئېقىملار» نام-
لىق پەلسەپىۋى ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر دا-
نىش داموللام بايغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ. ئۇ كىشى
بايدىن «قىزىلىيە» مەكتىپىگە چىقىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كە-
چۈرگەچ نىمشېھىتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتكەن دەرسىنى تىڭ-
شايدۇ. ئۆزى بىۋاستە نىمشېھىت بىلەن سۆھبەتلىشىپ
ئۇنىڭدىكى يۈكسەك تالانتنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ
ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورگان
گېزىتى «ئاقسۇ ئۈچۈرى» نىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە يۆتكەپ
بىللە ئېلىپ كېتىدۇ.

ئۇ 1936 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە يەنە «ئاقسۇ ئۈچۈ-
رى» «ئاقسۇ گېزىتى» بولۇپ ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكىچە
بولغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل
مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئۇ، شۇ مەزگىللەردە «قىزىم
يىغلىماڭ»، «ئۇنۇتما»، «گېزىت» قاتارلىق نادىر شېئىرلار
بىلەن «باتۇر ئەخمىدى»، «قارا باي»، «دېھقان ساۋۇت» قا-
تارلىق كومېدىيىلەرنىمۇ يازىدۇ.

بۇ سەھنە ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ تەلىپى، دېھقانلار ئوب-
رازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئاقسۇ، باي
ناھىيىلىرىنىڭ سەھنىلىرىدە قىزىقارلىق قىلىپ ئوينىلىپ، خەلق-
نىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

1943 - يىلى 9 - ئايلارنىڭ بېشىدا شائىر نىمشېھىت
ئاقسۇغا سۈرگۈن ھېسابىدا بارغان ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا
مۇتەللىپ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار بۇرۇن گېزىت يۈزىدە بىر-
بىرى بىلەن كۆرۈشكەن، تونۇشقان بولسا، ئەمدى خىزمەتداش،
پىكىرداش، سەپداش بولۇپ ئاكا - ئۇكىلاردەك ئۆزئارا ھەم-

كارلىشىپ ئىشلەيدۇ. شېئىرلىرىدا يېڭىدىن يېڭى ئوبرازلىق پىكىر، ئىلغار مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەپ كەلگەن تالانتلىق شائىر نىمشېھىت شۇ مەزگىللەردە خەلق ئاغزىدا رىۋايەت سۈپىتىدە كەڭ تارقىلىپ ئېيتىلىپ يۈرگەن «مىڭئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ۋەقەلىكى توغرىسىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەتقىق قىلىپ مەشھۇر «مىڭئۆي ۋە پەرھات - شېرىن» داستانىنى قايتىدىن تولۇقلاپ يازىدۇ.

بۇ داستاننى نىمشېھىت بىرىنچى قېتىم 1933 - يىللىرى قەشقەردە يارغانلىقى مەلۇم. بۇ نۇسخا نىمشېھىت يارىلانغاندا باشقا قول يازمىلىرى بىلەن يوقالغان. ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇدا تولۇقلىنىپ يېزىلغان نۇسخا لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن 1944 - يىلى «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىدە تولۇق بېسىلغان. ئۈچىنچى قېتىملىقى 1947 - ، 1948 - يىللىرى ئىلىدا تولۇقلىنىپ يېزىلىپ «ئىلى گېزىتى» نىڭ «ئۆسۈش» ناملىق ئەدەبىيات بېتىدە تولۇق بېسىلغان. كېيىن شۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان ئىلغار گېزىتلەردىمۇ كۆچۈرۈپ بېسىلغان. بۇ نۇسخا يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ تەشەببۇسى، ئاپتورنىڭ خىراجىتى بىلەن 3000 نۇسخا كىتابچە قىلىنىپ بېسىپ تارقىتىلغان. تۆتىنچى قېتىملىقى 1961 - ، 1964 - يىلى بايدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ 2000 مىسرادىن جىقىراق ھەجىمى چوڭ شېئىرىي داستان ئىدى. بۇ نۇسخىنىڭ قول يازمىسى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا باشقا ئېلان قىلىنمىغان قول يازمىلار بىلەن يىغىۋېلىنىپ ئۆڭكۈرگە كۆمۈۋېتىلگەن ۋە كۆيدۈرۈلگەن. بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز، ئوقۇتقۇچى روزى ھاپىز قاتارلىق بىرنەچچە كى-



شىنىڭ كۆچۈرۈپ ۋە يادلاۋالغانلىرىدىن. بۇمۇ ئالدىنقى نۇسخىلىرىغا تامامەن ئوخشايدۇ. لېكىن داستاننىڭ بەدىئىيلىكى، ۋەقەلىكىنىڭ چىنلىقى، ئورنى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىجادىي - سەلبىي ئوبرازلارنىڭ پائالىيەتلىرى بەزىبىر تەرەپلەردىن خېلى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«پەرھات - شېرىن» داستانى توغرىسىدا ئەمىر خىسراۋ دېھلەۋىدىن تارتىپ ئۇيغۇر داستانچىسى ئابدۇرېھىم نىزارىغىچە نۇرغۇن پېشقەدەم ئاتاقلىق شائىرلار ناھايىتى چوڭ ماھارەت بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن. لېكىن شائىر نىمشېھىت ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن باي ناھىيىسىنىڭ «قىزىل مىڭئۆي» نى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى پەرھاد - شېرىننىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ياسىغان، دېگەن خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، پەرھات بىلەن شېرىن ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزى، ۋەقە يۈز بەرگەن يەر كۇچا دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

بۇ داستاننىڭ چوڭ ئۇتۇقلىرىدىن بىرى پەرھاد ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. پەرھادنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئەڭ قىيىن، نازۇك ھۈنەر ھېسابلانغان نەققاشلىق، رەسساملىق، تاش كېسەرلىك سەنئىتىدەك جاپالىق، مۈشكۈل ھۈنەرنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۆگىنىپ، شۇ ھۈنەرنىڭ ئەھلى بولۇپ يېتىلگەنلىكى، شۇنداقلا بەزى پەيتلەردە ئۇ قەيسەر ۋە ئاددىي ئەمگەكچى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ داستاننىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشى، ۋەزىننىڭ يېنىكلىكى، پىكىرنىڭ ئېنىق، ئوبرازلىقلىقى، ئوخشىتىشلىرىنىڭ جانلىق، گۈزەل، ئىخچام بولۇشى بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشىگە ھەقىقىي بەدىئىي لەززەت ئاتا قىلىدۇ.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ زاماندىش سەپداشلىرى بۇ ئەسەرنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى «زامانىمىزدىكى نادىر ئەسەر» دەپ باھالىغانلىقى مەلۇم.

شائىر «نىمشېھىت» بۇ داستاندىن كېيىن «لەيلى - مەجنۇن» ھەققىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدىكى دراماتىك ۋەقەلەرنى يۇغۇرۇپ «لەيلى - مەجنۇن» نى ئوپېرا قىلىپ يېزىپ چىقىپ، ئۇنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقامنىڭ ئاھاڭ كۈيلىرى بىلەن سەھنىگە ئېلىپ چىققان.

بۇ ئەسەرمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېرالىرى بىلەن بىر قاتاردا ئاۋۋال ئاقسۇ، كېيىن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بەزى ناھىيىلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ زور قىزىقىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپ ئۇ «مىسكىنۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى سەھنىلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئىزدەنگەن. ئۇ، بۇ ئەسەر ئۈستىدە قاتتىق ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ئېغىر ئۆپكە كېسىلى ۋە مىڭە ئاغرىقىغا گىرىپتار بولىدۇ. بۇ ئاقسۇدىكى ۋەتەنپەرۋەر زىيالىي ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى تازا كۈچەيگەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلارغا قارىتا ئاشكارا، يوشۇرۇن پايلاقچىلىقى ئەۋج ئالغان چاغلار ئىدى. شائىر بۇ خىل رېجىمدىن چەتتە ئەمەس ئىدى.

شائىرنىڭ دوستلىرى ئۇنى شۇ چاغدىكى ئاتالمىش ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتىدۇ. شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ قول چوماقلىرىدىن بولغان باش دوختۇر شائىرنى بىر قۇر ئاندىن - مۇندىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، دوختۇرلاردا بولىدىغان تىببىي ئەخلاق ۋە ئەڭ ئاددىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئوچۇق - ئاشكارا



ھالدا: بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، بۇنىڭغا داۋالاش كار قىلمايدۇ. قىرىق كۈنگە يەتمەي ئۆلىدۇ. ئۇنى دەرھال ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار!...» دەپ چىقىپ كېتىدۇ.

ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى لى خۇڭكەي (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ لى ئىسىملىك مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئوغلى) شائىرنى داۋالىتىشقا كېتىدىغان چىقىمدىن قېچىپ ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىمشېھىت قولىدىكى بار مۈلكىنى سېتىپ ھارۋا كىرا قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى «ئىزەك قاغا» غا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ، 1945 - يىلى ماي ئايلىرى ئىدى. لېكىن شائىر دوختۇرنىڭ دېگىنىدەك ئۆلمىدى. ئەكسىچە كۈندىن - كۈنگە ئەھۋالى ياخشىلىنىپ قالدى.

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى نىلقىدىن پارتلىغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كېڭەيدى. ئۇنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن يېتەكچىلىكىدىكى جەڭگىۋار قوراللىق قىسىملىرى شائىر دەسلەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان «قېرىيە» كەنتىنىڭ داۋىنىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ياۋۇز چېرىكلىرىنى يوقىتىپ بايغا — جەنۇبقا چۈشىدۇ. شۇ يىلى 17 - ئاۋغۇست كۈنى مىللىي قوشۇن باي ناھىيىسىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىپ، گومىنداڭنىڭ جەنۇب بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى قاتناش لىنىيىسىنى كېسىپ تاشلايدۇ.

شائىر نىمشېھىت ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرمۇنچە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىي، دېھقان ياشلىرىنى تەشكىللەپ، بۇ قوشۇننىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ. قوماندانلىق شتاب شائىرنىڭ پىداكارلىق روھىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى قوماندانلىق شتابىنىڭ

تەشۋىقات - تەرغىبات، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ قويىدۇ.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللىي قوشۇننىڭ باي ۋە ئاقسۇغا چۈشكەن قوراللىق قىسىملىرى تىنچلىق سۆھبىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇش توختىتىپ، بۇيرۇققا بىنائەن يەرلىك قىسىملارنى باشلاپ ئاقسۇ كونىشەھەر، باي قاتارلىق جايلارنى ئۆزلۈكىدىن بوشىتىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق غۇلجىغا قايتقاندا، شائىرمۇ قوشۇن بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇ غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش ئىشخانىسى» دا كاپىتان ئۇنۋانى بىلەن ئىشلەيدۇ. كېيىن مۇشۇ ئىشخانىدىن بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ ئىلىدىن يولغا چىقىپ جىڭ، شىخو، چۆچەك ئەتراپلىرىدىكى ئۇرۇش قاتتىق بولغان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. ئۇ يەردە خەلق قەھرىمانلىرى ۋە باشقا ۋەقەشۇناس كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋال ئىگىلەيدۇ. خەلقنىڭ مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشلىرى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى توپلايدۇ ۋە رەتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئالدىدا»، «ياشلاردىن ئىلتىماس»، «ئورماندىن گۈلباغ» قاتارلىق شېئىر - ماقالىلەرنى يېزىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تەشۋىق قىلدى.

1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست كۈنى ئىلىدا مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى، يەتتە ۋىلايەت خەلقچىل كۈچلىرىنىڭ ئىلىغا توپلانغان ۋەكىللىرىنىڭ ئىشتىراكى بىلەن «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلىدۇ. نىمشېھىت بۇ «ئىتتىپاق» نىڭ تەسىس يىغىنىغا رەسمىي ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىپ، ئۇنىڭ كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنىپ، نىمشېھىت شۇ



ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭغىچە شائىر ئۈچ ۋىلايەت دىنىي ئىشلار نازارىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ھايات مۇجەللىسى» (ھايات ژۇرنىلى) نى نەشر قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شۇ يىللاردا نىمشېھىت «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن» داستانلىرىنى قايتىدىن ئوپېرالاشتۇرۇپ يېزىپ چىقىپ، ئىلى سەھنىسىدە ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە «قەبرىدىن ئاۋاز»، «ئالدىدا»، «جىنايەتتىن شىكايەت» قاتارلىق نۇرغۇن يالقۇنلۇق شېئىر ۋە بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەرنى يازىدۇ.

ئۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بىلىملەرنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. ئۇ، نۇرغۇن ماقال - تەمسىل، قوشاق، لەتىپە، تېپىشماق، داستانلارغا باي بولغاندىن تاشقىرى، ناھايىتى نۇرغۇن خەلق چۆچەكلىرىنىمۇ ئېسىدە ياخشى ساقلىغان. ئۇ، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا «يىلان مۆڭگۈزى» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، «رەمبال» ناملىق خەلق چۆچىكىنىمۇ ئايرىم كىتابچە قىلىپ باستۇرۇپ تارقاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلىغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈلگە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈن مەخسۇس بەت ئاجرىتىلدى.

ئۇ، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلغانلارنىڭ ئۈلگىلىك ۋەكىلى ئىدى. ئۇ بۇ ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى 1949 - يىلى سېنتەبىردە يازغان «سەپەردىكى يارىمغا» دېگەن شېئىرىدا جاراڭلىق مىسرالار بىلەن مانا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

تاك ۋاقتى يېقىنلاشتى،
جانان ئەمدى تىنچلانسۇن.
شەپەرەڭ پېشىن قىسىپ،
يەر ئۆيگە بېغىشلانسۇن!
... ...
زاغ بىلمەيدۇ باھار قەدرىن،
ياش بىلمەيدۇ يار قەدرىن.
ئەر بىلىدۇ، ئەر قەدرىن،
مەيلى قولمۇ قوشلانسۇن!

نىمشېھىت نېمە بولدى؟! ...
ئۆزىچە بۆگۈن كۈلدى!
كۈتكەن چاغ يېقىن قالدى ...
باشقىلارمۇ جانلانسۇن! ...

ئۇ، 1949 - يىلىنىڭ 1 - ئۆكتەبىرىنى ھەر مىللەت كىشى-
لىرى بىلەن بىر قاتاردا غۇلجىدا تەنتەنە ۋە بايرام خۇشاللىقى
بىلەن كۈتۈۋالدى. 1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇ ئۆز يۇرتى
بايىغا قايتىپ كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارانلىرى بىلەن
ئۇچراشتى. شۇ كۈندىن باشلاپ نىمشېھىتنىڭ ھاياتى شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك ئىج-
تىمائىي ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرى
بىلەن جىپسىلىشىپ كەتتى. ئۇ، بۇ ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئاكتىپ جاما-
ئەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

1952 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۆلكى-
لىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا
ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى. ئەنە شۇ



يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا ئۈرۈمچىدە شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قولچوماقى جاللات لى يىنچى، ئاق-
سۇدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە شائىرنىڭ ئىنىسى قادىر ئېلى-
قاتارلىق ئىنقىلابىي ياشلارنى قىرغىن قىلغان كاللىكېسەر
ۋۇشاۋبىڭلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن ئوچۇق سوت يىغىنىدا
شائىر نىمشېھىت شىكايەت مۇنبىرىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەك-
سىلئىنقىلابىي جىنايى قىلمىشلىرىنى نەق دەلىل - ئىسپات بىلەن
ئوتتۇرىغا قويدى ۋە 1946 - يىلى ئاۋغۇستتا ئىلىدا يازغان
«ئالدىدا» دېگەن شېئىرىدىكى:

ئەر ئەمەسمەن تاكى دۈشمەننىڭ قېنىنى ئاققۇزمىسام،
دۇنيادا خائىنلىق ئېپىشۇن كۆكسىگە تاققۇزمىسام.
ئوت - زەھەرلىك نەشتىرىلەر ئۆزىنى چاققۇزمىسام،
ئەللەي ئېيتىپ يەر بۆشۈكتە ھەممىسىن ياتقۇزمىسام،

دېگەن يارقىن مىسرالىرى بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.
ئۇنىڭ غەزەپلىك ئىنتىقام روھى بىلەن سۇغىرىلغان شېئىرىي
مىسرالىرى پۈتۈن يىغىن مەيدانىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. خەلق
ئاممىسى ئىچىدىن ئۇنىڭ قىلغان شىكايىتىنى قوللاپ جەڭگىۋار
شۇئارلار ياڭرايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنمۇ شائىر نىمشېھىت داۋاملىق تۈردە
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتى-
يىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي
كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي ئىسلام دىنى
جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ كەلدى. ئۇ، 1955 -
يىلى مەن (ئەرشىدىن تاتلىق) بىلەن بىرلىكتە كلاسسىك مۇزى-
كا 12 مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى رەتلەش، نوتىغا ئېلىش ئىشىغا
قاتناشتى.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا ئۇ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ شىنجاڭدىكى ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىنىڭ قولىدا ھەر خىل تۆھمەت بىلەن خورلىنىپ، جان ئۈزگەندىمۇ يۇقىرىدىكى سالاھىيەتلىرىدىن باشقا، باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى.

1956 - يىلى 8 - ئايدا نىمشېھىت ئەرمىيا ئىبلى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا بەختلىك ھەج قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى، شۇنداقلا چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشتى.

ئۇ، ئەنە شۇ تەنتەنىلىك زىيارەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، كامالەتكە يەتكەن تالانت، ئىجادىي ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ «سېغىندىم» ناملىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆز قەدىر - قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان لىرىكىلىك كۆڭۈل گۆھىرىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. ئۇ، بۇ شېئىرىدا:

ئۆلسەم تېنىم قۇچىقىڭدىن جاي ئالسۇن،
پاك ۋەتىنىم روھىم سەندە شادلانسۇن.
شۇنىڭ ئۈچۈن تېزرەك يەتسەم ساڭا دەپ،
تۆت كۆز بىلەن كېچە - كۈندۈز سېغىندىم...
بۇ كەڭگىچە ئايرىلمىغاچ سېنىڭدىن
لەززەتلىنىپ شېرىن - شەربەتلىرىڭدىن.
يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن،
تۇپرىقىڭنى كۆزگە سۈرتەي سېغىندىم

دەپ يازغان. مانا بۇ شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ يالقۇنلۇق نامايەندىسى.



ۋەتەن — بۇ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر چەكسىز خاسىيەتلىك، سۆيۈملۈك نام - ھە! ۋەتەن — كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن ئانا ماكانىڭ، شۇنداقلا ئۇ، ئەجدادلىرىڭنىڭمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، جەسەتى كۆمۈلگەن كىرسىز - غۇبارسىز ئالتۇن تۇپراق.

ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەننى ئەزىز كۆرۈش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەتەننىڭ ياراملىق ئوغلانى بولۇش، ۋەتەننىڭ جاراڭلىق كۈيچىسى بولۇش، — شائىر نىمشېھىت ئەرمىيانىڭ ئۇلۇغ ئارزۇ - ئارمانى ۋە بۈيۈك مەقسىتى ئىدى. ئۇ، بۇ ئارزۇ - ئارمىنىنى ھەر بىر شېئىرىنىڭ مىسرالىرىغا كۆڭۈل قويۇپ سىڭدۈرگەن.

1957 - يىلى ماي ئېيىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلىدۇ. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىنىڭ ھاياتىدىكى زور ۋەقە ئىدى. شائىر نىمشېھىت يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، ئىككى ئورۇننىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ.

ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن، ئامما ئارىسىدا تەسىرى بار جامائەت ئەربابى، ناتىق، كەسپىي جەھەتتىن ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ پىشىپ يېتىلگەن، ئەرەب - پارس تىلىدا ئەسەر يازالايدىغان ھەم ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلىگەن، كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بىر - بىرىگە ئۇلاشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، چېنىققان ژۇرنالىست، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئۇسلۇب، ماھارەت شەكىللەندۈرگەن داڭلىق ۋەتەنپەرۋەر، ئۆمىدلىك شائىر ئىدى.

لىن بىياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زومىگەرلىك قىلغان ئاشۇ يىللاردىمۇ شائىر نىمشېھىت ئۆتكۈر قەلىمىنى تاشلىمىدى. يۈكسەك ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ 2000 كۇپلېتقا يېقىن «يۈسۈپ - زىلەيخا» داستانىنى يېزىپ قولىدىن چىقاردى. «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭمۇ 1500 كۇپلېتىنى يازدى. ئۇ، كېيىنكى كۈنلەردە، داستان ۋە شېئىر رومانغا يانداش 300 دەك رۇبائىي ۋە پارچىلارنى يازدى.

ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق جىددىي پەيتلەردىمۇ قەلىمىنى تاشلىمىغانلىقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئاخىردا قول چوماقچىلار ئۇنىڭغا پاجىئەلىك زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە 1971 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۇنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىدى...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى تەرىپىدىن «قەغەز بويايدىغان زەھەرلىك مىكروب» دەپ ئاتالغان مەرھۇم شائىر نىمشېھىتنىڭ جەسىتى مۇزات دەرياسىنىڭ بويىدىكى تاشلاندۇق چوشقا قوتىنىغا خورلۇق بىلەن كۆمۈۋېتىلدى.

1979 - يىلى 3 - ئايدا ئۇنىڭ نامى شەرەپ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جەسىتى بايىغا يۆتكەلدى. باھار شامىلى بۇ خۇش خەۋەرنى «مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى» نىڭ دولقۇنلىرى بىلەن يىراقلارغا، تېخى ئۇنىڭ قەدىمى ۋە ئاۋازى يېتىپ بارمىغان جايلارغىچە ئېلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن زور بىر قىسىم ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى، مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمى ئارقا - ئارقىدىن بىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. 1957 - يىلى، 1962 - يىللىرى «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» مېنىڭ تەھرىرلىكىمدە شائىرنىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «شېئىرلار»



ناملىق توپلاملىرىنى نەشر قىلدى. 1980 - يىلى بېيجىڭ «مىللەتلەر نەشرىياتى» مەن نەشرگە تەييارلىغان «يۈرەك سۆزى» ناملىق توپلامغا يېڭىدىن تېپىلغان، بۇرۇن ۋە كېيىن يېزىلغان شېئىرلىرىدىن «پەرھاد - شىرىن داستانى» ۋە قىسمەن چۆچەكلىرى قوشۇلۇپ ئارقا - ئارقىدىن نەشر قىلىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

ۋەتەنپەرۋەر شائىر نىمشېھىت ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

# ئىلغار مائارىپچى، دراماتورگ ئابدۇللا روزى توغرىسىدا

تۇرسۇن بارات

بۇ يىل 18 - سېنتەبىر، ئوت يۈرەك شائىر — لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە سەپدىشى ئابدۇللا روزى ۋاپاتىغا 47 يىل توشتى. ئابدۇللا روزى ئۆز دەۋرىدە ئىلغار مائارىپچى، شائىر، دراماتورگ ۋە ئۇستا ئارتىس بولۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، مۇنىردىن غوجا قاتارلىق يولداشلار ئۇيۇشتۇرغان «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى ۋە تەشكىللاتچىسى ئىدى. ئۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى، يېڭى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش يولىدا قولىغا قەلەم ئالغان، سەھنىدىن ئىبارەت سورۇندىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان قەيسەر جەڭچى ئىدى.

ئابدۇللا روزى 1920 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ مەيشەت يېزىسىدا ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسى بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ جۇجاڭ مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئابدۇللا روزىنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى ئۇچتۇرپاندا ئۆتكەن. ئۇ

تارىخىي شەخسلەر



كىچىك ۋاقتىدا تولىمۇ زېرەك بالا بولۇپ، دىنىي مەكتەپتىلا ساۋاتى چىققان. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا نەۋائى، زەلىلى، مەشرەپ، ھۆۋەيدا، لۇتفى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايتتى. ھەتتا ئۆزىمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ يېزىشقا كىرىشكەنىدى. ئابدۇللا روزى 1937 - يىلى ئۇچتۇرپاندا ئېچىلغان ئۈچ ئايلىق ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1939 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرىغىچە ئىككى يىل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1939 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1941 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىفەندە ئوقۇدى. 1941 - يىلى 8 - ئايدىن 1942 - يىلى 6 - ئايغىچە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ماناس ناھىيىسىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىدا خىزمەت قىلدى. ئابدۇللا روزى ماناستا يېڭى مائارىپ، يېڭى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلىش، كەڭ ئاممىنى ئويغىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئابدۇللا روزىنىڭ بۇ خىل پائالىيىتىدىن گۇمانلانغان شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى «خىزمەت ئېھتىياجى» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئاقسۇغا يۆتكىۋەتتى. ئۇ، ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن ۋىلايەتلىك مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمىدە مۇپەتتىش، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى.

ئابدۇللا روزى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش جەريانىدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇلاردىن ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى ئۆگەندى، يۈرىكى ۋەتەن ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش شائىرلار بىلەن تونۇشتى. ماناستا خىزمەت قىلغان بىر يىل

ئىچىدە ماناس زىيالىيلىرىغا ئىنقىلاب داۋۇللىرىنى سۆزلەش بىلەن ئۇلار ئىچىدە ئاجايىپ ياخشى تەسىر قالدۇردى. ئابدۇللا روزى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدە مۇپەتتىش بولۇپ ئىشلىگەن يىللاردا ئاقسۇغا ھەرقايسى جايلاردىن سۈرگۈن قىلىنغان ئاتاقلىق بىلىم ئەھلىلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ ھېسابلىنىپ، تەقىب ئاستىدا ھايات كەچۈرەتتى. ئۇلار گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىۋاتقان تېررورلۇقىغا تىز پۈكمەي، گومىنداڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا، مىللىي كەمسىتىشىگە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇستەبىتلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ئاجايىپ زور ئىجادىيەت دولقۇنىنى قوزغىدى.

ئابدۇللار روزى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «تاھىر - زۆھرە»، «غېرىپ - سەنەم» ئوپېرالىرىنى سەھنىلەشتۈرۈپ، ئاقسۇ ۋە ئاقسۇنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىشىغا يېقىندىن ياردەم بەردى. جۈملىدىن، ئۆزى «ئۆگەي ئانا» ئوپېراسىنى يېزىپ ئاقسۇ كونىشەھەر، ئاقسۇ يېڭىشەھەر، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىرىنىڭ سەھنىلىرىدە ئويناپ، خەلقنى گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشقا قوزغىدى. يەنە ئۇ، دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا «ئۇيغۇر ئەدەبىيات دەرسلىكى» دېگەن كىتابنى يازدى ھەم «ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى مىللىي ئەدەبىيات» ناملىق ماقالە ۋە بىر قانچە شېئىر يېزىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئابدۇللا روزى 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەك بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ «ئۆگەي ئانا» ئوپېراسىنى ئويناپ بولۇپ قايتىش سەپىرىدە ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىغا بارغاندا قورچاق ساقچى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۇچتۇرپان تۈرمىسىگە سولىنىدۇ. ئۇ يەردە



25 كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئاقسۇ تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئابدۇللا روزى ئۇچتۇرپان تۈرمىسىدە ياتقان مەزگىلىدە ساقچى دائىرىلىرى ئۇنى كۆپ قېتىم سوراق قىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر پارچە خەت يېزىپ تۇغقانلىرىغا قالدۇرىدۇ. خەتتە: «مەن سىلەر بىلەن خوشلىشىپ ئاقسۇغا قايتىشىمدا، ئاقيار ساقچى سوسىنىڭ سوجاڭى ××× مېنى قولغا ئېلىپ، ئۇچتۇرپانغا قايتۇرۇپ كېلىپ تۈرمىدە 25 كۈن سولاپ قويدى. سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمىدى. بۈگۈن ئاقسۇغا ئېلىپ ماڭدى. ئاڭلىغان خەۋەردىن قارىغاندا، ئاقسۇدا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، مۇنىردىن غوجا، مەۋلانجان، تۇردىئاخۇن خەلپىتىم (مەۋلانجاننىڭ دادىسى) قاتارلىقلار قولغا ئېلىنىپتۇ. تۇغقانلار، چايان ھامان چاقىدۇ. پەخەس بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن ۋىدالىشىدىغان بولدۇم. خەير - خوش، رازى بولۇپ قېلىڭلار» دەپ يېزىلغان. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇللا روزىنى ئاقسۇ تۈرمىسىگە سولاپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلقنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بىلال ئەزىزى، مۇنىردىن غوجا باشچىلىقىدىكى ياش ئىنقىلابچىلار بىلەن قوشۇپ، 22 نەپەر كىشىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. ئەتىسى يەنى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۇچتۇرپان شۆبىسى» نىڭ ئەزالىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپنىڭ ئىنىلىرىدىن سېيىت ئابباس، ئارتۇق ئابباس، ئۆمەر قاسىم، ئىبراھىم مۆمىن، تۇراپ قارىي، ئابدۇللا ياقۇپ قاتارلىق 18 كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، مەشھۇر «19 - سېنتەبىر قانلىق ۋەقەسى» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ، ئېچىنىشلىق ۋەقەگە بۇ يىل 47 يىل بولدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇللا روزى ئەسەرلىرىدىن قېزىپ تېپىلغان بىر قىسىم شېئىرلارنى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇنىمىز.

ئابدۇللا روزىنىڭ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغۇچىلارغا ئەدەبىيات دەرسى بېرىش جەريانىدا تەمسىل قىلىپ ئېيتقان شېئىر، ماقال، ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن:

سەن ئۇياتما مەرىپەتنى ئۆگىنىۋردىن،
تۆنۈر جايىڭ بولمىسا، ياتار جايىڭ بولۇر تونۇردىن.

*　　*

بۇ ئادەمنىڭ ئېتىنى سورىساڭلار،
مەن ئېيتاي شەيخ ئىسلامدۇر.
گەر ئىسلامدىن بولسا ئۇ —
گېلىنى مۇنچە ئىسلامدۇر.

*　　*

سۈرىتى سۈرەت كەلسە، سۈرىتى ئىشان كېلۇر،
قوللىرى ئارى مۇسەللەك، چىشلىرى تىشاڭ كېلۇر.
سۈرىتى سۈرەت كەلسە، سۈرىتى ئاخۇن كېلۇر،
نەپ چىقمىسا داستىخاندىن، بەك پۇشايمان ئەيلەپ كېتۇر.

ئابدۇللا روزى 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچتۇرپاندىن ئاقسۇغا قايتىشىدا ئاقيار يېزىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاقياردا بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئەل - ئاغىنىلىرى «كۆچۈمە» دېگەن مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر دېھقانىنىڭ ئۆيىگە مەشرەپكە ئېلىپ بارىدۇ. كۆپچىلىك ئىچىدىن خەلچەم ئىسىملىك بىر ئايال ئابدۇللا روزىغا:

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
ئۆيگە مېھمان چۈشۈپتۇ،



مېھمان بىلەن كارىم يوق،
سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ

دەپ بىر نەچچە بېيىت ئوقۇپ چاي سۇنىدۇ. ئابدۇللا روزى مەزكۇر ئايالنىڭ چېيىغا جاۋابەن تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپ پىيالىنى ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ:

ئەتلەس كۆڭلەك، دۇخاۋا،
كىيىشلىرى چىرايلىق.
ئېگىز دەسسەپ، پەس دەسسەپ،
مېڭىشلىرى چىرايلىق.

قاشنى ئېتىپ كۆز تاشلاپ،
ئويناشلىرى چىرايلىق.
خۇش خۇي قىلغان نازلىرى،
گەپلىرى ھەم چىرايلىق.

قىزىلگۈلنى گۈل دەيدۇ،
ئانارگۈلگە يەتمەيدۇ.
ھەركىم ئۆزىنى داڭلايدۇ،
بۇۋى خەلچەمگە يەتمەيدۇ.

*　　*

ھەق ئادالەت ئالدىدا①

ھەي لەنىتى ۋەھشىي زالىم ئىستىبدات قاراقچىلار،
ئادەم سىياقى پەيلىنياتكى قان ئىچەر ماراقچىلار.
ياغاچ چېپىپ مىخلار قاقتىڭ ھەي پىتىنخور سوراقچىلار،

قۇتۇلمايسەن بەرمەي جاۋاب كى ھەق ئادالەت ئالدىدا.

مەن ئۆلۈپ كەتسەم جاھاندا مىڭ - مىڭلىغان ياشلار ئۆسۈر،
ۋەھشىي ئىپلاس تىرنىقىڭدىن بارچە ئىنسان قۇتۇلۇر.
ئەجدادىمىز جان پىدا قىپ كۈرەش بىلەن نۇر ياغدۇرۇر،
قۇتۇلمايسەن بەرمەي جاۋاب كى ھەق ئادالەت ئالدىدا.

جەزمەن كېلۇر پات يېقىندا، مەرد يىگىتلەر داۋان ئېشىپ،
تۈزۈپ كېتەر ۋەيلۇن دوزاخ، قورغانلىرى ھەم چېقىلىپ.
يوقسۇللارغا پارلاق قۇچاق قۇياش چىقار ھامان نۇرلار چېچىپ
قۇتۇلمايسەن بەرمەي جاۋاب كى ھەق ئادالەت ئالدىدا.

① بۇ شېئىرنى ئىنقىلابىي قۇربان ئابدۇللا روزى 1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچتۇرپان تۈرمىسىگە سولانغاندا تۈرمە تېمىغا يازغان. ئابدۇللا روزىنى ئاقسۇ تۈرمىسىگە يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن ××× ئىسىملىك دوسا تۈرمىنى تەكشۈرگەندە بۇ شېئىرنى ئۇچراتقان. ئۇ، شېئىرنى كۆچۈرۈۋېلىپ تامدىكى شېئىرنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. بۇ دوسا بۇ شېئىرنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ يېشقەدەم ئوقۇتقۇچى توختى ساۋۇتقا بەرگەن. مەن توختى ساۋۇتتىن ئېلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردۈم.

(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كادىرلار مەكتىپى)

# مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى

مۇتەللىپ سېيىت، ئادىل مۇھەممەت

مەكىت ناھىيىسى — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالىي مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبىي يەكەن ناھىيىسى بىلەن، غەربىي پەيلۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئارقىلىق يوپۇرغا ناھىيىسى بىلەن، قالغان تەرىپى پۈتۈنلەي تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ.

مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 15200 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە توققۇز يېزا ۋە بىر بازارلىق ھۆكۈمەتكە بۆلۈنگەن. 1991 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمىي ئاھالە نوپۇسى 141000 بولغان.

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەكىت (ھازىر «مەكىت» دەپ ئاتىلىۋاتقان جايلار) خەن خاقانلىقى (غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن خاقانلىقلىرى) دەۋرىدە سەپەر باي (خانلىق ئورنى مەكىتنىڭ غەربىي شىمالىي يەنى ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ) بەگلىكىگە قارىغان. ئۈچ پادىشاھلىق ۋە شىمالىي ۋېي خانلىقلىرى دەۋرىدە كۇسەن (خانلىق ئورنى ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىگە توغرا كېلىدۇ) بەگلىكىگە تەۋە بولغان، سۇي خانلىقى دەۋرىدە

يۇرت تارىخىدىن

سۇلى (خانلىق ئورنى هازىرقى قەشقەرگە توغرا كېلىدۇ) بەگلىكىگە تەۋە بولغان. تاڭ خاقانلىقى دەۋرىدە مەركىزي هۆكۈمەت بۇ جايلاردا سەپەر باي ئوبلاستىنى تەسىس قىلغان. يۈەن، مىڭ خاقانلىقلىرى دەۋرىدە ئاۋۋال بېشبالىققا، كېيىن يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خاقانلىقىغا قارىغان. چىڭ خاقانلىقى شىنجاڭدا ئۆلكە تۈزۈمىنى ئورناتقاندىن كېيىن، مارالبېشى، يەكەن قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق بىر بەگلىك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان بولۇپ، مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1928 - يىلى) غا كەلگەندە يۇقىرىقى جايلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ ناهىيە بولۇپ قۇرۇلغان.

مەكىت ناهىيىسى جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەهۋالىدىن قارىغاندا، ئۆزگىچە ئالاهىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ تەرىپى دەريا ئېقىنى (غەربىي جەنۇبى — جەنۇب - شەرق يۆنىلىشىدىكى تىزناپ دەرياسى ۋە غەربىي جەنۇب — شىمال - شەرق يۆنىلىشىدىكى يەكەن دەرياسى) بىلەن ئورىلىپ، بىر تەرىپى ئىپتىدائىي توغراقلىق ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ تۇرغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقە زور چەكلىمىگە ئۇچرىغانىدى. يەنى بىر يىلنىڭ كەلكۈن پەسلى (6 - ، 7 - ، 8 - ، 9 - ئايلار) دە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سۇغا تولۇپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قاتناش قولايسىزلىقى بىلەن قوشنا جايلار بىلەن كەمدىن - كەم باردى - كەلدى قىلىپ تۇرغان بولسا، كەلكۈن سۈيى تارتىلغان مەزگىل (10 - ئاينىڭ باشلىرىدىن تاكى كېلەر يىلى 6 - ئايغىچە) دە بىرقەدەر كۆپرەك ئالاقە قىلىپ تۇرغان. دېمەك، مانا شۇنداق تەبىئىي شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بۇ يەردە ياشىغان خەلقنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى قوشنا جايلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىماي، ئۆزىنىڭ



ئەنئەنىۋى (ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قالغان. ئەمما، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، بولۇپمۇ هازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە، كىشىنى هەيران قىلارلىق بىر ئەهۋال سۈپىتىدە، مەكىت خەلقىنىڭ مەدەنىي هاياتىدا ئىككى خىل ئامىل يەنى ئەنئەنىۋى (ئىپتىدائىي) مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ئامىلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يېقىنقى يىللاردىكى قاتناشنىڭ راۋاجلىنىشى سىرتقى جايلار بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇردى، بۇنداق ئەۋزەللىك ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماهىر بولۇشتەك پسىخىك ئالاهىدىلىكى بويىچە، مەكىت خەلقىنىڭ مەدەنىي هاياتى تېزلا بېيىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىز بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ تىپىك نامايەندىسى سۈپىتىدە، مەكىت ناهىيىسىدە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىش ئەهۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. ناهىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىت مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1928 - يىلى) ناهىيە بولۇپ قۇرۇلغان چاغدا، پۈتۈن ناهىيىنىڭ ئاهالە نوپۇسى 30000 ئەتراپىدا بولۇپ، خەلق ئاساسلىقى چارۋىچىلىق ۋە دېهقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىناتتى. قول سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۆزىدە ئىشلەنگەندىن سىرت، قالغان ئاز بىر قىسمى سىرتتىن كىرگۈزۈلەتتى.

مەكىت ناهىيىلىك هۆكۈمەت تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، ناهىيىلىك هۆكۈمەتكە تۇنجى بولۇپ شۆي ... دېگەن كىشى هاكىم بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا، ناهىيىلىك هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق

جاي بولمىغاچقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئابدۇرېھىم قازىم دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرغانىدى. ھۆكۈمەت قارىمىقىدا بىر قىسىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار كاتىبات بۆلۈم، خەلق ئىشلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئىسلاھات بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مائارىپ بۆلۈم مەكىت ناھىيىسىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن 1930 - يىلى جۇباشۇي (جۇيۇلىك) مەكىتكە ھاكىم بولۇپ كېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇش ئارقىلىق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەھكىمىسى (يامۇل) نى سالدۇرۇش بىلەن بىللە بىر سىنىپلىق شۆتاڭ سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغانىدىن كېيىنلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالىغانىدى.

1931 - يىلى مارتتا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل ئۆزگىرىشى» بىلەن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئىگىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئالتە بۈيۈك سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىقلارنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇش سىياسىتىگە خاتىمە بېرىلىش بىلەن بىللە، يېڭىچە پەن - مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭدا يېڭىچە پەن - مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1933 - يىلى 12 - ئايدا، قەشقەردە ئابدۇكېرىم خان مەخسۇم، زېرىپ قارى



ھاجى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

بۇ چاغدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى مىللىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي، ئاممىۋى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى پەن - مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن نادانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، يۈرەك باغرى قان - زەرداپقا تولغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان تەشنالىقى رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن قوللاپ، ھىمايە قىلىپ، پۇلى بارلار ماددىي ياردەم بېرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىشتەك قاينام - تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ھەممىلا يەردە يېڭىچە مەكتەپ، يېڭىچە مۇھىت بارلىققا كېلىشتەك پەن - مەدەنىيەت دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى مەسچىت، مەدرىسىلەردىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ۋەخپىلەر، ئۆشرە - زاكات، قۇربانلىق تېرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىرىممۇ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيتتى.

1933 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ، ئۇيۇشما قارىمىقىدا مەدەنىيەت بۆلۈم تەشكىل قىلىنغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ جاپالىق خىزمەت قىلىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى بىلەن بىر قىسىم يېڭى پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. يەنە بىر قىسىم دىنىي مەكتەپلەرمۇ پەننىي مەكتەپ بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. 1934 - يىلى ئابدۇللا ئاخۇن خەلپىتىم ئاچقان يېڭى پەننىي مەكتەپ بۇنىڭ تۇنجىسى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش

ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن باشلانغان مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى جەمئىيەت كەيپىياتىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغانىدى.

1950 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1951 - يىلى «ئاقارتىش يۇرتى» نامى بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئاساسى بولغان يېڭى بىر ئورگان قۇرۇلدى. بۇ چاغدا يەكەن ۋىلايەت بولۇپ مەكىت ناھىيىسى مەمۇرىي جەھەتتىن يەكەنگە قارايتتى. شۇ يىلى (1951 - يىلى) كۈزدە، يەكەن ۋىلايىتى سايىم بارات دېگەن كىشىنى مەكىت ناھىيىلىك ئاقارتىش يۇرتىنىڭ باشلىقلىقىغا ئەۋەتتى. سايىم بارات مەكىت ناھىيىلىك ئاقارتىش يۇرتىنىڭ تۇنجى مەسئۇلى ئىدى. مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى تاش روزىغا ياردەمچى قىلىپ بەرگەنىدى. لېكىن مەخسۇس ئىشخانا ۋە باشقا كېرەكلىك ئۆي مۈلۈكلىرى بولمىغاچقا، ئۇلار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ بۆلۈمى ئىچىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى ئارىيەت ئېلىپ ئىش باشلىغانىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان بۇ «ئاقارتىش يۇرتى» نىڭ تۇنجى قىلغان ئىشى — ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىدارە، ئورگانلاردىكى خادىملاردىن كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىق مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ، قىرائەتخانا ئېچىش بولدى. گەرچە بۇ ۋاقىتتا، ئارىيەت ئېلىنغان كىتاب - ژۇرناللارنىڭ تۈرى ئاز، سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن تۇنجى قېتىم ئېچىلغان قىرائەتخانا بولغاچقا، ناھىيە ئىچىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغاپ، قىزغىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەنىدى.



1952 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن، سايىم بارات يۆتكەپ كېتىلىپ، ئورنىغا شاھاپ (ئۆزبېك) ئاقارتىش يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا قىرائەتخانىنىڭ ئورنى بۇرۇنقىدىن كېڭەيتىلىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ «سەينا» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ كوچىسىدىكى ناۋات خېنىم دېگەن ئايالدىن مۇسادىرە قىلىنغان قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توسۇلۇپ، بىرسى قىرائەتخانا، يەنە بىرسى ئاشخانا قىلىنغانىدى. 1953 - يىلىغا كەلگەندە ئەمەت يەھيا ئاقارتىش يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىش ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇ، قىرائەتخانا ئېچىش بىلەن بىرگە يەنە قارا تاختاي گېزىتى ئىشلەپ، تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ باردى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە «ئاقارتىش يۇرتى» دېگەن نام «مەدەنىيەت يۇرتى» دەپ ئۆزگەرتىلىپ، مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى، مەكىت ناھىيىسىدە ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئاممىۋى تەنتەربىيە، تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بىر سىستېمىغا مەركەزلىشىشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغدا، مەدەنىيەت يۇرتى مەيلى كەسپىي خادىم جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدە بولسۇن تولۇقلىنىش، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش تەرىپىگە يۈزلەنگەنىدى. بولۇپمۇ 1954 - يىلى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات ئەترىتىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئوسمان قاسىمنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ يۆتكىلىپ چىقىشى بىلەن، بۇ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭمۇ مەدەنىيەت يۇرتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىملارنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە مالىيىدىكى قىيىنچىلىقلارنىمۇ ھەل قىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ناھىيە تەۋەسىدىكى ئەدەبىي-

يات - سەنئەتتە بىرقەدەر ئىقتىدارى بولغان كىشىلەردىن بۇۋىھاشى توختى، ئابدۇمۆمىن تۇردى، ئايىم سەمەت، بارات ھوشۇر، ئابدۇقادىر توختى قاتارلىقلار يۆتكەپ چىقىلغان، ئۆي جاھازلىرى كۆپەيتىلگەن، قىرائەتخانىغا يانداپ بىر كۇتۇپخانا سېلىنغان، 20 دانە قارا تاختا، ئىككى دانە خۇەندېڭ ئاپپاراتى، بىر بۆلۈم سەھنە لازىمەتلىكلىرى ھازىر-لانغان، ئاشۇ ئاساستا «يەر ئىسلاھاتى»، «ئۈچكە قارشى»، «بەشكە قارشى» ھەرىكەتلىرىگە زىچ ماسلاشتۇرۇلۇپ، قارا تاختاي، رادىئو، خۇەندېڭ، رەسىم، فوتو سۈرەت ۋە ئېغىز ئارقىلىق كۈچلۈك تەشۋىقات قانات يايدۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىستىپاقىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن يېزىلاردا سېلىنغان ھەرقايسى «يېزا كۇلۇبلىرى» دا ھەرخىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە تانسا كېچىلىكلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. مەدەنىيەت يۇرتى ئىچىدە يەنە بىلىيارت، دامكا، شاھمات، تىك - تاك توپ، ۋاسكېتبول، ۋالىبول قاتارلىق مەدەنىي تەنتەربىيە ئويۇنلىرىمۇ يولغا قويۇلغان.

مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن جاپالىق، ئۇزۇن مۇساپىلىك يوللارنى بېسىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلدى. 1973 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، 240 كىۋادرات مېتىرلىق مەدەنىيەت يۇرتى بىناسى سېلىندى ۋە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، گۈزەل سەنئەت ئۆيى، فوتو سۈرەت ئۆيى قاتارلىق تۈرلەر ئايرىم بۆلۈملەرگە ئايرىلدى.

1974 - يىلى 1 - ئايدا، قادىر ھوشۇر مۇئاۋىن مەدەنىيەت يۇرتى باشلىقى قىلىپ يۆتكەپ كېلىندى. بۇ ۋاقىتتا، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى كۆپىيىپ



سەككىز ئادەمگە يەتكەندى. 1975 - يىلدىن باشلاپ مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت ئۆيلىرى، دېھقان رەسساملار پائالىيىتى قاتارلىق خىزمەتلەر كۈچەيتىلدى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تەشكىللىنىشى بىلەن ئون كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئىشتىن سىرتقى تەھرىرلەر گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «دولان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى شاپىگراف بىلەن چىقىرىلىشقا باشلىدى. رەسىم سىزىش قولىدىن كېلىدىغان دېھقانلارنى يىغىپ ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتكە تەشكىللەپ، دەسلەپكى قەدەمدە سەككىز نەپەر خادىمدىن تەركىب تاپقان دېھقان رەسساملار قوشۇنى بارلىققا كەلتۈرۈلدى. يېزا - كەنتلەردىكى كۇلۇب ۋە قىرائەتخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىرگە 36 كەنتتە يېڭىدىن مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلدى. كەسپىي خىزمەتلەر چىڭ تۇتۇلۇپ، ياخشى شارائىت يارىتىلغانلىقتىن، كەسپىي خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئېشىپ، 1976 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىملىرىدىن لىياۋ تيەن، تۇرسۇن ئەزىزلەر قەشقەردىكى مۇھەممەت ھېيتىلار بىلەن بىرلىكتە قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ باغرىدا» دېگەن كىتابىنى رەسىملىك كىتابچە قىلىپ سىزىپ چىقىپ نەشىر قىلدۇردى.

1977 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيىمىزدىكى كەڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا ئىلھام بېرىش، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنىنىڭ پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۇنجى نۆۋەتلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ «مەكىت ناخشىلىرى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى مەتبەئەدە نەشىر قىلدى. دېقان رەسساملار ئۈچۈن يەنە بىر نۆۋەت رەسىم ئىجادىيەت كۇرسى ئېچىپ، كۇرسانتلار-

نىڭ ياخشى چىققان ئەسەرلىرىدىن 36 پارچىسى تاللاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىن يەنە مۇھەممەت قايىم، راخمان ھاپىز، بېلىقىز قاتارلىقلار سىزغان رەسىملەر مەملىكەتلىك كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، فرانسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا رەسىملەر كۆرگەزمىسىگە تاللاندى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەدەنىيەت خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتلىرىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1978 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە يانتاق يېزىسىدا تۇنجى مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 2 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ «دولاندا باھار»، «دولان شادلىقى» دېگەن تېمىلاردا ئىككى پارچە ھېكايىلار توپلىمى، «مەكىت خەلق چۆچەكلىرى» دېگەن چۆچەكلەر توپلىمى شاپىگرافتا بېسىلىپ تارقىتىلدى. يېڭى يېزىق بىلەن ئايدا بىر سان «دولان ئەدەبىياتى گېزىتى» نەشىر قىلىندى. تىراژى 1000 بولغان بۇ گېزىت جەمئىي 43 سان چىقىرىلغاندىن كېيىن، «دولان» ناملىق پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، تۆت سان چىقىرىلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېھقان رەسساملار قوشۇنىمۇ ئۇلغىيىپ سانى 27 نەپەرگە يېتىپ، شۇ يىلى سىزغان رەسىملىرى 80 پارچىغا يەتتى ھەمدە بۇ رەسىملەردىن 34 پارچىسى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تاللىنىپ «مەكىت - چاپچال دېھقان رەسساملار رەسىملىرىدىن تاللانما» غا كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدە سەييارە كۆرگەزمە قىلىندى.

1979 - يىلى مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى داڭلىق



يازغۇچى، شائىرلاردىن زوردۇن سابىر، ھاجى ئەخمەت، قاھار جېلىل قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ، ناھىيە بويىچە 3 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. شۇ يىلى يەنە مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خادىمى لى جيەن باشچىلىقىدىكى ھەرىكەتلىك خۇەندېك ئىشلىنىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەر كىنودىن بۇرۇن كەڭ ئاممىغا قويۇلۇش ئارقىلىق، كۈچلۈك تەشۋىق قىلىندى. كىشىلەر بۇنى ماختىشىپ «يەرلىك كىنو» دەپ ئاتاشقانىدى.

1980 - يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىلەن مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىرلىشىپ، ناھىيە بويىچە 4 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئاچتى. بۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 14 نەپەر دولان راۋابچىسى، ئۈچ نەپەر قالۇنچى، سەككىز نەپەر دولان غىجەكچىسى، 35 نەپەر نەغمىچى، ئىككى نەپەر ساتارچى، ئالتە نەپەر داستانچى، ئون نەپەر قوشاقچى، بەش نەپەر ناغرا-سۇنايچى تەكلىپ قىلىپ ئەلنەغمىچىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئېچىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، دولان مۇقام تېكىستلىرىنى رەتلەش، دولان ئەل-نەغمىچىلىرىنىڭ ۋارىسىنى تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئەلنەغمىچىلەرگە ئىلھام بەردى. شۇ يىلى ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى كۆرۈنەرلىك جانلىنىپ، دولان مەشرىپى، ئوغلاق تارتىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، سارغايدى ئويناش، پاپۇز ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

1981 - يىلى مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە چاقىرغان يېزا ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەت يىغىنىدا مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى، يانتاق يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ، بىر دانە 22 دىيۇملۇق رەڭلىك

تېلېۋىزور، بىر دانە ئۈنئالغۇ ۋە مەخسۇس لەۋھەلەر بىلەن مۇكاپاتلاندى. 1982 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايون بويىچە، مەكىت ناھىيىسىدە يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنى ئايرىپ، مەدەنىيەت يۇرتىغا تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە كۆلىمى 1171 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك خىزمەت بىناسى سېلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن، بۇ مەدەنىيەت يۇرتى تېخىمۇ ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولۇپ، ئۆزىدىكى كەم تۈرلەرنى تولۇقلاش بىلەن يۇقىرىنىڭ «مەدەنىيەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى تولۇقلاش» دېگەن ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەقلىق مۇلازىمەت كەسپىنى يولغا قويۇپ، سىنئالغۇ قويۇش ۋە رەڭلىك سۈرەت تارتىش قاتارلىق يېڭى تۈرلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە قوشتى.

1987 - يىلى مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى بىلەن بىرلىشىپ، دېھقان رەسساملارنىڭ ئۆگىنىش ئىجادىيەت كۇرسىنى ئېچىپ، قىسقىغىنا 45 كۈن ئىچىدە 80 پارچىدىن ئارتۇق رەسىم ئىجاد قىلىپ، ئاۋۋال ناھىيىدە، كېيىن ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، بېيجىڭ قاتارلىق ئورۇنلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ، جۈملىدىن گۈزەل سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ، كۆرگەزمىگە قاتناشقان چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1988 - يىلى مەركىزىي مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى مەكىت ناھىيىسىگە



«رەسساملار يۇرتى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئىلغار بولۇپ باھالاندى.

1989 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە مەكىت ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون بويىچە سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، يىغىنغا سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي خادىملاردىن ئىمىن ئەخمىدى، تۇرغۇن ئالماس، تۇرسۇن يۇنۇس، ئەخمەت ئىمىن، تۇرسۇنجان لېتىپ، تۇرغان شاۋۇدۇن، قۇربان مامۇت، تاش مامۇت، ئابدۇرېھىم سابىت، ئابلىز ئۆمەر قاتارلىقلار قاتناشتى.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن 1978 - يىلى 5 - ئايدا يانتاق يېزىسىدا تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئۇ نەچچە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ناھىيە بويىچە توققۇز يېزىدا مەدەنىيەت مەركىزى، مەدەنىيەت پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 131 كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيلىرى بارلىققا كەلدى.

## 2. ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىت ناھىيىسىدە كۇتۇپخانىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 1950 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تارقىتىۋېتىلىپ، 1951 - يىلى «ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ تۇنجى ئىشى — قىرائەتخانا ئېچىش يەنى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىدارە، ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملاردىن كىتاب - ژۇرنال ئارىيەت ئېلىش يولى بىلەن ئېچىش بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ قىرائەتخانىنىڭ 124 پارچە كىتابى، مۇشتىرى بولغان 16 خىل

گېزىت - ژۇرنىلى بار ئىدى. مۇقىم ئورۇن بولمىغاچقا، شەخس-لەردىن مۇسادىرە قىلىنغان قورۇدىن ئورۇن ھازىرلاپ قىرائەتخانا ئېچىلغان بولۇپ، بۇ مەكىت ناھىيىلىك كۇتۇپخا-نىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى. قىرائەتخانا باشقۇرۇش جەھەتتە، ئەينى ۋاقىتتىكى «ئاقارتىش يۇرتى» نىڭ باشقۇرۇ-شىدا بولۇپ، ماھىيەتتە بۇ «ئاقارتىش يۇرتى» نىڭ شۇ چاغدىكى ئاساسلىق خىزمەت تۈرى ئىدى. لېكىن، مەكىت ناھىيىسىدە كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولدى. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا، پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ناھايىتى ئاز بولۇپ، نەشىر قىلىنىدى-غان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سانىمۇ چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتنىشى قولايسىز بولغان مەكىتتەك چەت جايغا يېڭى كىتاب - ژۇرناللارمۇ ۋاقتىدا كەلمەيتتى، ئۆزىدە بولسا نەشىر قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

1953 - يىلى «ئاقارتىش يۇرتى» ناھىيىلىك «مەدەنى-يەت يۇرتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، مەدەنىيەت يۇرتى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتىن تولۇقلىنىپ تەرتىپكە سېلىنىپ، دائىرىسىمۇ كېڭىيىش بىلەن بىرگە زۆرۈر بولغان لازىمەتلىكلەرنى ياساتتى، 1954 - يىلىغا كەلگەندە قىرائەتخانا كېڭەيتىلىپ كۇتۇپخانا بولۇپ قۇرۇلدى. ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ، 1973 - يىلىغا كەلگەندە، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشى كېڭەيتىلىپ ياسىلىپ، كۇتۇپ-خانا مەخسۇس بۆلۈم بولۇپ ئايرىلدى، 1985 - يىلى ناھىيى-لىك خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىلەن ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنى ئايرىدى. قادىر ھوشۇر كۇتۇپخانىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك كۇتۇپخانا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك



خەلق ھۆكۈمىتى دۆلەت مەخسۇس كۇتۇپخانا سېلىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن 100 مىڭ يۈەن پۇلغا يەرلىك مالىيە-دىن 90 مىڭ يۈەن قوشۇپ، كۆلىمى 660 كىۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، بالىلار قىرائەتخانىسى، ئارخىپخانا ۋە ئىشخانا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سېلىپ، مەنقۇلاتلارنى تولۇقلاپ بەردى. كەسپىي خادىملارمۇ كۆپىيىپ يەتتە كىشىگە يەتتى. ھازىر بۇ كۇتۇپخانىنىڭ ھەرخىل تۈردىكى 20 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب، مۇشتىرى بولغان 196 خىل گېزىت - ژۇرناللىرى بار.

ناھىيىلىك كۇتۇپخانىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھەرقايسى يېزىلاردىكى مەدەنىيەت پونكىتى، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە، كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا قۇرۇلغان بولۇپ، يېزا كۇتۇپخانىلىرىدا 3000 دىن 6000 پارچى-غىچە ھەر خىل كىتاب، نەچچە ئون خىل مۇشتىرى بولغان گېزىت - ژۇرناللىرى بار. كەنت مەدەنىيەت ئۆيلىرىدە 500 دىن 2000 پارچىغىچە ھەرخىل كىتاب، ئون نەچچە خىل مۇشتىرى بولغان گېزىت - ژۇرناللىرى بار.

3. ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىت ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى 1953 - يىلى شەھەر ئىچىدىكى بىر شەخسنىڭ كۆلىمى 50 كىۋادرات مېتىرمۇ كەلمەيدىغان قورۇسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەكىت ناھىيى-سىدە تۇنجى قېتىم بارلىققا كەلگەن شىنخۇا كىتابخانىسى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، كىتابخانىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ئۈچ نەپەر بولۇپ، ئۇلار ھەر يىللىق كىتاب تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. قاتناش قولايسىز، كىتابلارنى توشۇش

ئارىلدىقى يىراق، تارقىتىش دائىرىسى كەڭ ھەم تەكشىسىز بولغاچقا، خىزمەتلەر ئۈنۈمى بولمايتتى جاپالىق بولاتتى.

كىتابخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا مەنقۇلاتلار كەم، ئادەم كۈچى ئاز، ماددىي كۈچى ئاجىز بولۇپ، مۇقىم مەبلىغى 2000 يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەن، نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، كىتاب سېتىشتىن چىققان ئوبوروت دېگەندەك ياخشى بولمايتتى، شۇڭا خەلقنىڭ كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىنىمۇ قامدىيالمايتتى. يىللىق كىتاب ساتقان سوممىسى 5000 يۈەندىنمۇ ئاشمايتتى، بۇ چاغدا كىتابخانىنىڭ دىرېكتورى شۈي سىڭگۈي ئىدى.

1956-يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كىتاب ماتېرىياللارغا بولغان ئېھتىياجىنى، كىتابخانىنىڭ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى كۆزدە تۇتۇپ، شەھەر مەركىزىگە 60 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كىتاب سېتىش دۇكىنى ۋە بىرنەچچە ئېغىز ئامبار، ئىشخانا سېلىپ بېرىپ، زۆرۈر بولغان مەنقۇلاتلارنى تولۇقلاپ بەردى. بۇ ۋاقىتتا خىزمەتچى خادىم سانىمۇ كۆپىيىپ بەش نەپەرگە يەتتى، مۇقىم مەبلىغى 15000 يۈەندىن ئاشتى. بۇ چاغدىكى كىتابخانىنىڭ دىرېكتورى دەي جىڭبياۋ ئىدى.

گەرچە بۇ ۋاقىتتا، كىتابخانىنىڭ كۆلىمى كېڭەيگەن، ئادەم، مەبلەغ سانى ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، جۈملىدىن كىتابقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يەنىلا تۆۋەن بولۇۋاتاتتى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قىيىنچىلىق-



لارنى بىر-بىرلەپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1960-يىلى بىر نەپەر كەسپىي خادىم قوشۇپ بەردى. 1961-يىلى ئىسما-يىل تالىپنى كىتابخانىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەش بىلەن كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1970-يىلى 60000 يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 2500 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جايغا كىتابخانا سېلىپ بەردى. بۇ چاغدا، كىتابخانىنىڭ مۇقىم بەبلىغى 100000 يۈەنگە، يىللىق ئوبوروت سوممىسى 45000 يۈەنگە يەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل مەكىت ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش جەريانى بولدى.

1981-يىلى 3-ئايدا، لىپى سۈي كىتابخانا دىرېكتورى بولغاندىن كېيىن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قارىتا تاللاش، يېتەكلەش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق كەسپىي خادىملارنى ئىشقا قويدى. بۇنىڭ بىلەن كىتابخانىنىڭ ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئېشىپ، يىللىق ئوبوروتى 80000 يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ چاغدا، كىتابخانىنىڭ ئىشچى-خىزمەتچى سانى يەتتە نەپەرگە يەتتى.

1985-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى ۋە مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە 150000 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئىككى قەۋەتلىك يېڭى كىتابخانا بىناسى سېلىپ بەردى. خىزمەت شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. ئوبوروتنى ئېشىرىش، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش نىشان قىلىنغان بىر مەزگىللىك جاپالىق خىزمەت 1988-يىلى كىتابخانىغا دىرېكتور بولغان يۈسۈپ قۇربانىنىڭ ياخشى باشلامچىلىقى ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، شۇ يىللىق ئوبوروت

سومىسىنى 273000 يۈەنگە يەتكۈزدى. ناھىيىلىك كىتابخانىنىڭ يېتەكلىشى ۋە ياردەم بېرىشى بىلەن يانتاق، غازكۆل، تۈمەنتال ۋە قىزىلئاۋات قاتارلىق بىر قىسىم يېزىلاردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى قارمىقىدا ۋەكالىتەن كىتاب سېتىش شۆبە دۇكانلىرى قۇرۇلدى.

4. ناھىيىلىك «دولان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى

مەكىتتە 1933 - يىلى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈم ناھىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىپ سەنئەت ۋاستىسى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش يولىنى تۇتقانىدى. ئۇلار قويۇق مىللىي پۇراققا، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان سەنئەت نومۇرلىرى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. 1936 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما خادىملىرىدىن روزى ئايۇپ، سىدىق ئەپەندى ۋە سەنئەت ھەۋەسكارلىرىدىن جالالىدىن ھاجى قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مەكىت خەلقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىشتىن سىرتقى «سانايىنەپىسىسى» قۇرۇلۇپ، دولان خەلقى ئارىسىدا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بىخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى.

شېڭ شىسەي ئالتە بۈيۈك سىياسىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىناق ئۆتۈش شوئارى بويىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن تۈزۈلگەن بىرلىكسەپ سىياسىتىگە ئاساسەن زور بىر تۈركۈم كوممۇنىستلار شىنجاڭغا ئەۋەتىلدى. ئۇلاردىن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق كىشىلەردىن ئاز ساندىكىلىرى ئۈرۈمچىدە قالغاندىن سىرت، كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ



ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ئىشلىدى. شۇ قاتاردا يولداش شۈي لياڭ 1940 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە مەكىتتە ھاكىم بولۇپ ئىشلىگەنىدى. شۇ مەزگىلدە، ئۇ، خەلققە نۇرغۇن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشتىن تاشقىرى يەنە مەدەنىي - مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ تۆھپە قوشقانىدى. ئۇ ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ۋە ئىلغار گېزىت - ژۇرناللارنى تېپىپ كېلىپ، مەكىتتە ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. شىيەنلى① مەكتەپكە بېرىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تونۇتتى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى سانايىنەپىسەنى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەھۋالى مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ، ئۆزى باشچىلىق قىلىپ 45 كۈن شەھەر - يېزىلارغىچە بېرىپ ئويۇن قويۇپ، مەكىت خەلقى ۋە زىيالىيلارنى ئويغىتىپ فاشىزمغا ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە ئازادلىق ئارمىيىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلىدى.

1941 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى قادىر خەلپىتىم، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئابدۇقادىر ھېيىت، ئابدۇرشىت ئىمىن باشچىلىقىدا قايتا قۇرۇلغان دولان سانايىنەپىسەسى تۇختى سۈپى، مۇللىباقى ئابدۇكېرىم ھەيرانى، ئۇلۇغ تۇردى، مىجىت نىياز، تاجىنىسا ئىمىن، كېرەم ھاجى، قاسىم ئاخۇن ساتتار، ساۋدىر چاڭچى، قادىر داپچى، ئابدۇكېرىم تەمبۇر، ئىنايىتۇللا ئىمىن، نۇردۇن مۇھەممەت، ئۇبۇل ھاشىم، ئىسمايىل مۇھەممەت، ئېلى موللاق، قادىر ياقۇپ، ئىسمايىل ئىشان، ئابباس

① شىيەنلى — ناھىيىلىك مەكتەپ.

تىللا، سەمەت سەمەر، روزىخان ئەخمىدى، تۇرسۇنجان، مەلىـ
كەم، خەلىچە ياقۇپ، ئىسمايىل ساتتار قاتارلىق تالانتلىق
ئارتىسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار ياپونغا قارشى
تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە يەنە بەدىئىيـ
لىكى يۇقىرى، خەلق ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان «غېرىپ - سەنەم»
«تاھىر - زۆھرە»، «گۆلنسا»، «چىمەنگۆل»، «كۆرەش قىزى»،
«ئارشىن مال - ئالان»... قاتارلىق كومېدىيە، دراممىلارنى
ئويناپ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشـ
كەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، دولان سانايىنەپىسەسى يەنە خەلقـ
نى ئۇيۇشتۇرۇپ فېئودال قالدۇق كۈچلەرگە، گومىنداڭنىڭ
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدىغان
ئىنقىلابىي روھقا ئىگە سەنئەت نومۇرلىرىنىمۇ تەييارلاپ
ئوينىغانىدى. 1947 - يىلى ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ
مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئاببas تىللا مۇنداق شېئىر يېزىپ
سەھنىلەشتۈرگەنىدى:

چىللاڭ توخام، چىللاڭ توخام،
خەلقىم ئويغانسۇن.
ئاسارەتنىڭ زۇلمىدىن،
چۆچۈپ ئويغانسۇن.
ئەرزىم دوستلارغا...
........................

جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، خەلق ئازادـ
لىق ئارمىيىسى غەلىبىسېرى ئىلگىرىلەپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتـ
چىلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان، گومىنداڭنىڭ ۋەتەن
ساتقۇچ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مەزـ
گىلدە خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىدىغان يۇقىرىقىدەك ئىنقىلابىي
روھقا ئىگە ئىلغار نومۇرلارنىڭ سەھنىدە ئوينىلىشى گومىنداڭ



ھۆكۈمىتىنىڭ مەكىت ناھىيىسىدىكى غالچىلىرىنى ئالاقزادە قىلىـ
ۋەتتى. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتىكى دەي ياچىڭ باشچىلىقىدىكى
گومىنداڭنىڭ غالچىلىرى ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە بولغان مۇھىرـ
دىن نىياز، ئابدۇرىشىت ئىسلام، ئاببas تىللا، ئابدۇقادىر
ھېيىت، نۇردۇن مۇھەممەت، ئىمىن كېرىم ھاجى، ھەسەن
بارات، سالى ھاجى قاتارلىق 28 نەپەر زىيالىيىنى «توپىلاڭـ
چى ئۇنسۇرلار» دېگەن بەدنام بىلەن قولغا ئالدى. بۇنىڭ
بىلەن، بىر مەھەل يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشنى بېشىدىن كەچۈرگەن
ئەدەبىي سەنئەت دولقۇنى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارا قولى
بىلەن جىمىقتۇرۇۋېتىلدى.

1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گومىنداڭ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشلامچىـ
لىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ۋەكاـ
لىتەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى،
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نامىنىڭ «شىنجاڭ ۋاقىتلىق خەلق
ھۆكۈمىتى» گە ئۆزگەرگەنلىكىنى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمـ
تىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مانا بۇ،
شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ نامايەندىسى
ئىدى. شۇندىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى
ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان جەمئىيەتنىڭ خوجاـ
يىنلىرىغا ئايلاندى. شىنجاڭ ئاسمىنىدىكى قارا بۇلۇت تارقاپ
پەن - مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى قايتىدىن
جانلىنىشقا باشلىدى.

1951 - يىلى مەكىت ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىشتىن سىرتقى دولان سەنئەت
ئۆمىكى قايتا قۇرۇلۇپ، «شىنجاڭ بۇلبۇلى» دەپ نام ئالغان
داڭلىق ناخشىچى پاتەم قۇربان، تۇردى روزى، دەنا ئالماس،

تۇرنىسا تۆمۈر قاتارلىق تالانتلىق سەنئەتكارلار قوبۇل قىلىندى. بۇنداق ئىجتىھاتلىق سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ كۆپلەپ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئىشتىن سىرتقى دولان سەنئەت ئۆمىكى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلغان، خەلق ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتكە ماس ھالدا خەلققە نىسبەتەن ياخشى تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىغانىدى.

1957-يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئۆمەك ئابدۇۋەلى ھوشۇرنىڭ باشچىلىق قىلىشىدا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىسمى-جىسمىغا لايىق بىر ئاممىۋى تەشكىلاتقا ئايلاندى. بۇ چاغدا، سەنئەت خادىملىرىنى تەشكىللەش، يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى ئىجادىي نومۇرلارنى ئىشلەشكە يېتەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن، دولاننىڭ مىللىي سەنئىتى، دولان مۇقامى، دولان ئۇسسۇللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان يېڭى نومۇرلار ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. «كېپەنلىك ئەرۋاھ»، «يېتىملار يېشى»، «پىچاق»، «باي ۋە مالاي»، «گۈلنىسا»، «غۇنچەم»، «تۇرمىدىكى غەزەپ ئوتى»، «ل. مۇتەللىپ»، «تاغنى تارتىۋېلىش» قاتارلىق كومېدىيە، دراممىلارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشى زور مۇۋەپپەقىيەتكە، خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ چاغدا يەنە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مىللەتلەر ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۆمەكلەردىن ئاتاقلىق كومپوزىتور، ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى، دراماتورگلار، ئىجادىيەت خادىملىرى ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى بولغان دولان دىيارىغا ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ



يېڭى ئىجادىيەت نومۇرلىرىنى ئىشلەپ سەھنىلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە دولان خەلقىنىڭ مۇقامى، دولان ئۇسسۇلى، دولان ئويۇنلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت-سەنئەت نەمۇنىلىرىنى مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە تونۇشتۇردى. ئەمما، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشى بىلەن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان سەنئەت ئىشلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، دولان سەنئەت ئۆمىكى 1967-يىلى تارقىتىۋېتىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، 1979-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى 30 كىشىلىك كەسپىي شتات تەستىقلاپ بېرىپ، مەكىت ناھىيىلىك دولان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قايتا قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. يېڭى دەۋردە يېڭىچە تۈس ئالغان بۇ ئۆمەك زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزىدىكى بارلىق ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئۇلار يېڭىدىن ئىجاد قىلغان «دولان ۋادىسىدىكى بىر جۈپ قارلىغاچ»، «خۇشال مەشرەپكە ماڭدىم مەن»، «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ياخشى»، «دولان قىزى»، «مەنزىلگە يېتەيلى»، «دولان بالىسى»، «مول-ھوسۇل شادلىقى»، «پاختىكار قىز»، «باغۋەنگە مەدھىيە»، «دولان قويى ياخشى» قاتارلىق ناخشا-ئۇسسۇل، «سايرا قالۇنۇم»، «دولان بۇلبۇلى»، «پاختىزارلىقتا» قاتارلىق مۇزىكىلار، «باخشىنىڭ سىرى»، «قاپقان ۋە ۋىجدان»، «مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولايلى» قاتارلىق كومېدىيىلەر سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، يېڭى دەۋر-

دىكى جانلىق تەشۋىقاتچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكىت ناھىيىلىك «دولان ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى» زور تىرىشچانلىق بىلەن مەزمۇنى مول، سۈپىتى ياخشى سەنئەت نومۇرلىرىنى تىرىشىپ ئىجاد قىلماقتا.

# قۇتلۇق كۈندىكى ئالقىش سادالىرى

(شائىر ئا. ئۆتكۈرنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن خاتىرە)

**مۇھەممەت ئەيسا**

1993-يىلى 7-ئاينىڭ 8-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتىنىڭ باشلامچىلىقىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىشىپ ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى، ئالىم ۋە ئەدىب، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

**ئۇچۇرلار**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئىبراھىم روزى، پاشا ئىشان،

سابىق مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن قەمبەرخان ئەمەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى ئىسمايىل تىلىۋالدى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى قاسىم ھېممەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قېيىيۇم تۇردى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئاۋۇت توختى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىكى باشقا پېشقەدەم رەھبەرلەردىن سىدىق مۇسايۇپ، ئەنۋەرخان بابا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت شاۋۇدۇن قاتارلىق كىشىلەر يىغىن سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

بۈگۈنكى يىغىنغا شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، ئۇستازلىرى، يېقىن دوستلىرى، شاگىرتلىرى، قەلەمداش - پىكىرداشلىرى ۋە كەڭ ئەدەبىيات سەنئەت، نەشرىيات، مەتبۇئات، تەشۋىقات ساھەسىدىكى تونۇش - بىلىشلىرى، ئالىملار، ئەدىبلەر، يازغۇچى - شائىرلار، ئەدەبىي ئوبزورچىلار، تەھرىرلەر، مۇخبىرلاردىن بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت ئىككىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تارىم ژۇرنىلى» نىڭ باش مۇھەررىرى يولداش مۇھەممەت شاۋۇدۇن يىغىننىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ئاتاقلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە مەخسۇس ئاتاپ تىكتۈرۈلگەن تون ۋە دوپپا كىيدۈرۈلدى. تون كىيدۈرۈش مۇراسىمىدىمۇ قاراسلاپ



ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئالقىش چاۋاكلىرى ئۇزۇنغىچە ئۈزۈلمىدى.

ئارقىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنى تەبرىكلەپ تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى. ئىبراھىم روزى ئۆز سۆزىدە: ئاتاقلىق شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر پارتىيىمىزنىڭ يېقىن دوستى، زامانىمىزنىڭ پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك شائىرى. بىر دەۋرنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگۈچى ئۆتكۈر يازغۇچى دەپ باھا بەردى ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئاتاقلىق شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، ئىجادىيەتتە يەنىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىنى تىلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى قادىر ئەكبەر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت ئىدىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ، يازما نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ، ئۆز سۆزىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي يولى، جاپالىق ئىزدىنىش جەريانى، ئىجادىيەت ئەخلاقى، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدىغان ئېسىل پەزىلىتى توغرىلىق كىشىنى قايىل قىلارلىق سۆزلىدى. ئارقىدىن «تارىم ژۇرنىلى» نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ‹قەشقەر كېچىسى› داستانى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ ئۆز ماقالىسىدە «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ‹قەشقەر كېچىسى› داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر چوڭ كۆۋرۈك. شۇنداقلا ئۇ

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك›، ئەلىشىر ناۋائىنىڭ ‹پەرھاد - شېرىن›، «لەيلى - مەجنۇن»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ‹رابىئە - سەئىدىن›، موللا شاكىرنىڭ ‹زەپەرنامە›، موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ ‹چاڭمۇزا يۇسۇپخان› داستانلىرىدىن كېيىن مەيدانغا چىققان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلىنىدىغان مەشھۇر داستاندۇر» دەپ باھا بەردى. ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى، ئاجايىپ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە تەسىرلىك نۇتقى بىلەن كۆپچىلىكنى بىردىنلا ئۆزىگە جەلپ قىلغان شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ياش مۇدىرى، دوتسېنت ئازاد سۇلتان «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ رومانچىلىق ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ ماقالىسىدە مۇنداق دېدى: «يولداش ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يالغۇز ئۆز شېئىرلىرىدىكى جانلىق، يارقىن شېئىرىي ئوبرازلىرى پەلسەپىۋىلىككە باي، چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شېئىرىي پىكىرلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە داڭلىق شائىر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە داڭلىق يازغۇچىدۇر. ئۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن مەشھۇر خەلق قەھرىمانى تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى ئىككى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئاشۇ ئىككى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شەكىللىنىش، كۆتۈرۈلۈش، تەرەققىي قىلىش، غەلىبە قىلىش، ئاخىرىدا بېرىپ ھالاك بولۇشتەك بىر قاتار تارىخىي جەريانلىرىنى تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان ‹ئىز› ۋە ‹ئويغانغان زېمىن› رومانلىرىنى تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىقتى. بۇ ئىككى پارچە رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر قاتار تارى-



خىي ۋە بەدىئىي قىممىتى بىلەن كىتابخانلار قەلبىنى بىردىنلا لەرزىگە سېلىپ، ناھايىتى زور ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلدى. ‹ئىز› رومانى ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم، «ئويغانغان زېمىن» رومانى ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم نەشر قىلىنىپ تىراژى شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ يۈكسەك پەللىسى بولۇپ قالدى. بۇ رومانلاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى، سيۇژېت قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، پېرسوناژلار ۋە مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش، ئەسەرنىڭ تىلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنىمۇ بىر قىسىم رومانلارغا سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە يۇقىرى تۇرىدۇ».

يۇقىرىقى ماقالىلەرنىڭ ئوقۇلۇپ بولۇشىغا زالدا يەنە قىزغىن چاۋاكلار ياڭرىدى. بولۇپمۇ ئازاد سۇلتان قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھاسى، يۈرگۈزگەن چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرى بارلىق كىتابخانلارنىڭ يۈرەك سادالىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى.

يىغىن داۋام قىلماقتا ئىدى. يىغىن رەئىسى يىغىن تەرتىپى بويىچە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن شائىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، شائىر ئابدۇسالام توختى، شائىر تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن قاتارلىق يولداشلار شائىرغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلدى. ئارقىدىن شائىر جاپپار ئەمەت، مەھمۇت زەيىدىلەر شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولىغا ئاتاپ يازغان قەسىدىلىرىنى ئوقۇشتى.

ئاخىرىدا، يىغىن رەئىسى ئىختىيارىي نۇتۇق سۆزلەشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، يىغىن زالى يەنە بىر قېتىم خۇشاللىق چاۋاكلىرىغا تولدى. كىشىلەر شائىرغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن پىكىر قىلىشقا ئىنتىلمەكتە

ئىدى. سۆزنى ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئىبراھىم مۇتىئى باشلىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 40 - يىللاردىكى ئۇستازلىرىدىن بولغان بۇ مويسىپىت بوۋاي ئالدى بىلەن بىر چاقچاق قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ 1940 - يىللاردا شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئەھۋالىنى، شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشىش يولى ۋە دەسلەپكى شېئىر ئۇسلۇبىنى تونۇشتۇرۇپ، بەزى تارىخىي خاراكتېرلىك چۈشەنچىلەرنى بەردى. ئارقىدىن شائىر ۋە تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرىدىكى ئىجتىمائىي مەزمۇن ۋە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەققىدە؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى، ئەينى دەۋردىكى شائىرنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى بولغان شائىر ۋە دراماتورگ شۈكۈر يالقىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ۋە قۇرداشلىرى بىلەن بولغان ئىناق مۇناسىۋىتى ھەققىدە؛ ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماچاڭفا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قېيۇم تۇردى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئاۋۇت توختى قاتارلىق يولداشلار شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ئىناۋىتى، ئىجادىيىتىدىكى توغرا يولى، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ سىياسىتىنى ھىمايە قىلىش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقى ھەققىدە؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى كومىتېتىدىن خالىق ساقى، رازىيە خانىملار ئابدۇرېھىم



ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى جاپاغا چىداش روھى، چىدامچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقى ھەققىدە؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئوبۇل ئىسلام ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشتا داۋاملىق قوللايدىغانلىقى ھەققىدە قىزغىن سۆز قىلدى. ئىختىيارىي سۆز قىلغۇچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى. يىغىن باشقۇرغۇچىلار ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سانىنى چەكلەپ، يىغىن كۈنتەرتىپى بويىچە شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە ئىختىيارىي سوۋغا تەييارلىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ سوۋغا تەقدىم قىلىشىنى جاكارلىدى. يىغىننىڭ ھاۋالىسى بىلەن ياش يازغۇچى دىلدار ئەزىز پاتىپاراق بولۇپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلار ۋە شەخسلەر ئەكەلگەن سوۋغاتلارنىڭ تىزىملىكىنى بىر باشتىن ئوقۇدى. ئىسمى چىققان ئىدارە، ئورگانلاردىن بىردىن ئادەم چىقىپ ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى شائىرغا تەزىم بىلەن ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلدى.

ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە! يۇقىرىقى ئىشلار قىلىنىپ بولغۇچە سائەت 5·30 بولۇپ قالدى. ئەمما يىغىننىڭ كەيپىياتى ئاجايىپ قىزغىن، ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدە خۇشاللىق يېشى پىلدىرلاپ تۇراتتى. شۇدەم قەلبى چەكسىز ھاياجانغا تولۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالغان شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستازلىرى، قۇرداشلىرى، ئىشداشلىرى، قەلەمداشلىرى ۋە شاگىرتلىرىدىن چەكسىز پەخىرلەنگەن ھالدا يىغىن ئەھلىگە چوڭقۇر سالام بەردى. ئۇ شۇدەم چەكسىز شادلىقتىن، چوڭقۇر ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا ئۆزۈنسىز تەلەپپۇز بىلەن «رەھمەت»، «رەھمەت» تىن باشقا سۆزنى

دېيەلمەدى، ئۇ بارلىق ھاياجان، شادلىق، رەھمەت-تەشەككۈرگە تولغان ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن يىغىن ئەھلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھۆرمەت ھېسسىياتىغا جاۋابەن مۇنۇ ئىككى كۇپلېت رۇبائىسىنى ئوقۇپ سۆزىنى تۈگەتتى:

ئۆستۈردى قويىندا مېنى شۇ تۇپراق،
ئۆلسەممۇ، ماڭا ئۇ بولغۇسى يۇمشاق.
شۇ ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇلۇغ نېمە بار؟
سىغمايدۇ كۆكسۈمگە بۆلەك ئىشتىياق.

بۇلبۇل ئېيتۇر، گۈلزارىمدىن ئايرىما،
لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمدىن ئايرىما.
مەن ئېيتۇرمەن: بېلىق سۇسىز نە قىلسۇن،
مېنى خەلقىم قۇچاقىدىن ئايرىما.

مانا بۇ شائىرنىڭ مۇشۇ يىغىن سەھنىسىدىكى، ئۆزىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ قۇتلۇق كۈندىكى ھەقىقىي، چىن، ساپ ۋە سەممىي ھېسسىياتى، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ قەلەمداشلىرى، شاگىرتلىرى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلاردىن كۈتكەن چوڭقۇر ئۈمىدى، ھەقىقىي يۈرەك سۆزى ئىدى.

责任编辑：迪里达尔·艾则孜
编辑：
封面设计：吐尔迪哈迪贝·纳孜尔

新疆文史资料选辑（37）
（维吾尔文）
中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料委员会　编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮编：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　9印张　2插页　千字
1994年2月第1版　1994年2月第1次印刷
印数：1——2,400

ISBN7—228—02735—3/K·286　定价：3.00元